
# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION



1996·3



راۋاب ساداسى

غەيرەت ئەيسا فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
45 - يىل نەشرى 1996 - يىل 3 - سان (ئومۇمىي 220 - سان)

## بوستاندا


### مەخسۇس ماقالە

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە تەرەققىياتى ...... مۇھەممەت زۇنۇن 2

### مەدەنىيەت - سەنئەت گۈلزارى

شىنجاڭنىڭ 1995 - يىللىق مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار ...................... ئومىن يولاق 14

### ئەدەبىيات گۈلزارى

ئەسرار دېڭىزىدىن تامچىلار ........................................ ئەخمەت ئىمىن 17
مەنسۇرسۇن سۇلايمان، ئابلىكىم مۇھەممەت، ئەخمەتجان خوما، ئابدۇغېنىجان سەيپىن
تەڭرىنىڭ ئوغلى . . . . . . . . . . (تارىخىي ھېكايە) ...................... ئابدۇللا ساۋۇت 31
شائىر ئەمەس مەن . . . . . . . . . . (چاتما شېئىر) ...................... مۇھەممەد رەھىم 42

### ئۇيغۇر موقاملىرى تەتقىقاتى

خەلقىمىزنىڭ مۇزىكىلىق ئەخلاق دەرسلىكى...................... مۇكەررەم مۇسا 44

### سەنئەتكارلىرىمىز

ئابدۇشۈكۈر كېرىمنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى بېيجىڭدا كۆرگەزمە قىلىندى.............. رىسالەت مۇھەممەت 50

### ئاممىۋى مەدەنىيەت

ئاممىۋى مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ...................... ئا. ئابدۇكېرىم، غ. ئابدۇللا، ئو. ھامۇت، غ. ئۆمەر 51

### ئەينەك

يېزىدىكى ئىللەتلەر ...................................... نىزامىدىدىن مۇسەيىن 53
يېزىدىكى ئەبگارلىق ...................................... تەكلىماكانى 68
دۆڭگۈرۈكتىكى پاراڭلار ...................................... ھاجى قۇتلۇق قادىرى 73

### سادا

بىر چالچالتىن تۇغۇلغان گويلار ...................................... شېلا يۇلىن 80


مۇقاۋىدا: ئىلتىجا، ئادىل ئىسمائىل فوتوسى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت [illegible]
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە بېجىرگۈچىسى: قۇربان مامۇت

# شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر






مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پروفېسسور)


رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى پروگراممىسى توغرىسىدا دوكلات» ىدا: «مەدەنىيەت خىزمىتىدە ‹خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، يۆنىلىشىدە ۋە ‹بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش، فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، باش مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ‹بەش بىر قۇرۇلۇشى› نى ياخشى تۇتۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى-مىزنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مەدەنىيەتكە ئىنتىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز. 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، جايلاردىكى كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى قاتارلىق مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى تىرىشىپ ئوبدان باشقۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىمىز» دەپ

مەخسۇس ماقالە

ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانى ۋە نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغ ئىسلاھات ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدا تۇرغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەم پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى رىقابەتكە يۈزلەندۈرۈپ، قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي زامانلاردىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلگەن بەدىئىي ئۇسلۇبىنى ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا، ھەم ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مۇھاكىمىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قاتار نەزەرىيىۋى، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئالدىمىزغا قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك:

**1. شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش لازىم.**

پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدا: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە جىددىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدىكى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال ۋە قۇدرەتلىك كاپالىتى بولۇپ، بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ بۇ شانلىق نەزەرىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان دېڭ شىياۋپىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شىياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تۈپ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى. ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تارىخىي بۇرچىنى تېخىمۇ توغرا يىغىنچاقلاپ، ئۇنى ساغلام تەرەققىيات يولىغا سالدى. يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزدىكى پروگراما خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەتتۇر. يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش - بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە توغرا كىشىلىك دۇنيا قارىشى تۇرغۇزۇپ، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادنى چىڭىتىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىمىزنى كۈچەيتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىملەرنى ئىگىلىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ بىزنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ بىرلىكىدە، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، گۈللىنىشى، مەدەنىيەتلىك بولۇشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان

قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالدۇر.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئانىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت هاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىدە ياشنايدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا ياكى بۇ خىل مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا، سەنئەت هاياتىمىز نابۇت بولىدۇ. خەلق سەنئەتكە موهتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موهتاج. شۇڭا خەلق تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال، باش تېما، سيۇژېت، تىل، هېسسىيات ۋە گۈزەللىك ئېلىپ، خەلقنىڭ تارىختىكى قەهرىمانانە روهىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش كېرەك، بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى» دەپ كۆرسەتكەندى. شۇڭا، هەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىمىز؛ قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، جانلىق، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدهىيىلەيدىغان، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە خەلقنىڭ روهىي دۇنياسىنى، دەۋر رىتىمىنى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى هەقىقىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەهسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېهتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، هەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى هەقىقىي ئىپادىلەيدىغان، هەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيە جارى قىلدۇرۇلغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ - شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى هەقىقىي تۈردە گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى.

**2. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاهاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.**

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساهەسىدە هازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاهاتتا بەزىبىر پايدىلىق سىناقلار ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئۆمەك باشلىقلىرىنى ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ، قىسمەن هۆددىگە بېرىش قاتارلىق ئىسلاهات تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا ئىسلاهاتنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا بولۇپ مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى. لېكىن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساهەسىدىكى ئىسلاهاتنىڭ چوڭقۇرلاشماسلىقىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە، مېنىڭچە، تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ:

بىرىنچىدىن، قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئىسلاهاتنىڭ چوڭقۇرلاشمىغانلىقى، دادىل ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى، ئۈزۈل - كېسىل بولمىغانلىقىدا؛ بىر تەرەپلىمە هالدا شىنجاڭنىڭ ئالاهىدىلىكى ۋە مۇقىملىق تەكىتلىنىپ هازىرقى هالەتتىن قانائەتلىنىش، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ساقلانغانلىقى، يېڭىلىق يارىتىشتىكى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتىكى، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاهات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى پىكىر يوللىرىنى توسۇپ قويىدىغان بېكىنمە ئىدىيە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونىچە كۆز قاراشلار چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا؛

ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت قوشۇنى ئىسلاهات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاز بولمىغان سەنئەت ئەسەر (نومۇر) لارنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆهپە قوشقان بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېهتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. تۈرلۈك ژانىردىكى سەنئەت ئەسەر (نومۇر) لار سان - سۈپەت جەهەتتىن ئېهتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت خىزمىتىمۇ يېڭى ئەهۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

نامۇۋاپىق، كونا مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسىدىكى قاتماللىق، بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرى تاماشىبىنلارغا يىللاپ تۈزۈك ئويۇن قويمىسىمۇ، بىر تىيىن ئىقتىسادىي كىرىم قىلمىسىمۇ، ئۆمەك خادىملىرىنىڭ مائاشى بىلەن مۇكاپات پۇلى ئوخشاشلا تارقىتىلىۋېرىدىغان «ئىشلىمەي چىشلەش» تەك تەڭ تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رىقابەت، خەۋپ تۇيغۇسىنى، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش هەم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئىقتىدارىنى

ئاجىزلاشتۇرۇپ، سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە، ئېكران، بازار ھەم خېرىدار تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي تۈردە شەكىللەنمىگەچكە، ھازىر بىر مۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى خەلقتىن ئايرىلىپ قالماقتا. خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپ خىللىشىشى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تاللىشىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيتمەكتە. نەتىجىدە، ھەر خىل تىپتىكى كىنو - تىياتىرخانىلار ھەر قېتىمدا تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولىدىغان ھالەت يوقالماقتا؛ بولۇپمۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى ھازىر ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. ئەمدى مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى پۈتۈن زېھنىمىزنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرمىساق، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئۆلچەم ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقىغا، يېڭى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراشتىن ئىبارەت. بۇ ئارقىلىق جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتتە گۈللەپ ياشنىغان ياخشى ۋەزىيەتنى يارىتقىلى بولىدۇ.

مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى بولۇپ، مەدەنىيەت - سەنئەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچى تارماقلار بىلەن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق بەلگىلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەكىللىك - نەمۇنىلىك خاراكتېرىگە ئىگە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى، ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەنئەت ئۆمەكلىرىنى باشقۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، كارخانىلار بىلەن بىرلىشىش يولىغا مېڭىشى، دۆلەت باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆپ خىل يول بىلەن سەنئەت ئۆمەكلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشى لازىم. سەنئەت ئۆمەكلىرىدە خادىملارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى بۆسۈش نۇقتىسى قىلىپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، تەقسىمات، خادىملارنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە داۋاملىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلغان ھالدا مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملەر بىلەن سەنئەت ئۆمەكلەر ئىسلاھاتىنى ئىلمىي ئاساستا، قانۇن يولىغا سېلىش لازىم. سەنئەت ئۆمەكلىرى بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، بۇرۇنقىدەك مەمۇرىي رايون ياكى مەمۇرىي دەرىجە بويىچە سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىدىغان باقىۋەندىلىك دەرىجە تۈزۈمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسى بويىچە دەرىجە بېكىتىدىغان، دۆلەتتىن بېرىلىدىغان مەبلەغ تەقسىماتىنى ئومۇمىي سەنئەت سەۋىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىش، قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ئىككىلەنمەي قالدۇرۇش لازىم. ئىلمىي ئۇسۇلدا باھالاپ دەرىجىگە ئايرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى، كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ياخشى تەڭشەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنى يېڭى تەرەققىيات يولىغا، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تەلىپىگە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان قىلىش لازىم.

مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سىستېمىلىق چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ئىسلاھاتى، كىنو - تېلېۋىزىيە ئىسلاھاتى، مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتى، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىسلاھاتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۈملىدىن، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلار بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ ساھەلەر ئۆز ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئىسلاھات لايىھىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، دادىل سىناق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى لازىم.

**3. سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن مەدەنىيەت بازىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالىي پرىنسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.**

سوتسىيالىستىك سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۈپ مەقسىتى - جەمئىيەتنى باي، خىلمۇ خىل، ساغلام، پايدىلىق مەنىۋى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، يولداش جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك: «كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋە يېتىلدۈرۈش»تىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بۇ تۈپ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى سەنئەت مەھسۇلاتلىرى، مەنىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى تاۋار شەكلىدە مەدەنىيەت بازىرى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا تەقدىم قىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى سەنئەت مەھسۇلاتلىرى، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ. لېكىن سەنئەت مەھسۇلاتلىرى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، ماددىي مەھسۇلات بىلەن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەقىقىي سەنئەت مەھسۇلاتلىرى نوقۇل ھالدا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلەنمەيدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرى ئادەتتىكى بازار بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ماددىي مەھسۇلات بازارلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزىگە خاس تەلەپكە ئىگە. ھەر قايسى مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت بازىرىنىڭ بۇ خىل ئىككى ياقلىما خۇسۇسىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ماددىي تاۋار بازىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆلۈك ھالدا مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشقا كۆچۈرۈپ كەلمەسلىكى لازىم. مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتا، بىر تەرەپتىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، بازار مېخانىزمىنىڭ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان ئاكتىپ تەڭشەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئاكتىپ ماسلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ھەر تەرەپلىمە تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىش، يەنە بىر تەرەپتىن، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. خاراكتېرى، قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان سەنئەت تۈرلىرىنىڭ قىممىتى ۋە تەرەققىياتىنى بازار بىلەنلا ئۆلچىگىلى، بازار بىلەنلا ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگىلى، ئوخشىمىغان سەنئەت تۈرلىرى ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرىنى پەرقلەندۈرمەي قارا - قويۇقلا بازارغا يۈزلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ماددىي تاۋار بازىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت بازىرىغا بولغان ماكرو جەھەتتىكى يېتەكچىلىكى تېخىمۇ مۇھىم ۋە كۈچلۈك بولىدۇ.

كۇتۇپخانا، مۇزېي قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تۈرلىرىگە، نەمۇنىلىك - ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سەنئەت ئۆمەكلىرى، نەپىس سەنئەت، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىگە قارىتا دۆلەت مەبلەغ سېلىپ بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ ۋە يۆلەيدۇ.

سوتسىيالىستىك سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش مۇلازىمەتلىرىدە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالىي پرىنسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، كۆپ ھاللاردا ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولسىمۇ، بەزىدە ئەكسىچە بولىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەت بازىرىغا نىسبەتەن ماكرو جەھەتتىكى تەڭشەشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆپ خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەربىيىۋى ئۈنۈم، ئەقلىي - بىلىم بېرىش ئۈنۈمى، كۆڭۈل ئېچىش ئۈنۈمى، ئېستېتىك ئۈنۈملەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەزىدە بىۋاسىتە ئەمەلگە ئاشىدۇ، بەزىدە ۋاسىتىلىك ھالدا، كىشىلەرنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى تار دائىرىدە چۈشىنىشتىن ساقلىنىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىر - بىرىگە قارشى قويماسلىق، ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم؛ شۇنداقلا مەلۇم مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىلا كۆزلەپ،

ئۇزۇن مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە سەل قاراشتەك بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتىپ، تەرەققىيات ئۆلچىمى نەزىرى بىلەن قىسقا مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم قارىمۇ قارشى كېلىپ قالغان ئەھۋالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈم چوقۇم ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە شەرتسىز بويسۇنۇشى لازىم.

**4. دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش لازىم.**

ھەر قانداق دەۋر، ھەر قانداق ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان ئاساسىي مېلودىيىسى، بىر پۈتۈن ئىدىيە - مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان دەۋر روھى بولىدۇ. رېئال تۇرمۇشنىڭ ھەرىكەتچان ئېستېتىك ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭمۇ ئاساسىي مېلودىيىسى بولۇشى لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىدۇر. مۇشۇ ئاساسىي مېلودىيىگە ماسلاشقان ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق روھىنى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىرادىسىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش جاسارىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك.

دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىشمۇ كۆپ خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش دېگىنىمىز - جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزمنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلقنىڭ بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشىگە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى؛ سەمىمىي ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش» دېگىنىدەك، خەلق مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ئىدىيە ۋە روھلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىدۇر.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش مول مەزمۇنلۇق، باي ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ بارىدۇ. جۈملىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمۇ تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش بىلەن بىللە تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا، ۋەقە، ژانىر، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە خىلمۇخىل، رەڭمۇرەڭ بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ خىل، يېڭىچە ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلىشنىمۇ ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يول قويۇش لازىم.

دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئاممىسى تەربىيە - ئىلھام ئالىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان، ئېستېتىك زوق ئالىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە ئىلھام بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. قىسقىسى، ئاساسىي مېلودىيىنىمۇ ياڭرىتىش، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىمۇ تەشەببۇس قىلىش - ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش بىلەن تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. بۇ، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش - ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مول مەنبەسى، دەۋرنىڭ تەلىپى - ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىپادىلىگەن، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنى خەلق قىزغىن ئالقىشلايدۇ. سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تىرىشىپ ئىپادىلىگەندىلا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى دەۋر رىتىمىغا ماسلىشالايدۇ. تۇرمۇشتىن، دەۋردىن، خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلغان بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى گەرچە بىر مەھەل بازار تاپسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ تارىخ تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ، ئىستىقبالى خۇنۈك بولىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىش بىلەن تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشى، ھەر خىل خاتا پىكىر ئېقىملىرىغا سەزگۈرلۈك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، تەربىيىلىنىشنى

كۈچەيتىشى، مۇنەۋۋەر تارىخىي مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى نەتىجىلەرنى ئىگىلىشى، شۇ ئاساستا ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. شۇندىلا ئۇلار دەۋرىمىزگە مۇناسىپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە، ئوبزورچىلىقنى كۈچەيتىش، ھەر خىل مۇكاپات تۈرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇكاپاتلارنىڭ يۈكسەك نوپۇزىنى تىكلەش، مۇكاپات باھالاش، تارقىتىشتىكى ھەر خىل ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي چەكلەش - تۈگىتىش لازىم. مۇنەۋۋەر - نادىر ئەسەرلەرگە نىسبەتەن مەدەنىيەت تارماقلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەش، جامائەت پىكرى جەھەتتە قوللاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

**5. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانى بويىچە يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم.**

ئېلىمىز دېھقانچىلىق دۆلىتى. مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 80%تىن كۆپرەكى دېھقان. شۇڭا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «يېزىلاردا زامانىۋىلىشىش بولمىسا، جۇڭگودا زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ» دېگەنىدى.

نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى نىشان قىلىپ، يېزا خىزمەتلىرىنىمۇ شۇ ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ، بىزنى يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. مەدەنىيەت جەھەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ كونكرېت پىلان، كۆڭۈلدە سان بولۇشى لازىم.

پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى ۋە جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، يېزىلاردا مەدەنىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن:

1. مەدەنىيەت ئىشلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ يەرلىك مالىيە چىقىمىدا مۇۋاپىق نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇشى؛

2. دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ئىستېمال سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇشى، دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ئىستېمال سەۋىيىسى ئىچىدە مەدەنىيەت ئىستېمالى بەلگىلىك نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇشى؛

3. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بولۇشى؛

4. كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى كىتاب - ژۇرناللار شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇرالايدىغان بولۇشى؛

5. مەدەنىيەت بازىرىنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى بەلگىلىك ئۆلچەمگە، سىستېمىغا چۈشكەن بولۇشى، تىجارەت بەلگىلىك دائىرىگە يەتكەن بولۇشى؛

6. مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى، ئىقتىدارلىق، مۇقىم مەدەنىيەت قوشۇنى بولۇشى، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ شتاتى مۇۋاپىق ھەل بولغان بولۇشى؛

7. كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت ئىشلىرى راۋاجلانغان، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر داۋاملىق مەيدانغا چىققان بولۇشى؛

8. مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان، كۆپ خىللاشقان، مەزمۇنى ساغلام، دېھقانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك.

يېزىلاردا مەدەنىيەت جەھەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنىڭ ئۆلچەم - تەلەپلىرىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەر قايسى جايلار تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، تەكرار ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئاساسى ۋە نوپۇس سانىغا ماس كېلىدىغان مەدەنىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۆلچەملىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، جۈملىدىن بۇ ئۆلچەملەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پىلان - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم.

يېزىلاردا مەدەنىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار «مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە قۇرۇش»، «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىش، بالىلار ئاممىۋى مەدەنىيىتى بويىچە «مامكاپ پىلانى» نى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئەسىر ھالقىيدىغان نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە 19 ئۆلكە - شەھەردە «مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان «مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش» ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئۆتكەن يىل مەملىكەت بويىچە 66 ناھىيە «مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە» بولۇپ تەقدىرلەندى. بۇ يىل يەنە مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيىدىن 100 نى باھالاپ تەقدىرلەش بېكىتىلدى. بۇ ناھىيىلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرى مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە

قۇرۇش» پائالىيىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرگۈسى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتكە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس ئۇقتۇرۇش چىقاردى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت «جۇڭگو مەدەنىيەت گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى»دا ئېلان قىلىنغان «مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتايلى» دېگەن ماقالىسىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەدەنىيەتتە نەمۇنە ناھىيە قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن «چېگرا رايون يىپەك يولى مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 〔1995〕 111 - نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يىپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى پىلانى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق 30 تارماق ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يىپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورىنى بىرلىكتە قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى ماقۇللىدى ھەمدە بۇ خىزمەتكە مەخسۇس رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى» نى بۇ يىل 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

بالىلار ئاممىۋى مەدەنىيىتى بويىچە ئىشلەپ بېرىلىۋاتقان «مامكاپ پىلانى» ئاپتونوم رايونىمىزدا «قار لەيلىسى بالىلار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتىلىپ، سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. بۇ ئۈچ چوڭ يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت ساھەسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئومۇمىي ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە، ئورتاق ئىشلەپ بارىدىغان جەمئىيەت ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، يېزا ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا. بۇ ئۈچ چوڭ يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش جەريانىدا قىلىنىدىغان خىزمەتلەر ئىنتايىن كۆپ ۋە مۇشەققەتلىك.

مەدەنىيەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانى بويىچە ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇش تەرەققىيات پىلانىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش لازىم.

1. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانا بولۇش، ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى بولۇش، ھەممە كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش» نى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. بۇ بىر مۇھىم ۋەزىپە. ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخى 46 ناھىيە (شەھەر) دە كۇتۇپخانا قۇرۇلمىدى. مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئىچىدە پونكىت قۇرۇلۇش كۆلىمى دۆلەت ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن ئەڭ تۆۋەن چەك (200 كۋادرات مېتىر) دىن ئاشىدىغىنى ئومۇمىي سانىنىڭ 40% كىمۇ يەتمەيدۇ. شۇڭا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېزىلاردىكى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. بولۇپمۇ يېزا - بازار مەدەنىيەت ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى يېزا - بازار ئومۇمىي قۇرۇلۇش ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپ بېرىش كېرەك. بۇ قۇرۇلۇشقا سەل قاراشقا، ئېغىزدا سۆزلەپ قويۇپ ئەمەلىيەتتە قىلماسلىققا قەتئىي بولمايدۇ.

2. يېزىلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش كېرەك. بۇ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ھازىر 57 ناھىيىدە سەنئەت ئۆمىكى بار. بۇ، يېزا مەدەنىيىتىدە زور قوشۇن، ئەلۋەتتە. ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى تايانچلىق رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن يېزىلاردا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترەتلىرى بار. بۇ خىل سەنئەت ئەترەتلىرىنى كېڭەيتىش، تولۇقلاش، مۇستەھكەملەش لازىم. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ «مەشرەپ»، «ئاقىنلار ئېيتىشىشى»، «نادام بايرىمى» قاتارلىق ئەنئەنىۋى سەنئەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئۇنى ساغلام، مۇقىم تەرەققىيات يولىغا سېلىش لازىم. مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت تۈرلىرىنى ساقلاپ قالغان، تەرەققىي قىلدۇرغان يېزا، ناھىيىلەرگە مەخسۇس نام بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەت تۈرلىرىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مەسىلەن، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەكىت ناھىيىسىگە «دولان مۇقامى ناھىيىسى» دەپ نام بەردى. مۇشۇ خىل باھالاش، نام بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك.

كىنو سەنئىتى - دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. خادىملارنىڭ شتات كۆرسەتكۈچى، كىنو ئاپپاراتى، قاتناش قورالى قاتارلىقلار ھەل بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىنو قويۇش ئەترەتلىرى دېھقان - چارۋىچىلار رازى بولغان ئەھۋالدا بىلەت سېتىپ كىنو قويۇش، ئومۇمىي كىرىمدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىش، ھۆددىگە ئېلىپ كىنو قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ كىنو كۆرۈش تەس بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشى لازىم.

3. ئەدەبىيات - سەنئەتنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۈزلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەشكىللەش، ئەڭ ياخشى ئويۇن (نومۇر)لار بىلەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش - تەشكىللەش، يىللىق ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىنىڭ 60% نى يېزا - قىشلاقلاردا ئويۇن قويۇش ئارقىلىق ئورۇنداشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى قىلىش كېرەك. مەدەنىيەت يۇرتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرى، كۇتۇپخانىلار ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يىلى مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىشى، يېزا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خادىملىرىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

4. مەدەنىيەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا يەنە 1 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش قىيىنچىلىقى تېخى ھەل بولمىدى، مەدەنىيەت جەھەتتە تېخىمۇ نامرات. شۇڭا، پۈتۈن جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەبلەغ، ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يېزىلاردا مەدەنىيەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ھازىر پۈتۈن مەملىكەت جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا يېزىلارغا كىتاب تەقدىم قىلىش، سىستېمىلار بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ياردەم بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەر يولغا قويۇلۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇ خىل ئەمەلىي ئۈنۈمى زور تەدبىرلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئۇنى جەمئىيەتكە - ھەر قايسى ئىدارە - ئورگان، شىركەت، جامائەت تەشكىلاتلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغىچە كېڭەيتىپ ۋە يۈزلىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دېھقان - چارۋىچىلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي تۈردە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. بۇ خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشتە، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەبلىغىنى مەدەنىيەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقىمۇ ئىشلىتىش لازىم.

**6. بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، بىر قولدا باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش لازىم.**

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ تەدرىجىي ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، تىجارەت خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇش، ماھارەت كۆرسىتىش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق نەشىر بۇيۇملىرىنى تارقىتىش، توپ ۋە پارچە سېتىش، ئىجارىگە بېرىش، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىش، ئىجارىگە بېرىش، ئاڭلىتىش ۋە كۆرسىتىش، كىنو فىلىملىرىنى تارقىتىش ۋە قويۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى تىجارىتى، تىجارەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت - سەنئەت كۆرگەزمىسى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت كۇرسلىرى، مەدەنىيەت ۋاستىچىلىكى، چەت ئەللەر بىلەن تىجارەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنى ئاساس قىلىپ، شەخسلەر بىلەن بىرلىكتە باشقۇرىدىغان مەدەنىيەت بازىرى شەكىللەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. مەدەنىيەت بازىرى ئېلىمىز ئومۇمىي سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم قىسمى. مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، مەدەنىيەت - سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا.

مەدەنىيەت بازىرىدا سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدا ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەر خىل ئاممىباب ئەدەبىيات - سەنئەتنىمۇ بىللە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈلگەندىن بۇيان ئاممىباب ئەدەبىيات - سەنئەت ئالاھىدە تېز تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ

بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، مەدەنىيەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. شۇنداقلا ئاممىباب ئەدەبىيات - سەنئەتتە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى، بۇنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. لېكىن ئاممىباب ئەدەبىيات - سەنئەتتىمۇ سۈپىتى ناچار، مۇقامى چۈشكۈن، مەزمۇنى ساغلام بولمىغان، تەقلىد قىلىنغان، سەنئەت جەھەتتە پىشمىغان ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭغا نىسبەتەن سىياسەت، قانۇن ۋە تەربىيە ئارقىلىق يېتەكلەش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئاممىباب ئەدەبىيات - سەنئەتنى ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا سېلىش لازىم.

ئېسىل، ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ بەلگىسى، ئۇزۇن تارىخىي مەزگىللىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مېۋىسى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسىدۇر. ئۇ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشنى ئاساس قىلىشتىن مەقسەت - دەۋر ۋە مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەنئەت گۆھەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخى خەزىنىسىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت. مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنداق ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت گۆھەرلىرىنى دۆلەت مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت نۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىدا ئاسرايدۇ، يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ.

ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن ئاممىباب ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئورنى، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئورنى، مەدەنىيەت بازىرىدىكى رولى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئوخشىمىغان باشقۇرۇش تەلىپى ۋە ئوخشىمىغان سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ئاممىباب ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، بىر - بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، خەلق ئاممىسى ھەر ئىككىسىدىن تەڭ ھوزۇرلىنىدىغان ئاۋات مەنزىرىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلار ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىش، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش، يەرلىك تۈسكە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت تىجارەتلىرىگە ئىلھام - مەدەت بېرىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىغا داغ تەگكۈزىدىغان، مەزمۇنى ئەكسىيەتچىل، شەھۋانىي بولغان، فېئودال خۇراپاتلىق، قاتىللىق، زوراۋانلىق، قىمارۋازلىق تەرغىب قىلىنىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە تەرەققىياتقا پايدىسىز بولغان ھەر قانداق مەدەنىيەت تىجارىتى مەنئى ۋە بىكار قىلىنىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشتا بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، بىر قولدا مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاشنى چىڭ تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - سانلىق يىغىنىدا: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ماقۇللاندى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈن - سىن بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» يولغا قويۇلۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن يولىغا سېلىندى. بۇ «مىزان» دا، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ خاراكتېرى، يېتەكچى ئىدىيىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئېنىق بېكىتىلدى، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. «مىزان» نىڭ ماقۇللىنىشى مەدەنىيەت بازارلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، باشقۇرۇش، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا چوڭ رول ئوينايدۇ.

مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتا «مىزان» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر خىل ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ۋە باج سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ياخشى ئىقتىسادىي مۇھىت بىلەن تەمىنلەش لازىم.

**7. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاچقۇچ - يېڭىلا مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەتچىلەرنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش**

**ئۇچۇن ئۇلارغا ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشتە.**

پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا ئازادلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىدا غايەت زور تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ھەر قايسى مىللەتلەردىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلار مەيدانغا كېلىپ خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە قالتىس زور تۆھپە قوشتى. ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى خەلق ئۇنتۇمايدۇ، تارىخ ئۇنتۇمايدۇ. نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە تالانتلىق ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئورۇندىغۇچىلار كەمچىل بولماقتا. كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغىنى يوق. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ئەسىر ھالقىيدىغان ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپىمىز بولۇپ تۇرماقتا. ياش ئىختىساسلىق سەنئەتكارلار سەنئەت ئىشلىرىمىز-نىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى. بىز سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق سەنئەتكارلار - مۇنەۋۋەر كىنو، تىياتىر ئەسىرى يازغۇچىلىرى، كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار ئارتىسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت تارماقلىرىدا مۇئەييەن پىلان، كۆڭۈلدە سان بولۇشى، ھەر خىل يوللار بىلەن تەربىيىلەشكە ماھىر بولۇشى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىش، قەدىرلەش، ئاسراشنى بىلىشى لازىم.

سەنئەت كۆپ ھاللاردا شەخسنىڭ ئەمگىكى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. سەنئەتتە شەخسىي تالانت زور رول ئوينايدۇ. تالانت ئىگىلىرى خەلق ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا تالانت ئىگىلىرىنى بىخ - مايسا ھالىتىدە بايقاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىغا داۋاملىق يېڭى قان تولۇقلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئاكتىپ تۈردە ھەر قايسى جايلاردىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈشى ۋە قوبۇل قىلىشى لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مەدەنىيەت تارماقلىرى ئېيجىلىك، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، سەنئەتتە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ياراتتى. ئۇلار ھاسىل قىلغان بۇ ياخشى تەجرىبىنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ھەر قايسى مىللەتلەر چارە - تەدبىر تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش يولىدا مېڭىشى لازىم. ئۇلاردىن كېلىپ چىققان تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، تەرەققىيات ئىستىقبالى زور. سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك سەنئەت مەكتەپلىرىدە نىشانلىق تەربىيىلەش، جايلارنىڭ يەرلىك سەنئەت ئالاھىدىلىكى، سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، بىر -بىرىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاش تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتىكى بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتە، بىز يەنە دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خەنزۇ ئەدىب - سەنئەتكارلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدىب - سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىشى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ بىرلىكتە ئىجاد قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. ئۆز ئارا ئۇستاز تۇتۇش ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم تەجرىبە بولۇپلا قالماي، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتىمۇ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئۈنۈملۈك چارىدۇر. بىز بۇنى ئاڭلىق تۈردە تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. تالانتلىق سىنارىست - دراماتورگلار، ئەدىبلەر، كومپوزى-تورلار، رېژىسسورلار، داڭلىق ئارتىسلار شۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ۋەكىلى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر. ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز، بولۇپمۇ ياشلاردىن دەۋر ھالقىيدىغان ئاتاقلىق ئىجادىيەتچى-لەر بىلەن سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە بۇ خىزمەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. سەنئەت قوشۇنىنى داۋاملىق يېڭىلاش، يېڭى قان كۆپەيتىش، سەنئەت تۈر - شەكىللىرى بويىچە نۇقتىلىق تەربىيىلەشتە بالىلار ئىچىدىن تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئاقسۇ، قەشقەر، كۇيتۇڭلاردىكى سەنئەت مەكتىپى ۋە سەنئەت سىنىپلىرىنى ۋە شىنجاڭ «ئاق تېرەك» ئۇسسۇلچىلەر سەنئەت ئۆمىكىنى ياخشى باشقۇرۇش؛ تالانت ئىگىلىرىنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە

ئوقتىلىق تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەدەنىيەت- سەنئەت خىزمىتى جەريانىدا، بىلىمگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە، سەنئەتكە، سەنئەتكارلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىلىشىگە كەڭ يول ئاچىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا تۆھپە قوشقان ئىجادىيەتچى - سەنئەتكارلارنى تەقدىرلەش، ئۇلارنىڭ ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن ئىجابىي تىرىشچانلىقىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. ھەر خىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ھازىرقى مەدەنىيەت - سەنئەت قوشۇنىمىزنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تالانت ئىگىلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىش، ئاسراش ئارقىلىق ھەر مىللەتنىڭ زور بىر تۈركۈم تالانت ئىگىلىرى قوشۇنىنى شەكىللەندۈرگەندىلا، زور قوشۇن ئەۋزەللىكى بىلەن روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يېڭى ۋە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرگىلى، شۇ ئاساستا مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ.

**8. ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى - مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى تەرەققىياتىنىڭ تۈپ كاپالىتى.**

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى - ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى. مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق. ئىتتىپاقلىقتىن ئۇيۇشۇشچانلىق، جەڭگىۋارلىق، ئەقىل - پاراسەت، ئىجادچانلىق بارلىققا كېلىدۇ. ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرى بىردەك ئىتتىپاقلاشقاندىلا، مەدەنىيەت - سەنئەت سېپىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، زېھنىي - كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغىلى، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تارىخ ۋە ئەجدادلارنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ قالغان گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق، بىر - بىرىنى كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، تۆھپىكارلارغا توغرا مۇئامىلە قىلماسلىق ... تەك ئىللەتلەر مەدەنىيەت - سەنئەت سېپىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. تارىختىن بۇيان ھەر مىللەت خەلقى تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش، تولۇقلاش ئاساسىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنى ياراتقان. ئازادلىقتىن بۇيان، مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر ئالدى بىلەن ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بىلەن ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ دوستلۇقى، ھەمجەھەتلىكى، ئىجادىي ھەمكارلىقىدىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن مۇزىكىشۇناس ۋەن تۇڭشۇننىڭ كەسپىي ھەمكارلىقى بولمىسا، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر «12 مۇقام» نىڭ نوتىغا ئېلىنىشى، رەتلىنىشى، نەشر قىلىنىشى ۋە بۈگۈنكىدەك زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولۇپ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. بۇ بىر ئۆرنەك قىلغۇدەك ئاجايىپ جانلىق پاكىت. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئۆز ئارا كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇش جەريانىدا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. بۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي تەجرىبىدۇر. بۇ خىل تارىخىي ئەنئەنىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ھەممە مىللەت ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. شۇڭا، بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، دوستانە، دېموكراتىك، تىنچ - ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللەپ - ياشنىغان يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالايلى. (MI)



شىنجاڭنىڭ 1995 - يىللىق مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار

## ۋەن يۇڭ

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

1995 - يىلى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن مول ھوسۇللۇق يىل بولدى:

**1. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق (ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى - مۇھەررىردىن) سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا بەلگىلىك ئىلگىرىلەش بولدى.**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىدە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لايىھىسى»، «ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە شتاتىنى بېكىتىش لايىھىسى»، «ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىگە ئىقتىسادىي ئۆنۈم ئاساسىدا خېرىدار چاقىرىش چارىسى»، «ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇن قويۇش قېتىم سانىغا قاراپ ياردەم پۇل ۋە مۇكاپات بېرىش چارىسى»، «ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەسئۇلىيەت توختامنامىسى» قاتارلىق بەش پارچە مۇھىم ھۆججەتنى تەستىقلاپ تارقاتتى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى بىلەن ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرى مەسئۇلىيەت توختامنامىسى ئىمزالىدى. بۇ ئۆمەكلەردىن شىنجاڭ دراما ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ۋە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى رەسمىي يولغا قويدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ «ھەۋەسكارلار» مۇزىكا ئۆمىكى قۇرۇلدى.

**2. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يېپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى»دا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى [1995] 111 - نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يېپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى پىلانى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق 30 تارماق ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يېپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورىنى بىرلىكتە قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ماقۇللىدى ھەمدە بۇ خىزمەتكە مەخسۇس رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى.

1995 - يىلى 9 - ئايدا، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئويۇشتۇرۇشىدا «مەملىكەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى بويىچە 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى» شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە ئۆتكۈزۈلدى.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى»نى 1996 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

**3. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەشكىللىگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش بويىچە چوڭ**


مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

1996 - يىل 1 - سان. ئومۇمىي 22 - سان

تېپىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى» مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى ۋە ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

**4. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.**

شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا توي سوۋغىسى سۈپىتىدە تەييارلىغان چوڭ تىپىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن» 1995 ـ يىل 16 ـ ماي مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 5 ـ نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتى بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا يېڭى نومۇر مۇكاپاتى» غا، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن» نىڭ مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغان نۇسرەت ۋاجىدى، جۇجى، نۇرمۇھەممەت نايىت، ماچېڭشياڭلار مۇزىكا ئىجادىيىتى بويىچە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتى» غا، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن ـ ھۈسەن» نىڭ باش ئۇسسۇلچىسى دىلنار ئابدۇللا «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزغا زور شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1995 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى داغدۇغىلىق تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شېنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 4 ـ نۆۋەتلىك سىرك مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇندىغان «دارۋاز» ئويۇنى «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا، ئايگۈل بىلەن گۈلنار ئورۇندىغان «كۈسەن شامدانى» ئويۇنى «كۈمۈش شىر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە يەنە، «دارۋاز» نومۇرىغا رېژىسسورلۇق قىلغان ئەنۋەرمۇھەممەت «تۈزۈش، رېژىسسورلۇق مۇكاپاتى» غا، ئابدۇكېرىم مىجىت «مەشقاۋۇل مۇكاپاتى» غا، ئابدۇرروسۇل، ئادىل، ئابلىكىم، ئابدۇكېرىم مىجىت، ۋەلى، جاپپار، ئايگۈل، گۈلنار قاتارلىق ئارتىسلار «ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە 8 ـ نۆۋەتلىك مۇزىكا ئىجادىيىتى باھالىشىدا شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق كومپوزىتورى نۇسرەت ۋاجىدى ئىجاد قىلغان «مۇقام سىمفونىيىسى» ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە ئاقسۇ ۋىلايىتى تەشكىللىگەن خور ئۆمىكى ئورۇندىغان «ئۇزۇن سەپەر ناخشىلىرى» 2 ـ لىككە، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «كارخانا ساداسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر خور مۇسابىقىسى» دا شىخەنزە شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى تەشكىللىگەن «بوستانلىق ساداسى خور ئۆمىكى» 1 ـ لىككە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭخۇا ناخشا مۇسابىقىسى» دا ئاپتونوم رايونىمىز ماھىرلىرىدىن ۋاڭ خۇڭخۇي مىللىيچە ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش بويىچە 1 ـ لىككە، لياڭ يۇڭ ئاممىباب ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆسمۈرلەر سەنئىتى ھەققىدىكى «قارلەيلىسى پىلانى» مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى «مامكاپ پىلانى» نى يولغا قويۇش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرغان «يۇلتۇز تاللاش مۇسابىقىسى» دە ئىككى يۇلتۇزلۇق مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**5. مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن يولىغا سېلىندى.**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ مانلىق يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ماقۇللاندى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈن ـ سىن بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» يولغا قويۇلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە كۆڭۈل ئېچىش، ئويۇن قويۇش، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى، كىتاب باھىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 5643 ئورۇندا 6597 ئادەم قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، تەكشۈرۈش دائىرىسى %70 كە يەتكۈزۈلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا 25 مىڭ 147 پارچە قانۇنسىز كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، 49 مىڭ 420 قاپ قانۇنسىز ئۈن ـ سىن بۇيۇمى يىغىۋېلىندى.

**6. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشتا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.**

1995 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىس غوپۇر ئابدۇللالار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى ھەمدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش، قوغداشقا كېتىدىغان خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستتىكى 19 ناھىيە (شەھەر) گە بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدىكى خادىملار بىلەن بىرلىكتە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

شىنجاڭدىكى مەملىكەت بويىچە قوغدىلىدىغان 1 ـ دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچراش دەرىجىسى ئۆلچىمىنى بېكىتىپ مەركەزگە يوللاش خىزمىتى نەتىجىلىك تاماملاندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تەڭشەپ تولۇقلاندى.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. جۈملىدىن يارغول قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق رېمونت قۇرۇلۇشى ۋە پىچان شەرقىي جامەسىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى، ماۋزېمىننىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۇرالغۇسى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

جۇڭگو ـ ياپونىيە بىرلىكتە ئېلىپ بارغان نىيە خارابىسىنى 7 ـ قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بىر تۈركۈم قىممەتلىك ئاسار ـ ئەتىقىلەر بايقالدى. نۆۋەتتە بۇ ئاسار ـ ئەتىقىلەر تەكشۈرۈپ بېكىتىلمەكتە.

**7. ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى، يەنىمۇ جانلاندۇرۇلۇپ، پائالىيەت مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىتىلدى.**

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى

مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى قىزغىن تەبرىكلەندى؛ جۈملىدىن ئىلى، تارباغاتاي، سانجىلاردا چوڭ كۆلەمدىكى ئاقىنلار ئېيتىشىشى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە چوڭ تىپتىكى سەنئەت كۆرىكى، شىخەنزە شەھىرىدە «مەن شىخەنزىلىك» دېگەن تېمىدا چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، بايرام خۇشاللىقى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

1995 - يىلى 12 - ئايدا چاقىرىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا 60 نەپەر ۋەكىل قاتنىشىپ، 48 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئوقۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى يېزا - كەنت قىرائەتخانىلىرىغا كىتاب تەقدىم قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 20 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك كىتابنى يېزا - قىشلاقلارغا ئەۋەتىپ بەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قارمىقىدىكى ئىدارە - ئورگانلار قەشقەر ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانىغا 2000 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب ئىئانە قىلدى.

دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق كىنوخانىلار بىر تۈركۈم نۇقتىلىق كىنولارنى قويۇپ بۇ پائالىيەتنى مول مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈشكە كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەييارلىدى.

«تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى 7500 چاس كىنو فىلىمىنى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلدى ۋە يېڭىدىن تۆت ھېكايە فىلىم ئىشلىدى.

**8. مەدەنىيەت - سەنئەت تەزكىرىسى خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.**

1995 - يىلى سېنتەبىردە، 1 مىليون 100 مىڭ خەتلىك «جۇڭگو ئەلنەغمە تەزكىرىسى شىنجاڭ قىسمى» بېيجىڭدا نەشىردىن چىقتى.

1995 - يىلى ئاۋغۇستتا، 1 مىليون خەتلىك «جۇڭگو ئەلنەغمە، مۇزىكا مۇجەسسەمى شىنجاڭ قىسمى» دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 3 مىليون خەتلىك يازما ماتېرىيال ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن تەركىب تاپقان «جۇڭگو مىللىي مۇزىكا مۇجەسسەمى شىنجاڭ قىسمى» بېيجىڭغا تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە يوللاندى. 1995 - يىلى نويابىردا، 800 مىڭ خەتلىك «جۇڭگو مىللىي ئۇسسۇللىرى مۇجەسسەمى شىنجاڭ قىسمى» ئاخىرقى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى بىردىنبىر توپلام - «جۇڭگو مۇزىكا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇجەسسەمى شىنجاڭ قىسمى»نىڭ تۈنجى ئارگىنالى 1996 - يىلى مارتتىن بۇرۇن يېزىپ پۈتتۈرۈلۈش مۆلچەرلەندى.

ھەجمى 1 مىليون خەتتىن ئاشىدىغان «مەدەنىيەت تەزكىرىسى»نىڭ تۈنجى ئارگىنالى پۈتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىنقىلابىي مەدەنىيەت تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى، نازارەت تەزكىرە ئىشخانىسى «مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابىي مەدەنىيەت تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ»، دەي لىنيۈەن «ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالاندى.

**9. سەنئەت ماھارىتىدە ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى.**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل ساھەسىدىكى ياش تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش - تەربىيىلەش مەقسىتىدە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا «خەلچەم سىدىق ئۇسسۇل سىنىپى» ئاچتى.

**10. چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاھىدە جانلاندى.**

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى 1995 - يىلى ئىيۇلدىن سېنتەبىرگىچە ماراكەش، تۇنىس، ئىتالىيە، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئويۇن قويۇپ، 1995 - يىلى دېكابىردا، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۆسەن»نى ئورۇنداش گۇرۇپپىسى تەكلىپكە بىنائەن ئاۋمېنغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ قىزغىن ئالقىشلاندى.


كورىيە ئانسامبىلى، تۈركىيە ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە قازاقىستان بالېت، ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىغا ئويۇن كۆرسىتىپ قىزغىن قارشى ئېلىندى.

**11. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېستىمىسىدا بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى.**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل مەملىكەت بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا باسقان ئۈلگىلىك ئورۇن» بولۇپ، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى ئابدۇرېشىت جالال، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى دىلنار ئابدۇللا قاتارلىقلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ تەقدىرلەندى. مەكىت ناھىيىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەدەنىيەت خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە نەمۇنە ناھىيە»، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، كۈنەس ناھىيە ئارالتۆپە يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى «مەدەنىيەت خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ»، تۇرپان ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى ھەلىمە ئابدۇراھمان، خوتۇنسۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى جياڭ يۈڭچىڭ، بورتالا شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاگوچياڭ، مىچۈەن ناھىيە تېپچاڭگو بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقى مايۈڭمېي، شىخەنزە شەھەرلىك يۈجۈي تىياتىرى ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى رېن گۈيخۇا، ئۈرۈمچى «قىزىلتاغ» كىنوخانىسىنىڭ دىرېكتورى مۇسا مۇھەممەت، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى فېڭ شاۋجى قاتارلىقلار «مەدەنىيەت خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بېرىلىپ تەقدىرلەندى. (M3)

---

رىسالەت مۇھەممەت تەرجىمىسى



## نەسرات دىڭىزىدىن تامچىلار

# نەسرلەر

**ئەخمەت ئىمىن**

### توغراق

ساڭا باغ ـ گۈلستانلاردىن ئورۇن بېرىلگەن ئەمەس، توغراق. ھېچكىممۇ سېنى زەمزەم سۇلار بىلەن سۇغارمايدۇ، ئەتلىك تۇپراق بىلەن يۆلىمەيدۇ. گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن تولغان نەمخۇش ھاۋامۇ ساڭا نېسىپ بولغان ئەمەس.

سېنىڭ ماكانىڭ چۆل ـ باياۋان، ئىچىدىغىنىڭ قىرتاق سۇ، توپاڭمۇ شورلۇق، نەپەسلىنىدىغان ھاۋايىڭمۇ قۇرغاق ھاۋا.

مۇدھىش بورانلار قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ ئەتىيازدا يۇزلىرىڭگە كاچاتلىسا، كۈز كۈنلىرىدە چاچلىرىڭنى يۇلىدۇ. يازدا دەشت ھارارىتى گېلىڭنى بوغسا، قىشتا ئاياز دەھشىتى يۇرىكىڭنى مۇجۇيدۇ.

سەن ھەقىقەتەن مۇشەققەت تارتىشنىلا بىلىدىغان، لېكىن مۇشەققەتتىن زارلىنىشنى بىلمەيدىغان جاپاكەش.

## ئەدەبىيات گۈلزارى

كۆكرىكىگە ئۇرۇلغان دولقۇنلاردىن خۇددى ئۆز مەيدىسىنى مۇشتلىغان نوچىلاردەك يايراپ كېتىدىغان تارىم دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى ساڭىرى سەنمۇ قوترىغان بورانلاردىن ئۆزۈڭنى رەنج كۆرمىگەندەك ھېس قىلىسەن، چۈنكى سەن ۋولقاندەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قۇملارغا مەيدەڭنى قالقاندەك تۇتۇپ بېرىشنى ئۆزۈڭنىڭ بۇرچۇڭ ھېسابلايسەن.

قۇم ـ بوراننىڭ زەربىسىدىن ئاجىز مايسىلار كۆمۈلۈپ قۇرۇپ كەتمىسە، زىلۋا سۇۋادانلار بېلىدىن سۇنۇپ ئۆلۈپ كەتمىسە، سەن مەقسىتىڭگە يەتكەندەك بولىسەن. زېمىنغا زىننەت بەرگۈچى گۈل ـ چېچەكلەر كۈلدەك توزۇمىسىلا، خىلمۇ خىل جەننەت مېۋىلىرى مۇلدۇردەك تۆكۈلمىسىلا، سەن ئەجرىڭنىڭ مەھسۇلىنى كۆرگەندەك بولىسەن. قىسقىسى، سەن ئۆي ـ ماكانلار ۋەيرانە، بوستانلىقلار خارابە بولمايدىغانلا ئىش بولسا، ھەر قانداق جاپاغا بەرداشلىق بېرىشكە رازى.

سەن قەدىم زامانلاردا يارالغانىدىڭ، ھېلىھەم ياشاپ كېلىۋاتىسەن. چۈنكى سەن ياشاشنى بىلىسەن، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ياشنىتىشنى بىلىسەن، ئۆزۈڭدە چىدام، مەتانەت، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە ھاياتىي قۇدرەت يارىتىشنى بىلىسەن.

ئەي، جاپاغا يارالغان، جاپادىن يارالغان،

توغراق!

سەن جاپاغا يارىلىش شورلۇقلۇق ئەمەس پەقەت جاپادىن يارىلىشنى بىلمەسلىككىلا شورلۇقلۇق، دېگەن ھەقىقەتنى نەقەدەر ئوبدان چۈشىنىسەن - ھە!

راست، سەن ھەرگىز شورلۇق ئەمەس، سەن بەختلىك.

لېكىن، سەندىكى بەخت باغ - ۋارانلاردا بەھۇزۇر ياشاشقا نېسىپ بولغانلارنىڭ بەختى ئەمەس.

سەندىكى بەخت ئەينەك ماكانلاردا باشقىلارنىڭ قۇۋۋەت بېرىشىگە تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان، سۆيىنى تارتىۋەتسە سولىشىپ، ئوزۇقنى قىسىۋەتسە پورلىشىپ كېتىدىغانلارنىڭ بەختى ئەمەس.

سەندىكى بەخت چۆل - باياۋاندىمۇ خۇددى گۈلىستان قوينىدىكىدەك ياشاشنى بىلەلەيدىغانلار- نىڭ بەختى.

سەندىكى بەخت ھېچكىمگە دىۋانىدەك تەلمۈرمەي، شاھانە كۆڭۈل، مەردانە خىسلەت بىلەن ئۆز - ئۆزىنى ياشنىتىشنى بىلەلەيدىغانلارنىڭ بەختى.

ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن ئېتىكىڭگە ئولىشىۋالغان جان - جانىۋارلارنى ھەر بىر كۆرگىنىمدە سېنى خۇددى بالىلىرىنى مېھرىلىك باغرىدا يايرىتىۋاتقان ئۇلۇغ ئانىغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. قوۋزاقلىرىڭدا ئۆرلەپ تۇرغان ئاپئاق شورلىرىڭنى ئۆزۈمچە شۇ ئانىنىڭ ئاق سۈتىگە تەڭلەشتۈرىمەن.

بەزىلەر ئۇ شورلىرىڭنى سېنىڭ كۆز يېشىڭغا ئوخشىتىدىكەن. ئۇلارمۇ بەلكىم سېنىڭ يۈرىكىڭنى چۈشەنگەچكە شۇنداق ئوخشاتقاندۇ. سەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭ ئۈچۈن يىغلىمايسەن، قۇم ھۇجۇمىنىڭ ئالدىدا بارغانسېرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان بوستانلىقلار ئۈچۈن يىغلايسەن؛ ئۆز نەپسى ئۈچۈن يېشىل رەڭ قوۋم - قېرىنداشلىرىڭنى جاندىن جۇدا قىلىۋاتقان ئىنساننىڭ ھاماقەتلىكى ئۈچۈن يىغلايسەن؛ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، تارىم خەلقىگە ھامان بىر كۈن كېلىدىغان ئاپەتلىك تەقدىر ئۈچۈن يىغلايسەن.

«سىلەر ئۈچۈن تۆت كۈن بولسىمۇ ئۇزاقراق ياشىمىسام بولمايدۇ» دەيدۇ ھامان نارەسىدە بالىلىرىغا قاراپ كۆيۈمچان ئاتا. ئەي، توغراق، سەندىمۇ خۇددى ئۆز بۇرچىنى چۈشەنگەن شۇ كۆيۈمچان ئاتىغا ئوخشاش خىسلەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. سېنىڭ مىڭ يىللاپ كۆكىرىپ تۇرۇشۇڭمۇ بىز ئۈچۈن؛ قۇرۇپ كەتكىنىڭدە مىڭ يىللاپ ئۆرە تۇرۇشۇڭمۇ بىز ئۈچۈن؛ يىقىلغاندا مىڭ يىللاپ چىرىمەسلىكىڭمۇ بىز ئۈچۈن.

سەن بىرگە بېشىڭ كۆككە يەتكەندىمۇ غەمخانە، بېشىڭ يەرگە يەتكەندىمۇ غەمخانە.

پەزىلەتلىك شۇنچە كۆپ، توغراق، ھىممەتلىرىڭ كۆپ، لېكىن قىلچە مىننىتىڭ يوق، خۇددى مىننەتسىز، سېخىي تەبىئەتنىڭ پۈتكۈل خىسلىتى بىر ساڭىلا مۇجەسسەم قىلىنغاندەك.

ياپراقلىرىڭنىڭ شىلدىرلاشلىرىدا بىرلا سۆزنى - بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەنسەن، مۇشۇنداق ياشاش كېرەك، پەقەت مۇشۇنداقلا دېگەن بىرلا ھېكمەتنى پىچىرلايسەن.

ئەجرىڭ شۇنچە كۆپ، توغراق، تۆھپىلىرىڭ كۆپ، لېكىن ھېچقانداق غەرىزىڭ يوق، تامايىڭمۇ يوق، خۇددى بۇ دۇنيانىڭ گۈلىستانلىرى سەن ئۈچۈن يارالمىغاندەك.

لېكىن، بۇ دۇنيادا ھالال ئەجرىڭنىڭ مۇناسىپ مۇكاپاتى بولماي قالمايدۇ.

سەن باغ - گۈلىستاندىن ئورۇن ئالمىغان بىلەن، ئىنساننىڭ قەلب گۈلىستانىدىن ئورۇن ئالغان.

مەن ساڭا تەقلىد قىلىمەن، توغراق!

## ھەي، شۇ ئۆتكەن كۈنلەر . . .

«بۇرۇن ھېلىقى چاغلاردا . . . ھە، شۇ ئۆتكەن كۈنلەر . . . شۇ كۈنلەر . . . دەيسەن. نېمىشقا شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىڭنىلا سېغىنىسەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۆتمۈشىڭگىلا تېۋىنىسەن؟ سېنىڭ بۈگۈنۈڭ يوقمۇ؟ ئەتەڭ يوقمۇ؟». ئۆزۈمنى پات - پات مۇشۇنداق سوراق قىلىمەن. بۇ سوراقلىرىمغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كاللامنىمۇ خېلى قاتۇرۇپ كېتىمەن.

مېنىڭ «بۈگۈن» لىرىم بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ، «ئەتە»لىرىممۇ بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ. تالاي - تالاي «بۈگۈن»لىرىمنى تاماشا ياكى جاپا بىلەن، خۇشاللىق ياكى خاپىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم. خۇشلۇق يار بولغاندا ئۇ «بۈگۈن» لىرىمنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدىم، بېشىمغا دەرد - ئەلەم كەلگەندە ئۇ «بۈگۈن»لىرىمنى شۇنچە تەستە، تەستە ئۆتكۈزدۈم، لېكىن ھەممىسىلا ئوخشاش ئۆتۈپ كەتتى. ئاسان ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ، تەستە ئۆتكىنىمۇ ماڭا ھازىر ئوخشاشلا شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ.

ئۆزۈمنى بىر ئىشلارغا ئاجىز سەزگەندە، جەبىر - مۇشەققەت چەككەندە ئەتىگە تەلمۈرۈپتى- مەن. ئۇ «ئەتە» ماڭا كۈتكەن قۇدرەتنى بېرەلمىگەندە ياكى بېشىمدىن مۇشكۈلچىلىكنى كۆتۈرۈۋېتەلمىگەندە يەنە ئەتىگە، يەنە بىر ئەتىگە تەلمۈرۈپتىمەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەتىلەر مېنى خۇددى ئۇسسۇزلۇقتا قالغان يولۇچىنى چۆل ئالۋۇنى تەلمۈرتۈپ ئەپكەتكەندەك ئەپكېتىۋېرىپتۇ.

ئەمدى قارىسام، شۇ ئۆتكەن كۈنلەر بىلەن تەڭ، بالىلىقىممۇ، ياشلىقىممۇ، نەۋقىرانلىقىممۇ ئۇزاق - ئۇزاق يەرلەردە قاپتۇ. ئادەم دېگەن شۇنداق

نىمىكەن، ئۆتكەن كۈنلىرىگە ھامان قىيالمايدىكەن. چۈنكى ھەر بىر كۈن ئۆتكەنسېرى ئاخىرقى نۇقتىغا، يەنى ئۆلۈمگە شۇنچە يېقىنلىشىدىغانلىقىنى ئادەم چوڭ بولغاندا سېزىپ قالىدىكەن.

ئۆمۈرنى دۈم قىلىنغان ۋۆرۈنكىسمان ھەيۋەتلىك تاغقا ئوخشاتساق، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش ئۇ تاغنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا ئوخشايدىكەن، يەنى كىشىنىڭ ھاياتى چەكسىز ئىككى يوقلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەكلىك مەۋجۇدلۇقلا ئىكەن. باسقان ھەر بىر قەدىمىڭ سېنى يوقىلىش گىردابىغا شۇنچە يېقىنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگىنىڭدە، يەنە كېلىپ، بۇ قەدەمنى كەينىگە ھەرگىز باسقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرغىنىڭدا، سەن قانداقمۇ ئازابلانماي تۇرالايسەن؟! ئىنسان تۇغۇلۇشتىن يوقىلىشقا قاراپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان مۇساپىنى ئۇزارتىش ئىمكانىيىتىنىڭ ھېچقانچە قالمىغانلىقىنى سەزگەندە، ئۆتكەن ھاياتىغا ئەپسۇس - نادامەت چېكىدىكەن. ئۆمۈر پۇشايماندىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېگەن سۆزنى كونىلار بەلكىم مۇشۇنداق چاغدا ئېيتقان بولسا كېرەك.

باللىق ھەم ياشلىق رىشتى ئەجەب رىشتە ئىكەن، ئۆمۈر رىشتىسىمۇ ئاجايىپ رىشتە ئىكەن. ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغۇڭ كېلىدۇكەنكى، ھەرگىز قويۇۋەتكۈڭ كەلمەيدىكەن. ئەگەر ئۇنى بىر بۈيۈكلۈككە ئوخشاتساق، گەرچە ئۇ يەردىن سىرىلىپ چۈشۈپ بولغان بولساڭمۇ، يەنە ئۇنىڭغا چاڭگاق تاشلاپ ئارغامچىغا ئېسىلىپ چىققۇڭ كېلىدىكەن. بەلكىم مېنىڭ شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىمنى سېغىنغىنىم، ئۆتمۈشۈمگە تېۋىنغىنىم شۇ ھاياتقا چاڭگاق تاشلىغىنىمدۇ. لېكىن، بۇ چاڭگاق خىيالىي چاڭگاق. ئۇنىڭ ماڭا بېرەلەيدىغىنى يا سېغىنىش لەززىتى، يا پۇشايمان ئاچچىقىلا، خالاس.

توغرا، ھېلىھەم مېنىڭ بۈگۈنۈم بار، ئەتەممۇ بار. لېكىن بۇ «بۈگۈن» چەكلىك «بۈگۈن»، ئۇ «ئەتە» چەكلىك «ئەتە». بۇ چوڭ چەكلىكلىكنى تولدۇرىدىغان كىچىك چەكلىكلىكلەر. مەن بۇنى ئەقىل تاپقاندا بىلدىم، بۈگۈن بىلدىم. بۈگۈن يەنە شۇنى بىلدىمكى؛ كىشى ھەر بىر «بۈگۈن»نىڭ قەدرىگە يېتىشى، شۇ «بۈگۈن»نى خۇشال، مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى بىلىشى كېرەك ئىكەن. شۇ بىر كۈنگە ھەقىقىي مەجبۇرىيەت ئارتماي تۇرۇپ، ئەتىگە تەلمۈرۈۋەرگەن كىشى ئۆزىنى ھەر كۈنى تويدۇرماي ئۆلتۈرۈپ بارىدىكەن. بىز بۈگۈنكى بۈگۈن دەيمىز، ئەتىنى ئەتە بولغاندا يەنە بۈگۈن دەيمىز. مېنىڭ بۇ يەردە دەيدىغىنىم: ئادەم بۈگۈننى يەنىمۇ قەدىرلىشى، ھەرگىز ئەتىگە تەلمۈرۈۋەرمەسلىكى كېرەك ئىكەن. مەن بۇ گەپنى بۈگۈن دەۋالدىم ھەم يېزىپ چىقتىم. ئەتە بۇنى بەلكىم ئوغلۇم ئوقار، كېيىن نەۋرىلىرىم، ھەتتا چەۋرىلىرىممۇ ئوقار. ئەگەر بۇنىڭدىن ئۇلار ئانچە - مۇنچە نەپ ئالالىسا، مەن مۇشۇ گەپنى قىلىۋالغان «بۈگۈن»ىمدىن قانداقمۇ رازى بولماي! مەن خۇشال، ئەۋلادلىرىمغا پايدىلىق گەپ - سۆزلەرنى قىلالىغان «بۈگۈن»ىمنىڭ بارلىقىدىن خۇشال، مېنى ئەسلەيدىغان، ياد ئېتىدىغان «ئەتە»لەرنىڭ بارلىقىدىنمۇ خۇشال. .

لېكىن... شۇنداقتىمۇ... ئۆتكەن كۈنلىرىمنى سېغىنىمەن، ئۆتمۈشۈمنى سېغىنىمەن...

ھەي، ئۆتكەن كۈنلەر......

## مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم

(بىر ئايالنىڭ خاتىرىسىدىن)

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.
ھەممىنى جەلپ قىلىش مېنىڭ ۋاستەم،
بىر ساڭىلا جەلپ بولۇش مەقسىتىم.
بەس - بەستە بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىۋاتقان گۈللەر گۈلشەندىلا توزۇپ تۆكەپ كېتىشنى خالايدۇ دەمسەن؟! ئۇمۇ قەدىرلىك ئادىمىنىڭ چېكىسىدە ئىككى كۈن بولسىمۇ كۈلۈپ يۈرسەم دەيدۇ.

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.
مېنىڭ قۇدرىتىم زىبالىقىمدا بولسا، پۈتكۈل زىننىتىم ھاياللىقىمدا.
كۆزۈم سۆزلەپ تۇرسا، يەنە ئاغزىمدىكى جاۋابقا تەلمۈرۈپ تۇرامسەن؟!

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.
بىر ئىنتىلىش بار ئەينەككە ھەر بىر قارىشىمدا، مىڭ خىيال بار چاچلىرىمنى ھەر بىر تارىشىمدا.
تېخىمۇ گۈزەل بولۇشقا ئىنتىلىمەن، گۈزەللەرنى خىيال قىلسام ئۆرتىنىمەن.
سېنى مېنىڭكىلا بولسا دېگەن ئىستىكىمنى چۈشەنمىسەڭ - ھە!

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.
يىغام - ئىچىمگە پاتمىغان شادلىقىمنىڭ فونتانىدەك ئېتىلىپ چىقىشى.
يىغام - رەنجىش ئارىلاش خۇشاللىقىم.
يىغام - ...
يىغامنىڭ ھەقىقىي يىغا بولۇپ قېلىشىدىن قورقىسەن، لېكىن شۇ يىغىنىڭ ئىچىمگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەمسەنمۇ؟

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.
يارىلىشىممۇ مۇھەببەت ئۈچۈن، ياشىشىممۇ مۇھەببەت ئۈچۈن، ھەتتا ئۆلۈشۈممۇ مۇھەببەت

ئۇچۇن.

مۇھەببىتىمىز ئۇچۇن ھەر قانداق سۆز - چۆچەك ئالدىدا مەيدەمنى كېرىپ چىقسام، مېنى بىشەم ئىكەن، دەپ قېلىشۇاتامسەن؟

بۇ «بىشەم»لىكىمنىڭ كەينىگە ۋاقتى كەلگەندە مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن جاندىنمۇ كېچەلەيدىغان پىداكارلىقىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەمدىغانسەن؟!

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.

ئىككى يۈرەكنىڭ ئوتى قوشۇلغاندىلا مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس گۈلخانى پەيدا بولىدۇ. مۇھەببەت سادىقلىقى تەنلىرىمىزنىڭلا ئەمەس، يۈرەكلىرىمىزنىڭمۇ ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ كېتىشىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

كۆزلىرىڭنىڭ ئىچىگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىمدىن مېنىڭ چىن سۆيگۈنىڭ قەلەندەرى ئىكەنلىكىمنى بايقىيالمامدىغانسەن؟!

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.

سۆلياۋدىن ياسالغان گۈل خۇش پۇراق چاچالمىسىمۇ، ئادەمگە گۈلنىڭ گۈزەللىكىنى بېرەلەيدىغۇ!؟

راست!

ئاچچىق بولسىمۇ، ھەق گەپ ياخشى.

لېكىن، بەزىدە كۆڭۈلنىڭ رايىنى ياندۇرىدىغان ھەق گەپتىن تەسەللىي ئاتا قىلالايدىغان يالغان گەپمۇ ياخشى.

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.

كۆلكىدىنمۇ ھەسرەت تامىدۇ، ئەلەم تامىدۇ.

..

كۆلكىدىنمۇ مەسخىرە ياغىدۇ، غەزەپ ياغىدۇ...

توۋا، پىغانلىق كۆلكىدىن دەردلىك يۈرەكنىڭ تىترەشلىرىنى سېزەلمىسەڭ؟...

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.

قۇدرىتىڭگە قايىلمەن، لېكىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايمەن.

قۇدرەتلىكمەن دەپ مەيدەڭگە ھەر بىر مۇشتلىغىنىڭدا، كۆڭلۈمدە ساڭا ئاجىزلىق تامغىسى ئۇرىدىغانلىقىمنى ئويلاپ باققان بولغىيمىتىڭ؟!

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.

سەن ۋەسلىمدە قەلەندەر بولغاندا مەن قەلبىڭنىڭ شاھى ئىدىم.

سەن ئۆزۈڭنى ماڭا شاھ ھېسابلىغاندا، مەن سېنىڭ قۇلۇڭغا ئايلاندىم.

قۇلدار بىلەن قۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەنمىسەڭ - ھە!

* * *

مېنى ئەجەب چۈشەنمەيسەن، يىگىتىم.

مۇھەببەت ئەركىنلىكسىز ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

ئەركىنلىكسىز مۇھەببەت - مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى قۇللۇق - ئاسارەت.

مەن شۇ تاپتا ئالتۇن قەپەزنىڭ شادىلىرىغا ئۆزۈمنى ئۇرۇپ پەيلىرى تۆزۈپ كېتىۋاتقان بىر ناتىۋان بۇلبۇل.

لېكىن، بىر كۈنلەر كەلگەندە تۆمۈر شادىنى چېقىپ چىقىدىغان شىرغىمۇ ئايلىنالايدىغانلىقىمغا كۆز يەتكۈزەلمەسسەنمۇ؟

## رەت قىلىنغان مەسلىھەت

ئۆيۈمدە چاشقان پەيدا بولۇپ قالغاندا، بىر ئاسلاننى ئەكېلىپ قويۇۋەتتىم. لېكىن، ئاسلان سەل تەجرىبىسىز كېلىپ قالدىمۇ - قانداق، چاشقانلارنى تۈگىتەلمىدى. مەن بىر يىلەندىن سورىدىم:

- چاشقانلارنىڭ ئەدىپىنى ئۇزۇل - كېسىل بېرەلىگۈدەك بىرەر جانىۋار يوقمۇ زادى بۇ دۇنيادا؟

- بار، - دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، - ئۇ بولسىمۇ يىلان. ھەر يوغان تولۇمچاشقانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدىغان ئۇ جانىۋار ئۆيۈڭدىكى ئۇششاق چاشقانلارنىڭ ۋەتۆرىكىنى چىقىرىۋەتمەمدۇ!

مەن بۇ مەسلىھەتنى ئاڭلاپ دەسلەپتە چۆچۈپ كەتتىم، كېيىن ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردىم:

- ياق، يىلاننى ئۆيگە ئەكىرگىنىمدىن شۇ ئاسلىنىم بىلەن تۇرۇۋېرەي. ئاسلىنىممۇ چوڭ بولسا، چاشقان تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالار. ئاۋۋال چاشقاننى، ئاندىن پۈرسىتى كەلسە، مېنىمۇ يوقىتىدىغان شۇ قابىل يىلاندىن يەنىلا ئاجىز ئاسلىنىم ئەلا.

## بۇلبۇلنىڭ جاۋابى

مەن بۇلبۇلدىن سورىدىم:

- تۈن بويى گۈلنى چاقىرىپ توختىماي سايراپ چىققاندىڭ، ئەمدى ئۇ ئويغانغاندا سايرىماي توختاپ قالدىڭغۇ؟

- ئويغانغانلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە سايراۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، - دېدى بۇلبۇل جاۋاب بېرىپ، - مېنىڭ ۋەزىپەم غەپلەتتىكىلەرنى ئويغىتىش.

## بۇلبۇلنىڭ خىتابى

ئۇيقۇدىن ئويغىنىپمۇ يەنە كۆزۈڭنى ئاچالمايۋاتىسەن. شۇ ھالىڭغا ئېچىنىپ يىغلايمەن، گۈلۈم.

مەڭزىڭدە پارلىغان شەبنەم ئەمەس، مېنىڭ كۆز يېشىم.

ئەجەبا، مۇشۇمۇزدەك كۆز ياشلىرىمىزمۇ سېنى سەگىتەلمىسە! ؟

## مەڭگۈلۈك مۇھەببەت

بۇلبۇل كېچىچە بېشىڭدا پىغان بىلەن سايراپ سېنى چاقىرىپ چىقىقاندى، گۈل، سەن ئويغانغىنىڭدا ئۇ چىمەندە كېتىپ قالدى.

گۈل سېنى گۈزەل جىلۋىسى، خۇش پۇرىقى بىلەن جەلپ قىلىپ يېنىغا كېلىشكە ئىما قىلىۋىدى، بۇلبۇل، سەن قېشىغا كەلگىنىڭدە ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

مەن بۇ ئىشلارنى نازلىق ئويۇن، دەپ ھېسابلىدىم، لېكىن شائىر ئۇنداق ھېسابلىماي:

— مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى ۋىسالدا ئەمەس، بەلكى ھىجراندا! — دېدى.

ئەي، گۈل بىلەن بۇلبۇل!

راستىنلا سىلەر ۋىسالغا يېتىشكەن ئىنسانىيەت ئاشىق – مەشۇقلىرىنىڭ زېرىكىش ساۋىقىنى قوبۇل قىلغان بولغىيمىتتىڭلار؟ !

## ئەي، ئىنسان

ئەي، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئارزۇلۇقى ئىنسان، جانلىقلارنىڭ سەرخىلى ئىنسان، قۇدرەتلىكلەرنىڭ قۇدرەتلىكى ئىنسان!

يەر شارى سېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋىدى، سەن ئەمدى يەر شارىنى بېشىڭغا ئېلىپ تاشلىۋېتەرسەنمۇ؟

## پاكلىق

ئىنساننىڭ پىكىر قىلىشى زامانىنى ئۆزگەرتىدۇ، زامانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىنساننىڭ پىكىر قىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ.

چاڭ باسقان پىكىرلەرنى كاللاڭدىن تازىلىۋەت، يۈرىكىڭدىن تازىلىۋەت. ھازىرقى پاكلىق، ساپلىق دېگەن ئۇقۇم شۇ!

## مىسكىن نەي

يىلان چېقىشقا تەمشىلىپ كېلىۋىدى، ھىندى ئالمان – تالمان نېيىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى.

نەي ئاستا ياڭرىغاندا يىلان ھەرىكىتىنى ئاستىلاتتى.

نەي ئاۋازى كۆتۈرۈلگەندە يىلان بېشىنى كۆتۈردى.

نەي تازا مۇڭ چىقارغىلى تۇرغاندا يىلان نەشتىرىنى چىقاردى.

نەي ئاۋازى توختىسىلا يىلان ھىندىغا ئېتىلاتتى.

ھىندى يىلانغا ۋەھىمىلىك چەكچەيگىنىچە نېيىنى چالاتتى – چالاتتى.

نەي ئاۋازىنىڭ ھامان توختايدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ھىندىنىڭمۇ نەپەستىن توختايدىغانلىقى چوقۇم ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ تۇرغان پاقا:

— ھەي، ئىنسان، زەھەرلىك يىلانغا نەي بىلەن تاقابىل تۇرغىنچە تاش بىلەن تاقابىل تۇرساڭ بولماسمىدى، — دەۋەتتى.

## پەم

مەن سالغا تېشىنى ئېتىپ تۈلكىنىڭ پۇتىنىمۇ سۇندۇرالمىغاندىم، ئوغلۇم رەگەتكىسى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتتى.

— چوڭ تاش كارغا يارىماي، كىچىك تاش كارغا ياردىمۇ، نېمە، ئوغلۇم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياق، دادا، — دېدى ئوغلۇم، — تاش ئەمەس، تۈلكىدىن ئۆگەنگەن پەم كارغا ياردى.

## ئۆزگىنى كۆرسىتەر، ئۆزى كۆرۈنمەس

ئۆزى كېسەلمىسىمۇ پىچاقنى كېسەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلغان تاش.

ئۆزى ماڭمىسىمۇ پۇتنى توغرا يولدا ماڭغۇزغان باش.

پىچاق تاشسىز ھامان كېسەلمەس.

ئاياغ باشسىز ھامان كېزەلمەس.

## سادا

مۇھەررىردىن: ۋاراڭ – چۇرۇڭ مۇھىتتا بىرەر ئادەم كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان پايدىلىق گەپ قىلسا، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى دەرھال ئەتراپتىكىلەرنى تىنچلاندۇرۇپ، بۇ گەپنى ھەممەيلەن بىلەن ئورتاقلاشقۇسى كېلىدۇ. ھەر ھالدا ئەھمىيەتلىك پاراڭنى ئاڭلىغۇچىلار قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئاپتورنىڭ «سادا» ناملىق بۇ نەسرى 1995 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەر خىزمەت جىددىيلىكى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بۇنى ئوقۇمىغان بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ نادىر ئەسەرنىڭ تەسىرى بالاغىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش مەقسىتىدە، ئاپتورنىڭ يېقىندىن يازغان بىر يۈرۈش نەسىرلىرىگە قوشۇپ بۇنىمۇ قايتىدىن ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق. ئاپتور ئەسەرنى بۇ قېتىم بەدىئىي جەھەتتىن قىسمەن ئۆزگەرتتى. تەبىئەتتىكى، مەنىۋىيەتتىكى بۆلگىنىشقا قارشى بۇ «سادا» تېخىمۇ جىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

* * *

تەڭرىتېغىم، ئەي، تەڭرى بەرگەن تېغىم! سەندە تەڭرىنىڭ بۈيۈكلۈكى بار. سەن جىمى مەخلۇقات – مەۋجۇداتقا شاپائەت قىلىسەن. جىلغىلاردا ساڭا مەڭزىنى يېقىپ ئەركىلەپ ئېقىۋاتقان كۈمۈش سۇلار، باغرىڭدا مەڭگۈلۈك

تەبىئەت ناخشىسىنى توۋلاپ، تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، پۈتكۈل ئادەمزات دۇنياسىنى سەگىتىپ ۋە ئۇلارغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ توختىماي سۈپكۈشلەۋاتقان ساپ ھاۋالار ھەممە، ھەممىسى سېنىڭ شاپائىتىڭ، سېنىڭ خاسىيىتىڭ.

سەن ھاياتلىقنىڭ بۆشۈكى، سەن ھاياتلىققا ھايات قوشقۇچى. مەن سېنى ئۇلۇغلايمەن ھەم ساڭا تېۋىنىمەن.

مانا بۈگۈن شۇنداق ئاجايىپ ھېسسىياتلار بىلەن قوينۇڭغا كەلدىم، لېكىن قوينۇڭغا باھارىڭدا ئەمەس، يازىڭدا ئەمەس، كۈزىڭدىمۇ ئەمەس، بەلكى قىش مەزگىلىڭدە كەلدىم. راست، بۇرۇن قوينۇڭغا باھارىڭدىمۇ كەلگەن، يازىڭدىمۇ كەلگەن، كۈزىڭدىمۇ كەلگەن، لېكىن قىش مەزگىلىڭدە كەلمىگەنىكەنمەن. بۈگۈن كەلدىم، دوپپامدەك شەھەردە ئىچىم سىقىلغاچقا كەلدىم، «ئۇھ...» دەپ چوڭقۇر ھەم ئۇزۇن بىر نەپەس ئېلىۋالسام، ئىچىم بوشارمۇ دەپ كەلدىم؛ جىلغىلىرىڭدا ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ - يىغلىۋالسام، دەردلىرىم يەڭگىللەرمۇ دەپ كەلدىم. چوققىلىرىڭدا ساماغا قاراپ ۋارقىراپ - ۋارقىراپ ھال ئېيتىۋالسام، يۈرىكىمنىڭ سىقىلىشلىرى قويۇپ بېرەرمۇ دەپ كەلدىم...

شۇنداق، دەردىم كۆپ، تېغىم. دەردلىرىمنى ئىشەنگەن تاغلىرىمغا ئېيتمىسام كىمگە ئېيتاي!؟

ئەنە، كۆرۈۋاتامسەن - ھە، قارا سەللە يۆگىۋالغان شەھەرلىرىمنى! مەن... ياق، مەنلا ئەمەس، بىز خېلى زور كۆپچىلىك شۇ يەردە ياشاۋاتىمىز. باغرىڭدىكى قارلار كۆزۈمگە ئاپئاق مامۇقتەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، لېكىن شەھىرىمدە تەبىئەتنىڭ بۇ پاك سېلىنچىسى قارا - قۇرا بىلەن بۇلغانغان. ئۇ يەردە قار بەزىدە تېخى ئاسماندا چۈشۈۋاتقاندىلا بۇلغىنىدۇ. كۆككە پۈركۈۋېتىلگەن قاپقارا توزانلار قارلارغا خۇددى ئاق پاراشوتقا ئېسىلغاندەك ئېسىلىپ ياكى ئۇچار گىلەمگە قونغاندەك قونۇپ لەيلىگىنىچە بېشىمىزغا چۈشىدۇ. ئىس - تۈتەكلىرىمىز ئاجايىپ ھۈنەرلىك. بەزىدە قارنى ئاق پېتى چۈشتى دېگەندىمۇ، ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنى سۈرگۈش ئىسلىغاندەك ئىسلاپ ئۈلگۈرىدۇ.

شۇنداق، بىز شۇنداق ماكاندا ياشاۋاتىمىز. بۇرۇن ھەر بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن ئىس چىقاتتى، ئەمدى نۇرغۇن ئۆينىڭ مورىسىنى بىر قىلىۋەتتۇق. بۇ مورىلار شۇنچە ئېگىز، شۇنچە ھەيۋەت. مەن بۇ مورىلارنى گىگانت مۇشتەكلەرگە ئوخشىتىمەن. ئۇنىڭدا ئىنسان ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈۋاتقان ئاچچىق موخوركىدەك بىر خىل نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئوتى كۆيىدۇ. ئۇنىڭدىن پۈركۈلۈۋاتقان تۈتەك ئىنساننىمۇ زەھەرلەيدۇ، ئاسماننىمۇ زەھەرلەيدۇ... بىز بۇنى بىلىپ تۇرىمىز ھەم دەپ تۇرىمىز، لېكىن «تاماكا زەھەرلىك» دەپ ئېنىق سۆز يېزىلغان تاماكىلارنى قىممەت پۇلغا سېتىۋېلىپ چېكىپ تۇرغاندەك، ئۇ ئىشنىمۇ يەنە قىلىپ تۇرىمىز. چۈنكى بۇ زۆرۈرىيەت: ئىنسان مەئىشىتى ھامان تەرەققىياتنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان.

ئېھ، تېغىم، قارلىرىڭنى ئاپئاق پاختىلارنى دەسسەۋاتقاندەك كېتىۋاتقان ئاتلىرىڭغا قاراپ ئۆزۈمچە ھەۋەسلىنىپ قېلىۋاتىمەن. بۇ ئاتلار ئاپئاقچىلىق دۇنياسىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قاشقىسى خۇددى قاردەكلا ئاپئاق. شۇ ئاپتا ئۈستىگە چىقىپ مىنسە، بۇ جانىۋارلار قارلارنى تۇياقلىرىدا دېڭىز بۇژغۇنلىرىدەك چاچرىتىپ ئادەمنى نەقەدەر يايرىتىۋېتەتتى - ھە! لېكىن بىز شەھەرلىكلەر ئاتلارغا مىنەلمەيمىز. چۈنكى ئۇنىڭ ئەيىبى، بىرىنچىدىن، زامان قەدىمى بىلەن تەڭ ماڭالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، شەھەرنىڭ چىرايلىق ئاسفالت كوچىلىرىغا تېزەكلەپ قويىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ گۆشى ھازىر بىزنىڭ قورسىقىمىزدىنمۇ ئاشمايدۇ. شۇڭا بىز ماشىنىلارغا ئولتۇرىمىز. «ھەر كۈنلۈك مەنزىلىمىز»گە «ۋاقىت»نىڭ ئالدىدا بېرىۋېلىپ، خۇددى تاشپاقا بىلەن بەيگىگە چۈشكەن توشقاندەك خىرامان ئوڭدا يېتىۋېلىپ ياكى ئۈستەلدە مۈگدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنداق ۋاقىتنىڭ نەچچىسىنى ئالدىمىزغا ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. ماشىنىلىرىمىزنىڭ «تېزەك»لىرىنى كۆزىمىز كۆرمىگىنى ئۈچۈنلا خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ تېزەكتىن ئۆتە مەينەتچىلىك تارقىتىۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلمايمىز. مېنىڭچە ئاتقا قويغان ئەيىبىمىزنىڭ ئۈچىنچىسى سەل «پۇت تىرەپ» تۇرالىسا كېرەك. راست! «كىم ئۇنى ئىنساننىڭ ئاغزىغا تېتىپ قالسۇن» دەپتىكەن!

قىسقىسى، بىز شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىزگە ماشىنىلارنى تاللىۋالدۇق. بۇ ماشىنىلار ئىنسان ئەقلىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ بارغانسېرى تېز چاپىدىغان بولدى. شۇغىنىسى، پۇتلىرىمىز پۈتۈن قۇۋۋىتىنى شۇ ماشىنىغا بېرىۋەتكەندەك، بارغانسېرى ھارىدىغان، ماڭغانسېرى ئېغىرلىشىدىغان، ھەتتا سىرقىرايدىغان بولۇپ قالدى.

بىز ئۆزىمىز تۇرماق، ھەتتا مىنگەن ئات - ئۇلاغلىرىمىز يەل قويۇپ بەرسىمۇ خىجىل بولىدىغان نومۇسچانلار ئىدۇق. ۋەھالەنكى، شۇ چىرايلىق ماشىنىلىرىمىز توختىماي يەل قويۇپ بېرىۋاتسا، ھەتتا ئۇنىڭ يەللىرى شۇ قەدەر بەتبۇي، شۇ قەدەر قارا ھەم زەھەرلىك بولسىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇق.

ماشىنا دەسلەپ پەيدا بولغاندا بىز بۇ مۆجىزىدىن مەمنۇن بولغانىدۇق، سەل كۆپەيگەندە ئىنسان مۈشكۈلاتىنى ئاسان قىلدى، دەپ كۈلدۇق. ماشىنىلار كۆپەيدى، كۆپىيىۋەردى، بىز

كۆلدۇق، كۈلۈۋەردۇق، ئاخىر بۇ خۇشاللىق كۈلكىمىز ئاچچىق كۈلكىگە ئۆزگەردى. كوچىلارنى قوڭغۇزلاردەك قاپلاپ كېتىلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرىدىن نەپىسىمىز بوغۇلغاندا ئاخىر كۆڭلىمىز ئېلىشتى. بىز ئاجايىپ ئاپەت ئىچىدە قالدۇق، ئىنسان مېتالدىن ياسىغان سېسىق قوڭغۇزلار ئاپىتى ئىچىدە قالدۇق.

گازنىڭ دەستىدىن، كوچىغا چىقسام ئاغزى - بۇرنۇمنى ئېتىۋالغۇم كېلىدۇ، ئۆيگە كىرسەم ئىشىك - دېرىزىلەرنى تاقىۋالغۇم كېلىدۇ. مەن ساپ ھاۋانىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇغىلى تۇردۇم. مەنلا ئەمەس، ھەممىمىز شۇنداق، چوڭلارمۇ شۇنداق، كىچىكلەرمۇ شۇنداق، ئەرلەرمۇ شۇنداق، ئاياللارمۇ شۇنداق. بىز ھەممىمىز ھاسىراپ قېلىۋاتىمىز، شەھەر ھاسىراۋاتىدۇ؛ لېكىن بىز ھاسىراپ تۇرۇپ يەنە تاماكىمىزنى چېكىۋاتىمىز، شەھەر ھۆمىدەپ تۇرۇپ يەنە ھېلىقى گىگانت مۇشتەكلىرىنى تارتىۋاتىدۇ. ھەر بىر ماشىنىنىڭ ئۆزى بىر چىلىم غاڭزا. بىز ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭسىز بىزگە بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى بىلىنمەيدۇ. بىنزىن - سەنەركە پۇرىقىغا سېزىك بولۇپ قالىدىغان چوكانلار بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن قورقىمەن، ئاخىر بىر كۈن ھەممىمىزلا بۇ پۇراققا سېزىك بولۇپ قالمىغىيدۇق، ئاياللارلا ئەمەس، ھەتتا ئەرلەرمۇ سانائەتنىڭ ئىللىتىگە ھامىلدار بولۇپ قېلىپ، بۇ سېزىكچىلىكنىڭ دەردىنى تارتمىغىيدۇق، دەپ قورقىمەن.

پۇرۇغ ۋە ھەر خىل خىمىيىلىك گازلارنىڭ ھىدى، ھەددى - ھېسابسىز ئادەملەرنىڭ سېسىق تەر پۇراقلىرى، ئەخلەت ۋە باشقا چىقىرىندىلارنىڭ بەتبۇيلىرى ھېلىقى ئىس - تۈتەكلەر بىلەن قوشۇلۇپ ھاۋانى بىر ئالدى. بۇ بەتبۇيچىلىق ئاسمىنىمىزدىن ئاخىر بىر كۈن ساپ ھاۋانى سىقىپ چىقىرىۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. سۇلىرىنى بۇلغاپ بولۇپ ئەمدى باغرىڭدا ئېقىۋاتقان داق سۇيۇقىنى چىرايلىق بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ سېتىۋاتقان شەھەرلىكلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى ھاۋايىڭنى رېزىنكە خالتىلارغا قاچىلاپ سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن.

مېنىڭ قورقىدىغانلىرىم ھەقىقەتەن كۆپ، ئېغىنىم. يەر ئاستىلىرىمىزنى كولاپ كوڭتەي قىلىپ بولدۇق. زېمىنلىرىمىز خۇددى قانلىرى سۈمۈرۈۋېلىنىپ، ئىچ - باغرى تارتىۋېتىلگەن مومىياغىلا ئوخشاپ قالدى. ئەگەر دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى زېمىن ئانىمىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا ئوخشاتساق، بۇ چاچلارنىمۇ بىر يۇلۇپ، چەيلەپ بىر يەرگە ئاپاردۇق. بۇ دەل - دەرەخلەرنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىن پەيدا بولغان ئىللەتلەرنىڭ شىپاچىسى ئىدى: گازلارنىڭ، پاسكىنا سۇلارنىڭ زەھەرلىرىنى يىلان زەھىرىنى سۈمۈرۈۋالغاندەك سۈمۈرۈۋالاتتى. ئىنسانىيەتكە ھۇجۇم قىلىۋاتقان قاپقارا ئىس - تۈتەك، ئاچچىق چاڭ - تۇزان، دەھشەتلىك بوران، دەۋدە قۇملارغا مەردانىلىك بىلەن مەيدىسىنى كېرىپ قالقان بولۇپ بېرەتتى. ئۇ خۇددى مېھنەت قىلمىدىغان ئادىمىمۇ يوق، مىننەت قىلمىدىغان باشلىقىمۇ يوق، خۇدا بەرگەن تەبىئىيلا بىر زاۋۇت ئىدى: يېڭىدىن يېڭى ھاۋا ئىشلەپ ھارمايتتى؛ ھاۋا قىزىسا سالقىنلاشتۇراتتى، قۇرغاقلاشسا نەملەشتۈرەتتى، بۇلغانسا ساپلاشتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەجرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. بىزگە كۆرۈنمەي يوپۇرۇلۇپ كەلگەن كېسەللىكلەرنىڭمۇ ئېلىدىن شۇ بوغاتتى، دەھشەتلىك شاۋقۇنلارنىڭ ئاغزىنىمۇ شۇ ئېتەتتى. قىسقىسى، ئۇ دەردىمىزگە داۋا، رەنجىمىزگە شىپا ئىدى؛ ماكانىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشاتتى. بىز ئۇنى يولىمىزغا پۇتلاشتى دەپلا توغرىۋەتتۇق، ئۆزىمىزچە، شۇنداق قىلساق يولىمىز كېڭىيىدۇ دەپ ھېسابلىدۇق، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ماھىيەتلىك ياشاش يولىمىزنىڭ تارىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىمىدۇق. دەرەخلەرنى كېسىپ ئۆي سېلىپ، ئۆزىمىزگە ماكان ياراتتۇق دەپ ئويلىدۇق، ئەمەلىيەتتە ياشاش ماكانىمىزنى يوق قىلىۋاتقىنىمىزنى ئويلىمىدۇق. تازىنىڭ بېشىدىكى تۆت تال تۈكتەك ئۇ يەر - بۇ يەردە غېرىبسىنىپ قالغان دەل - دەرەخلىرىمىز ھەر خىل بۇلغىنىشلار بىلەن ئەمدى كۆچ ئېلىشالماي قالدى. ئۇلار خۇددى غالىب قوشۇننىڭ ئالدىدا شۈمشىيىپ قالغان تۆت توكتوك ئەسكەردەك سالپىيىپ، سارغىيىپ تۇرۇشقا مەجبۇر.

ئاھ، ئېغىنىم، قارىغايلىرىڭ شۇنچە كۆركەم، شۇنچە ھەيۋەت؛ ئۆملۈكىدىن خۇددى يېشىل دېڭىزدەك تاۋلىنىپ يېتىپتۇ، كۈچلۈكلۈكىدىن خۇددى كۆك ئاسمانىنى كۆتۈرۈۋاتقاندەك تىك تۇرۇپتۇ. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا شەھىرىمىزدىكى دەرەخلەر نەقەدەر بىچارە! ئۇلار ۋاقىتسىز تۇگەشكەن قىزدەك رەڭگىنى يوقاتتى، خۇددى بېلىدىن كەتكەن يىگىتتەك دۈمچەكلىشىپ كەتتى. ئۇلار خۇددى بۇ دۇنياغا يېگانە كەلگەندەكلا، ئۆملۈك مۇھىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. بەزىدە شۇ دەرەخلەرنىڭ يېنىك شىلدىرلاشلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا مىسكىن كۈيلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك مۇڭلىنىپ قالىمەن. بۇنداق چاغلاردا ئۇ دەرەخلەر مەن ئۈچۈن دەرەخ ئەمەس، خۇددى بىر ئىنساندەك، مۇڭلۇق مۇزىكىسىنى چېلىپ، يېنىك تەۋرەنگىنىچە دېۋىرقاي يىلىمىدەك ئېرىپ كېتىۋاتقان، شازاڭ بولۇپ كەتكەن باھارى ئۈچۈن يىغان چېكىپ، زامان زۇلمىدىن ئۇھ تارتىۋاتقان بىر دەردمەن ئىنساندەك بىلىنىدۇ.

ئۇھ، بولدىلا، ئېغىنىم، ئەجەب كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ. مەن يىغلىۋېتىدىغان ئوخشايمەن. بوپتۇ، مەن يىغلىۋالاي، شۇ دەرەخلىرىم ئۈچۈن

يىغلىۋالاي، بوستانلىقلار ئۈچۈن يىغلىۋالاي، ھاۋالىرىم ئۈچۈن يىغلىۋالاي، ئەقىلىنىمۇ، ئەقىلسىزلىكىنىمۇ، قۇدرەتىنىمۇ، ئاجىزلىقىنىمۇ، ئىنسابىنىمۇ، ئىنسابسىزلىقىنىمۇ ئۆزىگە يار قىلغان ئىنسان تەبىئىيىتى ئۈچۈن ھەم يىغلىۋالاي.

ئاھ، تېغىم، مېنىڭ ئانا تېغىم، مەن باغرىڭغا تاشلىناي، خۇددى ئانامنىڭ قۇچىقىغا تاشلانغاندەك تاشلىناي! پەرزەنت ئانىسىغا يىغلاپ بەرمەي كىمگە يىغلىسۇن!؟ سەن مېنى ئاق لېچەكلىك ئانامدەك پەپىلىگىن، تېغىم.

باغرىڭدىكى قارلارنىڭ رەڭگى ماڭا ئانامنىڭ ئاق سۈتىنى ئەسلىتىۋاتىدۇ. سەندە ئۇرغۇۋاتقان ساپ ھاۋالار ماڭا ئانامنىڭ مېھرىلىك تىنىقىدەك بىلىنىۋاتىدۇ.

ئېخ، تەڭرىتېغىم، مېنىڭ ئانا تېغىم! سەندە ئانامنىڭ غەمگۈزارلىقى بار. سەن مېنىڭ ھالىمغا يېتەلەيسەن ھەم كۆڭلۈمگە ئاراملىق بېرەلەيسەن.

جىلغىلىرىڭدىكى قار - مۇزنىڭ ئاستىدا ئېقىۋاتقان سۇلىرىڭنىڭ شىرىلداشلىرىدىن مەن سېنىڭ يۈرەك سوقۇشۇڭنى ئاڭلاۋاتىمەن. بۇ ئاجايىپ يۈرەك، بۇ تەبىئەتنىڭ يۈرىكى، بۇ پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسى ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرەك، بۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرەك!

ئوتلۇق يۈرىكىڭنىڭ ھارارىتى ماڭىمۇ ئۆتكەن بولسا كېرەك، ئاجايىپ بىر غەيرەت بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. مەن ئالدىمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. ئەنە، ئالدىمدا مۇزدىن تەبىئىي ھاسىل بولغان گۈزەل ئويمىلىرىڭ، قاردىن يوپۇق يېپىلغان خىلمۇ خىل قىميا تاش ھەيكەللىرىڭ. مەن خۇددى تەبىئەتنىڭ سەنئەت مۇزېيىدا تاماشا قىلغاندەك كېتىۋاتىمەن. مانا، ئالدىمدا ئاجايىپ بىر بۇلاق. كۈمۈش سۇلار ئوخچۇپ - ئوخچۇپ چىقىۋاتىدۇ، ئېقىنىنىڭ ئاستىدا سۇ ئۆسۈملۈكلىرى خۇددى يېشىل پاياندازدەك سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. بۇ ئېقىنىنىڭ بىر گەزچە يېرىلا ئوچۇق، نېرىسىنى نېپىز مۇز تۇتقان، خۇددى يېشىل مەخمەلنىڭ ئۈستىدىكى كۈمۈش ئېقىنىنى خرۇستال قاپقاق بىلەن يېپىپ قويغاندەكلا. شۇ تاپتا مېنىڭ بۇ سۇلارنى شۇ «خرۇستال قاچىسى» بىلەنلا شەھەرگە ئاپىرىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ، تېغىم! بۇنداق پاكىز سۇ بىزگە ھازىر زەمزەم بولۇپ قالدى. بىزنىڭ يەر ئاستىغا سىڭدۈرۈۋاتقان، دەريا - كۆللەرگە باشلىۋەتكەن يۇندا - چاقاندىلىرىمىز، سانائەت ئوپقان قارنىغا تويغىنىنى بىلمەي ئىچىپ ئالدى - كەينىدىن تەڭ ياندۇرۇۋېتىۋاتقان «قۇسۇق»، «نىجاسەت»لەر، ئېكىنزارلار ئىچىپ ئېشىپ قېلىۋاتقان ھەر خىل «قۇۋۋەت دورىلىرى»، سىقىنچىلىقتىن تولغىنىپ ھورغا ئايلىنىپ ھەم بوشلۇقتىكى ئاچچىقتا ئۆستىلەپ زەرداپ يۇتۇپ، كىسلاتادەك يېغىن بولۇپ قايتا يەرگە چۈشۈۋاتقان تامچىلار، مۇشۇلارنىڭ ھەممە - ھەممىسى بىزنىڭ ئانا سۈتىدەك ھالال سۇلىرىمىزنى بۇلغاپ بولدى. سۇلىرىڭنىڭ ئاستىدىكى يېشىل مەخمەللەر بىزنىڭ سۇلىرىمىزنى ئاللىبۇرۇن تەرك قىلغان. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە سۇلىرىمىزدا بېلىق تۇرماق، قۇمۇچاقمۇ تۇرمايدىغان ئوخشايدۇ.

خام ئىچسىمۇ قورساق ئاغرىقىغا شىپا قىلىدىغان، ھەر ئۈچۈمى تېرە كېسەللىكىنىلا ئەمەس، كۆز كېسەللىكىنىمۇ دەپئى قىلىدىغان شۇ ساپ سۇلار ئەمدى بارسا كەلمەس ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قېلىۋېرەرمۇ؟

شەھەر خۇددى بىر داسقا ئايلىنىپ، بىز بۇ بىر داستىكى سۇ بىلەن قولىمىزنىمۇ يۇيىدىغان، يۈزىمىزنىمۇ يۇيىدىغان، ئاغزى - بۇرنىمىزنىمۇ چايقايدىغان، ھەتتا ئۇنى ئۇسسۇزلۇق ئورنىدىمۇ ئىچىدىغان پاسكىنا ئاقىۋەتكە قالارمىزمۇ؟

سۇ قۇشلىرى بىزدىن يىراق - يىراقلارغا كېتىپ قالدى. كۆل - دەريالىرىمىزدا ئانچە - مۇنچە بېلىق بار دېگەندىمۇ، ئۇلار بېلىققىمۇ ئوخشىمايدىغان بېلىق، خۇددى ئادەمگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەردەكلا.

راست، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ھېچنەرسە ئۆز ئەسلىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. بىز ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىۋەتتۇق. بىز ھەل بېرىشكە، پەرداز قىلىشقا، نىقابلاشقا تولىمۇ ئۇستا ئىكەنمىز. مېۋىلىرىمىز شۇنچە رەڭدار، لەززىتى يوق. توخۇملىرىمىز شۇنچە يوغان، قۇۋۋىتى يوق...

مانا، «كارامەت»! مانا، بىزنىڭ «كارامەتلىرىمىز»!

ئاھ، تېغىم!

قۇرۇپ كەتكەن بۇلاقلارنى كۆرسەم خۇددى ئەما كۆزلەرنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىمەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، تەبىئەتنىڭ بۇ ئويناق كۆزلىرىنى بىز قارىغۇ قىلىۋەتتۇققۇ. ئۇ ئەمدى زېمىننىڭ تېرەن - تېرەن يەرلىرىدە - يۈرىكىدە يىغلايدۇ.

ئېقىن سۇلىرىمىزمۇ ئاچچىق زەردابقا ئايلاندى. بۇنىڭدىن زىرائەتلىرىمىز يىغلاۋاتىدۇ، گۈل - گىياھلىرىمىز يىغلاۋاتىدۇ، دەل - دەرەخلىرىمىز يىغلاۋاتىدۇ، تۇپرىقىمىز - ئانا تۇپرىقىمىز يىغلاۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ھەممىمىز يىغلايمىز. ھېلىمۇ يىغلاۋاتقانلار ئاز ئەمەسقۇ!

ئاھ، تېغىم، شۇ تاپتا مۇزلىرىڭدىن سۇ تامچىۋاتىدۇ، ئاھلىرىمدىن مۇزمۇ ئېرىدى، بۇ ئاھلار ئەجەبا نەپسانىيەتچى ئىنساننىڭ يۈرىكىنى ئېرىتەلمىسە!

خۇددى بىر دەردمەن يىغلاپ سۆزلەۋاتقاندا ھەممەيلەن دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ مۆڭلىنىپ تىڭشاۋاتقاندەك بىر خىل جىمجىتلىق... ئۇلۇغۋار جىمجىتلىق... مەن مۇشۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قوينۇڭدا تۇرۇۋاتىمەن،

تېغىم.

بۇ، شەھەر شاۋقۇنىدا چارچىغان نېرۋىلار ئۈچۈن نەقەدەر زور ئارام - ھە!

ھەر خىل ماتور، گۈدۈكلەرنىڭ شاۋقۇنى، ھەر خىل رادىئو دولقۇنلىرىنىڭ چىرىلداشلىرى، چوڭ - كىچىك ماشىنا، رادىئو كانايلىرىنىڭ ئەسەبىي چۇقانلىرى، پاراۋوزلارنىڭ پۇشۇلداشلىرى، ئايروپىلانلارنىڭ چىرقىراشلىرى ئالدىدا چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان، پاقىلارنىڭ كۇركىرىغان، قويلارنىڭ مەرىگەن، كالىلارنىڭ مۆرىگەن، توخۇلارنىڭ چىللىغان، قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى ئاساسەن ئۆچتى. ئىنسانىيەت ياراتقان شاۋقۇن - سۈرەنلەرنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھايۋانات، ئۇچار قاناتلار غىڭ قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بىز بۈيۈك تەبىئەتنىڭ گۈزەل كۈي مېلودىيىسىدىن مەھرۇم بولدۇق. باللار نەغمىچى قۇشلارنى پەقەت رەسىملىك كىتابلاردىلا كۆرەلەيدۇ. شائىرلار كاككۇك، بۇلبۇلنىڭ نېمىلىكىنى كۆرمەي تۇرۇپ، پەقەت ئاڭلىۋالغىنى بويىچە ئۇنى قوشاقلارغا قېتىۋېرىدۇ.

.. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ قۇشلار زەينەپتەك رىۋايەتتىكى قۇشلارغا ئايلىنىپ قالماسمۇ!

بەزىدە تىرىقتىدە قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ چىرايلىرىمىز تامدەك تاتىرىپ كېتىدىغان، بەزىدە ئۆيدىكى ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ئاۋازىدىن نېرۋىلىرىمىز قوداشقىپ، غۇج - غۇج بولۇپ، ئۆزىمىزنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالىدىغان، كېچىلىرى ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىدىن مېڭىمىز يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، چېكىمىزنى تۇتقانچە تىك ئولتۇرۇپ چىقىدىغان بىز شەھەرلىكلەر بۇ شاۋقۇنغا ئامال قىلالماي، ئاخىر «مانا، ئەمىسە» دەيدىغان بىر يولغا چۈشتۇق، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىمىزدا ئېلېكترونلۇق چالغۇلىرىمىزنى بولۇشىچە چالىمىز، دۇمباقلىرىمىزنىڭ ساداسى زاللارنىڭ تورۇسىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، جاڭ - جاڭلىرىمىز ئاجىز قۇلاق پەردىلىرىنى يېرىۋېتىدۇ. دەھشەتلىك مۇزىكا شاۋقۇنىدا بولۇشىچە كۈلگەن كۈلكىلىرىمىزمۇ ئاڭلانماي، مۇردىلارنىڭ سۇرلۇك ئېچىلىپ قالغان ئېغىزلىرىدەك ئېغىزلىرىمىزنىلا كۆرۈپ قالىمىز. بۇ ئاۋازلارغا رەڭگارەڭ چىراغلار ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ. بۇ ئەسەبىي سادالار بىزنى ئورنىمىزدىن تىك تۇرغۇزۇۋېتىدۇ - خۇددى تۈگمەنگە قوشقان خېچىردەك بىر دائىرىنى چۆگىلەپ يۈگۈرىمىز، تاقلايمىز. ئۆگە - ئۆگىلىرىمىز، مۇسكۇل - مۇسكۇللىرىمىز، ھۇجەيرە - ھۇجەيرىلىرىمىز شاۋقۇن - سۈرەن دولقۇنلىرىدا لەپەڭشىپ، چايقىلىپ، ئاخىر بىر پەدىنىڭ ئاياغلىششى بىلەن شاپپىدە توختايدۇ. شاۋقۇننىڭ شۇتىنچىغان مىنۇتىدا بىز چەكسىز ئاراملىق تاپىمىز. مانا بۇ شاۋقۇننى شاۋقۇن بىلەن يېڭىش چارىمىز، بۇ خۇددى زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغاندەكلا چارە. بۇ، نېرۋىلارنى تىترىتىپ، قورقۇتۇپ، چۆچۈتۈپ داۋالاش چارىسى. بۇ، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى يېڭىچە غىدىقلاش چارىسى. بۇ، سانائەت دەۋرىنىڭ ئەسەبىي رىتىمىگە ماسلىشىش!

شۇنداق، تېغىم، بىز زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرىمىز دەپ، چاي ئورنىدا ھاراق، ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ھەر خىل ياسالما سۇيۇقلۇقلارنى ئىچىمىز. بۇ بىزنىڭ بۇلغانغان سۇلىرىمىزنىڭ زىيىنىغا قىلغان داۋايىمىز.

ساپ ھاۋا بولمىسا مانا دەپ، تاماكا تۈتۈنىنى، يەنە ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق چېكىملىكلەرنىڭ ئىسىنى سۈمۈرىمىز. بۇ بىزنىڭ بۇلغانغان ھاۋاغا قىلغان ئامالىمىز.

شاۋقۇنغا قىلغان چارىمىز ھېلىقىنىڭدەك.

قارىغاندا، بىز قېيىداپتۇق، جاھاندىن قېيىداپتۇق، ھاۋادىن قېيىداپتۇق، سۇدىن قېيىداپتۇق، شاۋقۇندىن قېيىداپتۇق... ھەممە - ھەممىدىن قېيىداپتۇق، ئاخىر بېرىپ ئۆزىمىزدىنمۇ قېيىداپتۇق.

ئىنسان پسىخىكىسى ئاجايىپ مۈرەككەپ بولىدىكەن. بىز ئۆز - ئۆزىمىزنى خۇش قىلىشنى بىلىدىكەنمىز، ئۆز - ئۆزىمىزنى رەنجىتىشنى بىلىدىكەنمىز، ئۆز - ئۆزىمىزدىن قېيىداشنى بىلىدىكەنمىز، ئۆز - ئۆزىمىزنى بەزلەشنى بىلىدىكەنمىز. بىزگە ئەقىل - پاراسەتمۇ، ھاماقەتلىكمۇ تەڭلا نېسىپ قىلىنغانىكەن. ئەقىل - پاراسەت دۇلدۇللىرىغا مىنىپ جىق تەرەققىيات مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتۈپتۇق، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپتۇق، پەمسىزلىكىمىز تۈپەيلى ئۆزىمىزنى زىيادە يوغان چاغلاپ، ئۇلۇغ تەبىئەتكە سارائىڭلارچە مۇشت ئېتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇۋازىنەتنى - تەبىئىي تەڭشەكنى بۇزۇۋېتىپتۇق. بىز تەبىئەتنى باش ئەگدۈرىمىز دەپ، ئۇزۇن يىللار قاراملىق بىلەن جەڭ قىلىپتۇق، ئورمانلارنى تۈگىتىۋېتىپتۇق، يەرنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىلتىز - پىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېتىپتۇق، شاش سۇلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىمىز دەپ، ئۆزىمىزچە زور تۇغانلارنى ياساپ جىق ئېقىنلارنى پۇت - قولىدىن بوغۇۋېتىپتۇق... لېكىن ئاقىۋەتتە ئېرىشكىنىمىز نېمە بولدى؟ بىر چۆلنى بوستان قىلىپ بولغۇچە جىق بوستانلىقنى چۆللەشتۈرۈپ بولدۇق. بىر ماكاننى قۇم ھۇجۇمىدىن قوغداپ بولغۇچە جىق ماكاننى قۇم ئىشغالىيىتىگە تاشلاپ بەردۇق. بايلىقلارنى قانچە قازساقمۇ تۈگىمەيدۇ دەپ، زېمىننىڭ ئۈچەي - باغرىنى قارىغۇلارچە تەتۈر ئۆرۈپ بولدۇق. بىزنىڭ پالاكىتىمىزدىن ياپپېشىل تۇزلەڭلىكلىرىمىز نابۇت بولۇپ، كۆل - داشقاللىرىمىز ئاسمان - پەلەك تاغقا ئايلاندى.

زېمىننىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدىكى قانلارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈپ (بۇ - مۇۋاپىق ئالساق ئۆزىمىزگە قوۋۋەت بولىدىغان قانلار ئىدى)، ئاخىر ئۇنى يىغىشتۇرۇپ بولالماي، ئۇ قانلاردىن تېخى نۇرغۇن كۆللەرنىمۇ ياسىۋەتتۇق. ئىنسانغا يورۇقلۇق، هارارەت بېغىشلايدىغان مېھىرلىك قۇياشنىڭ جامالىغا گاز ۋە تۈتەكتىن چۈمپەردە تارتىپ ئۇنى خۇنۇكلەشتۇرۇۋەتكەنلىكىمىز يەتمىگەندەك، يەنە ياۋۇز قۇدرىتىمىزنىڭ نامايەندىلىرىدىن دەھشەتلىك نۇرلارنىمۇ تارقىتىپ، بىزنى پەرۋىش قىلىدىغان نۇر ئالىمىنىڭ تەڭشىكىنى بۇزۇۋەتتۇق. بۇنىڭ بىلەن بىزنى خىلمۇ خىل كېسەللىكلەر چىرمىغىلى تۇردى. . .

ئاھ، يىغىم، مەن شۇنداق بولغانغان مۇھىتتىن قېچىپ قوينۇڭغا كەلدىم. بىزدىكى ئۇ بۇلغىنىشلار سېنىڭ قوينۇڭغا تېخى ئېچكىرىلەپ كىرەلمىدى. بۇ سېنىڭ نەيزىلىك نەۋكەرلەردەك مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغان قارىغايلىرىڭنىڭ تۆھپىسى، ئىنسانلارنىڭ سارالارچە تەۋەككۈلچىلىكىگە كەڭرى يول ئېچىپ بەرمەي، بىر - بىرىگە يېقىن مۈرىدەپ تۇرۇۋالغان قاپتاللىرىڭنىڭ تۆھپىسى. توغرا قىلدىڭ، يىغىم، بىزگە يول بەرمەي توغرا قىلدىڭ! ئەگەر بىزگە كەڭ يول بېرىۋەتكەن بولساڭ، بىز ئويمانلىرىڭنى تاغ قىلىپ، تاغلىرىڭنى ئويمانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، گۈل - گىياھلىرىڭنى بېشىڭدىكى چاچنى يۇلغاندەك يۇلۇۋەتكەن بولاتتۇق. ئورمانلىرىڭنى زىكرىيانى ھەرىدە توغرىغاندەك توغرىۋېتەتتۇق. ھايۋانلىرىڭنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، تېرىلىرىنى ئۈستىمىزگە كىيىۋالاتتۇق. بىز ھايۋاناتنى «ھايۋان» دەپ تىللايمىزغۇ، شۇ چاغدا ھايۋانلارمۇ بىزنى غەزەپ بىلەن «ئىنسان» دەپ تىللىغان بولاتتى، يەنى «ئىنسان» دېگەن سۆزدىكى ئۇلۇغۋارلىق ئۇقۇمى «ھايۋان» دېگەن سۆزدىكى ۋەھشىيلىك ئۇقۇمىغا ئالمىشاتتى. ئۇ چاغدا ئېرىقلىرىڭدا كۈمۈش سۇ ئەمەس يۇندا ئاقاتتى؛ ھەر خىل قۇشلىرىڭ ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ قاغا رەڭگىگىلا كىرەتتى، ئاخىر بۇ يەردىنمۇ يامانلاپ يىراق قاچاتتى. ئۇ چاغدا بۇ يەردە بوران چىقسا غازاڭ ئۇچمايتتى، سۇلىياۋ خالتىلار ئۇچاتتى، ئاسماندىنمۇ يامغۇر ياغمايتتى، كىسلاتا ياغاتتى؛ باغرىڭدا چوڭ - كىچىك تاشلار ئەمەس، تاشلاندۇق ماشىنا، قۇرۇق قۇتا، سۇنغان بوتۇلكىلار ياتاتتى. . .

ئېخ، يىغىم، مېنىڭ تەڭرىتېغىم، سەندە تەڭرىنىڭ بۈيۈكلۈكى بار. سەن ئىنسانغا شاپائەت قىلىشقىمۇ، ئۇلگە يارىتىشقىمۇ قادىر. ئىنسان - سەن تەربىيەت قىلغان، سەن ئىشەنگەن ئىنسان ھامان سەندىن ئەندىزە ئالالايدۇ. ئۇلار - ياشاش ماكانىنى كېڭەيتىپ، يەر يۈزىنى، ھەتتا بوشلۇقنىمۇ تارايتىپ ئۆزلىرىگە ئۈستى -

ئۈستىلەپ ئۆۋا سېلىۋالغان، تار قەپەسلىرىدە پۈتۈن ئالەمنى «جاھان ئەينىكى» دە تاماشا قىلىپ ئولتۇرغان ئىنسان ھەرگىز پۇراقسىز، قۇدرەتسىز سۇلىياۋ گۈللەرگىلا باغلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار ھامان ئۆزلىرىنى، ئۆز ئەتراپىنى تەبىئەتنىڭ خۇش پۇراقلىق، خاسىيەتلىك گۈللىرىگە پۈركەيدۇ. ئۇلار چۈشىنىدۇ: بىر نېمىنى بۇزۇشنى بىلگەن ئادەمنىڭ ئۇنى چوقۇم ياساشنى بىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ.

ئۇلار چۈشىنىدۇ: ئىنساننىڭ يەر شارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى يەر شارىنى تاشلاپ باشقا سەييارىلەرگە چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يەر شارىنى بۇ ئالەمنىڭ ھەقىقىي جەننىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

چۈنكى ئىنسان ئەقىللىك، يەنىلا ئەقىللىك.

*

ئېخ، تېغىم، مېنىڭ تەڭرىتېغىم. مەن سېنىڭ ئېگىز چوققىلىرىڭدا تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سېلىۋاتىمەن، كۆككە نەزەر سېلىۋاتىمەن، يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېلىۋاتىمەن.

ئاسمىنىڭ نەقەدەر سۈزۈك، ئەتراپ نەقەدەر يورۇق!

شۇ تاپتا مېنىڭ كۆڭلۈممۇ خېلى يورۇپ قالدى. بۇ پاك قوينۇڭنىڭ خاسىيىتىدىن شۇنداق بولۇۋاتامدۇ ياكى سۆزلەپ ئىچىمنى بوشىتىۋالغىنىم ئۈچۈنمۇ؟

شۇ تاپتا ئىچ - ئىچىمدىن تولغۇم كېلىۋاتىدۇ. مەن توۋلاي، تېغىم، ئاۋازىمنىڭ بارىچە توۋلاي:

«ئىنسان! ئىنسان!»

ئاھ، ئىنسان ھالىغا يېتىدىغان جىلغىلار! ھەممىسى تەڭلا ساداياندۇرۇۋاتىدۇ.

«ئىنسان! ئىنسان!»

بۇ ئەكس سادا ئەمەس، بۇ تەبىئەتنىڭ ساداسى!

بۇ سادادا ئىنسانغا بولغان ئاجايىپ تېۋىنىش بار. بۇ سادادا ئىنسانغا ئاجايىپ ئېچىنىش بار!

بۇ سادادا يەنە شۇ ئىنسانىنى ئويغىتىش بار، بۇ سادادا يەنە ئىنسانىنى قوزغىتىش بار!

بۇ سادادا يەنە شۇ ئىنسانغا ئىشىنىش بار، كېلەچەككە، گۈزەل كەلگۈسىگە ئىنتىلىش بار!

شۇنداقمۇ، ھە، تېغىم، شۇنداق ئەمەسمۇ!؟

جىق سۆزلىدىم، بەكمۇ تاققا - تۇققا سۆزلىدىم، ھەتتا بەزى سۆزلىرىمنى تەكرار - تەكرار سۆزلىدىم. قالايمىقانچىلىق ئۈستىدىن دەرد تۆككىلى تۇرغاندا سۆزمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىدىكەن. پاسكىنىچىلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلغىلى تۇرغاندا سۆزدىكى نەپىسلىكمۇ يوقىلىپ قوپاللىشىپ كېتىدىكەن. بۇ سۆزلىرىمدە بەزىدە كۈلۈپ، بەزىدە يىغلاپ، بەزىدە ۋارقىراپ، بەزىدە ئۈنۈم ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە قاراپ بەلكىم

ھەيرانمۇ بولغانسەن، تېخىم؟ بۇنىڭغا نېمە ئامال؟! مۇھىتلىي بولغاچ ئېرۋىلارنىمۇ كاردىن چىقىرىپ بولدۇق. بۇ، يا سارائىلىقتا يۈزلىنىۋاتقان، يا سارائىلىقتىن ساقىيىشقا قاراپ ئىنتىلىۋاتقان بىر ئىنساننىڭ شىكايىتى ياكى سەمىمىي ئىقرارى

بولۇپ قالار!

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى

# خەيرلىك كۈن

(ھېكايە)

مەنتۇرسۇن سۇلايمان

- ھېلىماخۇن بوۋاي سىز بولامسىز؟
- خوش، مەن شۇ كىشى.
- ئېلېكتر سىمى كىرمەپتىغۇ تېخى.
- مەھەللىدىن سوۋاپ بېرىدىغان ئەۋز ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ چالىسىنى يۆتكۈرمىدى. شۇ يۆتسە سىمنى يېڭى ئۆيگە ئۇلاپ، بۇ ئەسكى ئۆۋنى قوش
- قانات، كەپتەرلەرگە تاشلاپ بەرمەكچىدىم.
- ئۇنداق قىلماڭ، ئېغىل سېلىڭ، قوي بېقىڭ. ئادەمگە گەپ قىلغاندا ئېلىڭىزدىكىنى يۇتۇۋېتىڭ، توختىماي بىر نەرسە شۇمۇۋېرىسىزغۇ.
- ھەي... قاچانكى تۇگۇنچەككىن، بىر ئوچۇم كەندىر ئۈچرىدى. نەشە ئېتىپ چېكىپسەن دەپ كەندىر تېرىغىلى قويمىغاندىن بۇيان ئۇنتۇپ كەتكىلىمۇ ئۇزۇن بولغان، تۇرۇپلا سېغىنىپمۇ قاپتىمىز، شۇنى قورۇپ مۇجىمداق ئېتىپ يېسەك قانداق بولىدىكىن دەپ... تۇفى.
- شۇ چاقىچە بېشىڭىزدىكى ماكۇرەك تەلپەكنىمۇ يەڭگۈشلىمەپسىز.
- كىيىم - كېچەك قىلدۇرۇپ بەرگەن بولمىسا، ھېيت - بازارلىقتا ئاياپتۇق.
- يەنە نېمىڭىز كەم زادى؟
- يوتقان - كىگىز، كۆرپە قىلىپ بەردى. رادىئو، تېلېۋىزور ئەكېلىپ بەردى. ئۇن، قوناق كىرگۈزۈپ بېرىپ تۇردى. ئەمدى ئىگەم بۇيرۇسا، باغ - ئوتاغ قىلسام، ئالما - ئانار تىكسەم، قوغۇن تېرىسام، ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ۋالىي ئاتىمىزغا رەھمەت ئېيتسام دەيمەن.
- توغرا - توغرا، تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىشقانىيەت قىلىپسىز. ۋالىيغا مىننەتدارلىقىڭىزنى بىلدۈرگىنىڭىز تۈزۈك.
- بىلدۈرىمەن. ھەر قايسىلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قوشۇپ دەيمەن.
- ئۆزى تولىمۇ پۇقرا پەرۋەر ئادەم، كېپىڭىزنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشايدۇ.
- ئالامەت نۇرلۇق كىشىكەن جۇمۇ.
- شۇنداق، چىرايىدا نۇر چاقناپ، مەڭزىدە قان تەپچىپ تۇرىدۇ. ئۆزى ۋىلايىتىمىزدىكى جىمى ئادەمدە خۇددى سىزدەك ئۆچمەس تەسىر قالدۇرغان چوڭ رەھبەر ئۇ. بولۇپمۇ نامراتلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.
- تووا، شۇ كۈنكى ئىشنى دەيمەن، ئىشىك
- تۆگلۈكۈمدىن ئىس - تۈتەك چىقىپ تۇراتتى، تۈتۈننىڭ ئاچچىقىدا كۆزۈمنى ئاچالماي تۇرسام، خۇددى مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ يەرگە، سىلىنىڭ مۇنۇ ماشىنىغا ئوخشايدىغان قوڭغۇز ماشىنىدا تاشيولدىن قايرىلىپلا يېنىمغا ئۇچۇپ چۈشتى.
- موھتاجلىقىڭىز دەررۇ دىلغا يەتكەن، شۇڭا يولنى ئۆزگەرتىپلا سىزنى تاپقان گەپ.
- شۇنداق. كاتتىمىزنى كۆرۈپ قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي سەل بېسەرەمجان بوپتىمەن، قارىسام ۋالىي شۇكەن، قولۇم - قوشنىلارنىڭ دېنىشىدە (تېلېۋىزوردا دېمەكچى - مۇھەررىردىن) چىرايىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرغاچقا ئاسانلا تونۇۋالدىم.
- ۋالىي شۇ، ئۆزى روھلۇق، تېتىك ئادەم، سۆزلىسە كۈلۈمسىرەپ سۆزلەيدۇ.
- شۇنداق قىلدى، كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى. ئالدى - كەينىگە زەن سېلىپ چىقتى.
- ئۇنىڭدا قالتىس پاراسەت، يۈكسەك سەزگۈرلۈك بار. بارلىق ۋاقتىنى ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار لايىھىگە بېغىشلايدۇ.
- شۇنىسى. سەل بىتابمۇ نېمە، ئىچىم سىرىلدى، ئورنىدىن تەسرەك قىمىرلىدى.
- سالامەتلىكى دېگەندەكمۇ ئەمەس، لېكىن ئىككىنچى سەپكە چېكىنىشنى كۆزلەپ باققىنى يوق. ئەنە كۆرۈپسىز، ماشىنا ئىچىدە تۇرۇپمۇ كۆڭلىگە نۇرغۇن پىلان - تەسەۋۋۇر تىزدى.
- سەمرىپ تىقىلىپلا كېتىپتۇ، يا بېرىپلا ياردەملەشمەپتىمەن. ماشىنىدىن قىينىلىپ چۈشتى.
- ھاردۇق يەتكەن - دە. كۈنبويى تۈرلى - تۈمەن ئىشلار كۈتۈپ تۇرغاچقا زىيادە چارچىغان گەپ.
- ئىشقىلىپ پەرۋەدىگار ئۇنى ئەجەب يەتكۈزدى. ۋالىي دېگەن كارامەت گەپكەن، ئۆلسەم نامزىمغىمۇ بۇنچىلىك ئادەم كەلمەستى. ماشىنىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا يېنىغا ئادەم دېگەن قار - يامغۇردەك يېغىپ كەتتى - ئەزالار كەلدى، مەھەللە، يېزا باشلىقلىرى كەلدى. ناھىيىنىڭ شۇجى، ھاكىم، جۇجاڭ - كوجاڭلىرىمۇ كەلدى.

ھەممىسى كەلدى. بۇ يەر ئادەم بىلەن دەۋرەپ كەتتى.

- كۆپچىلىك سۆيۈملۈك ۋالىيسىنى تازا سېغىنغان، دىدارىغا قېنىۋېلىشنى ئويلىغان - دە.

- مەنمۇ دىدارىغا قېنىۋالدىم. يەنىمۇ كۆپرەك قېنىۋالماقچىدىم، خەقلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قىسىلىپ قېلىپ قىمىرلىيالمىدىم.

- شۇنداق بولىدۇ. ھەممەيلەن قەدىرلىك ۋالىيسىنى ھۆرمەتلەيدۇ. قانچە كۆرسە شۇنچە كۆرگۈسى كېلىدۇ.

- كۆرگۈسى كېلىدىكەن، ھېچ بولمىسا ئايىغىدىكى بىر چىمدىم توپىسىنى بولسىمۇ كۆزۈمگە سۈرتۇۋالماپتىمەن.

- سۈرتۇۋالسىڭىزغۇ خاسىيىتى، خۇشپۇرىقى ئۆمۈر بويى روھىڭىزدىن يولەيتتى. مېنىڭچە ئۇنداق قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ياخشىسى ھازىرقى ئەۋزەللىكنى سۆزلەپ بەرسىڭىز كۆپايە ئىدى.

- شۇنىڭغا ئەقلىم يەتمەپتۇ.

- قارىغاندا، ئۇ سىزنى دائىم يوقلاپ ئۆتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

- يوغسۇ - يوغسۇ، ۋالىي دېگەن كىم، بىز كىم، ئادەتتە مېنىڭكىگە ئەترەت باشلىقىمۇ كىرىپ - چىقمايتتى. كەپتەرمۇ دان بار يەرگە چۈشىدۇ - دە.

- ئۇنداقمۇ ئەمەس، ۋالىي پەزىلەتلىك ئۇلۇغ ئەرباب، مېڭىسى نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئىشلەيدۇ. پۈتۈن ۋىلايەتنى بەش قولدەك بىلمىسە سىزنى نەدىن بىلىدۇ. قارىماسىز، ھېچكىم بىلەن ئۈچراشمايلا ئۇدۇل كېلىپ سىزنى تېپىۋالغىنىنى.

- شۇڭا دۇئادا ياد ئەتسەممىكىن دەيمەن.

- بولسا شۇنداق قىلىڭ. ئۇ سىزگە نېمە دېدى؟

- «بۇ قايسى يېزا» دېدى.

- سىز نېمە دېدىڭىز؟

- بىزنىڭ يېزا دېدىم.

- جاۋابىڭىز تازا دېگەندەك ئوبدان بولماپتۇ.

- ئوبدان بولماسلىقى ئوبدان بولمىدى. ئوبدان جاۋاب بېرەي دەپ تۇرسام بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا قارىغىلى تۇردى.

- ئاشۇ پالاكەت قاپساڭنىڭ قىياپىتى - زە، ھەي. . . قاراپ كۆڭلى غەش بوپتۇ - دە.

- كۆرۈپ تۇردۇم، شۇ ھامان چىرايى قىزىرىپ تىتىلداپ كەتتى.

- ئەنە - ئەنە، تەخىرسىزلىك تۈيغۇسى ئۆزلۈكسىز چاپچىغان - دە.

- چاپچىدى، ئۇ ئالدى - كەينىگە نەچچە يېنىپ، نەچچە ماڭدى.

- دېمىدىممۇ، ئېغىر سەۋەنلىك! ھەي - ھەي!

- نەگىلا ماڭسا كىشىلەر ئارىغا ئېلىۋېلىپ سالاملىشىپ ئارام بەرمىدى. بىزنىڭ پوچى - دەڭگىرەك ھاكىممۇ «ھاي - ھاي!» قىلىپ توسالمىدى. ماۋۇ پەس تەرەپ بولۇڭ - غولپەككە بەك دىۋىندى.

- ئىسىت، بۇ خىلۋەت ياقىنىڭ ئېتىزلىرىنى بۇرۇنراق يورۇشلەشتۇرۇش لازىم ئىدى.

- يورۇشلەشتى. ئاۋۇ تۈپتۈز مەيدان ئەسلىدە قېقىر چۆنەك، ئويمان - توقايلىق ئىدى. پۈتۈن يېزا ئىككى ھەپتە ئىشلەپ چىڭ چاسا قىلدى. ئىدارىلەر قىنغ ئېلىپ چىقتى. ئۆستەڭ چېپىپ، ئايلانما ئېرىقلىرىغا سېمونت تاختاي بېسىپ، ئاستىنقى قاشانى قاغا جىگدە، يېمىش جىگدە، نان جىگدە قىلدى. چەت چۆرىسى، ئوتتۇرىسىغا توغاچ ئۆرۈك، خوۋەينە ئۆرۈك، قوشقاچ ئۆرۈك تىكتى. ۋالىي كېلىپ تۇرسا ياخشىكەن.

- شۇنداق، ئۇ بىر ئۇنتۇلماس خەيرلىك كۈن.

- خەيرلىك كۈن ئوبدانكەن.

- بۇنىڭدا گەپ يوق.

- نېمىشقا دېمەملا، ۋالىي كېلىپ كەتكەندىن بۇيان ئۆيلەرنى مۇمكىنقەدەر خىشتا سېلىشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. يوللار كېڭەيتىلىۋاتىدۇ، ماي بېسىپ بېرەرمىش. مەھەللىنىڭ ئىشخانا، تېلېفونلىرى يېڭىلىنىپتۇ. توك دېگەن نەرسىنى كۆرمەيتتۇق، يېزىمۇ يېزا ئاتلىتىپ بىزگە توك تارتىپ بەردى. مەدەنىيەت ئۆيى دەمدۇ، كىتابخانىمۇ شۇنداقتىن بىرنى قۇرۇۋېتىپتۇ دەيدۇ. ئاڭلىساق يەنە بۇ تەۋەگە مەكتەپمۇ سالارمىش.

- دېمەك، مەھەللىڭىزلاردىكى ئۆزگىرىش سىزنى ئالاھىدە زوقلاندۇرۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىمىز سىزچە تازا يېتەرلىك بولمايۋاتقاندۇ؟

- . . . نېمە؟ . . . ئەمدى. . . بۇ. . . ئۆزلىرى چوڭىمىزدەك كۆرۈنىلىغۇ؟

- راست، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرماپتىمەن، مەن مۇۋەققەت ھاكىم.

- مانا، مانا، ۋالىينىڭ بىر كېلىشى بىلەن ھاكىملىرىمىزمۇ بىزنى كۆپ يوقلايدىغان بولۇپ كەتتى. بالدۇرقى ھاكىممۇ كۆپ كېلەتتى.

- ئۇ، سىياسىي كېڭەشكە ئالماشتى. قانداق گېپىڭىز بولسا ئەمدى ماڭا دەۋېرىڭ.

- نېمە گەپ بولىتتى.

- شۇ چاغدا ۋالىي يەرلىك باشلىقلارغا تېرىكىپتىكەنغۇ.

- دەسلىپىدە سىلىق گەپ قىلدى، ئاندىن ياندامغا قارىدى.

- مۇشۇ تەۋەدە تېخىچە يۈكسىلىش بولمىغانلىقى، بىنامىنىڭ ئۆزلەشمىگەنلىكى، ئامىنىنىڭ نامراتلىقى ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر توغرىلىق مەسئۇل تەرەپلەرنى خېلى قاتتىق تەنقىدلەپتىكەنغۇ؟

- ياق، تەنقىدلىمىدى.

- بىلمەس بولۇۋالالا. شۇ ۋاقىتتا ۋالىي ئۇنداق دەپتۇ، مۇنداق دەپتۇ، «ئاممىنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلىمەپتۇ»، «يېڭى يېزا قۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەپتۇ» دەپتۇ؛ «تەرەققىيات بىر ئىزدا توختاپ قاپتۇ»، «نامراتلارنىڭ نېمە يەپ، نېمە ئىچىشى بىلەن كارى بولماپتۇ» دەپتۇ دېگەندەك گەپلەر پۈتۈن ناھىيىگە پۈركەتكەنتى. ھازىرمۇ بۇ گەپلەر ھەممىنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

- ئەمما ۋالىي ئۇنداق دېمىگەن. بۇنى دېگۈچىلىك ئۇنچە ئۇزاقمۇ تۇرمىدى. كۆپچىلىك بىلەن ئادەتتىكىچە پاراڭلاشقانىدى.

- ئاڭلىماي قالغان بولسىڭىز كېرەك. شۇنداق دېيىشى دەپتىكەن.

- ئۇ چاغدا باشلىقلىرىمىز بولامدۇ، ئەزالىرىمىز بولامدۇ ھەممىمىز ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان بىر توپ ئىدۇق. ئۇ قاياققا دېۋىنسا، بىزمۇ شۇ ياققا دەۋرىدۇق. بۇ توغرىدا ھېچنېمە دېمىدى. ھېلىقىدەك گەپنىمۇ قىلمىدى.

- ئوبدان ئەسلىيەلمەۋاتىسىز.

- ئوبدان ئەسلەۋاتىمەن. مەن باشتىن - ئاياغ ۋالىينىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىدىم. ئەگەر شۇنداق دېگەن بولسا ئاڭلىماي قالمايتتىم. ئۇنداق دېمىدى.

- ئەمىسە نېمىشقا تېرىكتى؟

- تېرىكمىدى.

- تېرىكمىدى؟

- تېرىكمىدى.

- كېپىنىڭ ۋەزنى خېلى بارمىش. قاپىقى بىر ئاز تۈرۈلۈپتۇ.

- قاپىقى بىر ئاز تۈرۈلۈشى تۈرۈلدى. ئادەملەر ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىشتى. ھەممەيلەن كەينىگە كىرىۋېلىپ تىنىم تاپقۇزمىدى. ۋالىينىڭ توپتىن ئايرىلىپ چىققۇسى بار ئىدى. پېشانىسىدىن تەر چىقتى، لېكىن تېرىكمىدى.

- گەپنى ئەپقاچماڭ، خېلى قاتتىق تېرىكىپتىكەن. سىزنى ئايرىپ قولىڭىزغا ئاستا گەپ قىپتىكەنغۇ.

- ھە راست، ئېسىمگە كەلدى: «ھاجەتخانا نەدە؟» دەپ سورىغانىدى.

- ئۇھ، مۇنداق دەڭ!

- تەرىتى قىستاپ قالغانىكەن، شۇڭا تېرىكتى.

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ۋاپا

(نەسىر)

**ئاتىكەم مۇھەممەت**

چاچلىرى ئۇسۇپ سالۋارىغان، مەشۇقىنىڭ ئىشقىدا چىرايى كۈزدىكى ياپراقتەك سارغايغان مەجنۇن دانادىن سورىدى:

- ئەي ئەقىل ئىگىسى، ھازىرقى ئىنسانلاردىكى ۋاپا نەگە كەتتى؟

دانا ئېيتتىكى:

- ۋاپا - ئاتا - ئاناڭنىڭ يۈرىكىدە، بالىلىرىڭنىڭ تىلىدا.

---

ئاپتور: قارا شەھەر ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ...؟

**ئەخمەتجان خوما**

21 - ئەسىر كەلمەكتە ئەنە،
ھەممىمىزنى چىللاپ مېھمانغا.
مىڭنىڭ يۇمشاق بېشىم خۇدادىن
تىلىمەكتە يېڭى بىر قېلىپ.
مىليونلىغان يالاڭ ئەرۋاھلار
شام گۆرىدىن كەلمەكتە چىقىپ.
پۈتۈلمەكتە تارىخ بېتىگە
سىرلىق چۇقان، قۇرۇق مەدھىيە.
كىيىۋاپتۇ قېرى تارىخچى
ئۇچىسىغا يېڭى كاستۇم.
يارىشىپتۇ گالستۇكى بەك،
ئۇ كەلمەكتە تاقاپ كۆزەينەك.
باش قۇرىغا كىتابىنىڭ ئۇ
«بىز شۆھرەتلىك» دېگەن ئەڭ كونا
ئىبارىنى ئۇستا خەتتاتتەك
شۇنداق نەپىس - كۆركەم يېزىپتۇ.
«بىز ئەزەلدىن مەدەنىيەتلىك،
شۆھرەت تاپقان، زەپەر قۇچقان ئەل.
ئەڭ قەدىمكى يىراق زاماندا
بولغانىدى توققۇزىمىز تەل.»

بىر سوئالىم بارتى تارىخچى،
سورايمىكى، سورىمايمىكى.
ئەقلىڭ بولسا بىلەرسەن ئەمما،
ھوش - كاللاڭنى بىلىپ قولاق سال:
سەن تارىخ دەپ يازغان كىتابتا
بىز بىلمىگەن قانداق گەپلەر بار؟
ئەل كۆرگەندە ئويلاندۇرغۇدەك
قانداق يېڭى ھەقىقەتلەر بار؟
شېئىر توقۇپ يۈرگەن ئەي شائىر،
توم - توم كىتاب يازغان يازغۇچى،
ئەكەلگىنە كۆرەي يازماڭنى.
يۈرگەن بىلەن تەكلىماكاندا،
ئەپسۇس روھىڭ قاپتۇ گاڭگىراپ
زۇلمەت باسقان چۆل - باياۋاندا.
شېئىرىڭنى نېمىشقا يازدىڭ،
قەلەم تۇتۇپ يېتىمسىرايسەن.
توختىماستىن ھېكايە توقۇپ،
نەمەقسەتتە تىلىڭ چاينايسەن.

مەن بوۋامدىن ئاڭلىسام بۇرۇن
بوۋىسىنىڭ چوڭ بوۋىسىمۇ

(ئاڭلاپتىكەن چوڭلاردىن ئۇمۇ
«ياغاچ ئات» دېگەن قىزىق چۆچەكنى.)
كېچە چۈشۈمدە ياغاچ ئات مىنىپ
سەيلە قىلدىم پۈتۈن ئالەمنى.
سەھەر بىر تال تاماكا چېكىپ
ئىس - تۈتەككە تولدۇردۇم پەۋەس
كىچىككىنە غېرىب خانەمنى.
ئوغلۇم چۆچەك ئېيتىپ بەردېدى،
«ياغاچ ئات» نى سۆزلەپ بەرگۈم يوق.
بۇدرۇقىنە ئوماق ئوغلۇمنى
يالغان بىلەن كوللاپ قويغۇم يوق.

بىر شاتۇتى غېرىب ئورماندا
بوۋىسىنىڭ غەيىۇرلىقىنى
كۈيگە قېتىپ ھارماي «سۆزلەيدۇ».
كونا ناخشىدىن زېرىككەن تاللار
چۈشلىرىدە نېمە ئىزدەيدۇ؟

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا گوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## چۈشەنچە

(نەسىر)

### ئابدۇغېنىجان سەيدىن

كامالەت تەختىدە ئولتۇرغان دانا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يىراق - يىراقلارغا تىكىپ خىتاب قىلدى:

- مۇھەببەت - ھاياتقا ھايات، يېڭى مەنە ئاتا قىلغۇچى قۇدرەت ئىلاھى.

ئىشقى پىراقىنىڭ گۈلخانىدا يۈرىكى پۇچولانغان سەۋدايى خۇرسىندى:

- مۇھەببەت ئارامىلىقنى بۇزغۇچى. گۆدەكلىك شادلىقىنى ئوغرىلىغۇچى؛ بىر شادلىقنى قەتلى قىلىپ يەنە بىر خۇشاللىقنى ئاپىرىدە قىلغۇچى لەززەتلىك ئاچچىق مەي.

دەرۋىش گەدىننى قاشلاپ غودۇردى:

- مۇھەببەت بىر مەۋھۇم نەرسە. مەۋھۇم نەرسىگە چوقۇنۇش ئوخشاشلا ئەخمەقلىك؛ مۇھەببەت شەيتان. ئەقلىنى بۇلغاپ، جەننەت ھۆزۈرىدىن تەرك ئەتكۈزگۈچى ئىبلىس.

ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئۇلۇغۋار ھېسسىياتقا تۈغۈت ئانىسى بولۇۋاتقان شائىر پىچىرلىدى:

- مۇھەببەت گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ مۇقەددەس لىرىكىسى، ناخشىنىڭ بۇلىقى، بەختىنىڭ ئانىسى، ھاياتلىقنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتىسى.

بىر كىچىك بالا ھەيرانلىق ئىلكىدە چۇرقىردى:


- مۇھەببەت يەيدىغان نەرسىمۇ؟ (M1)

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 1 -، 2 - سانى (قوشما سان) نىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ئىنسىكلو پېدىك ئالىم، ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى - قەشقەر ئوپالغا تىكلەنگەن ھەيكىلى» ناملىق فوتو سۈرەتنى ئاۋۇت بارات تارتقان. مۇشتىرىلىرىمىزنىڭ ۋاقىپلىنىپ قېلىشىنى سورايمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



# تەڭرىنىڭ ئوغلى

(تارىخىي هېكايە)

ئابدۇللا ساۋۇت

مىلادىدىن بۇرۇنقى 207 - يىل.

بۆرىنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدە ۋىل - ۋىل ئوت ياناتتى، بۇ ئوت بارغانسېرى ئۇلغىياتتى، يالقۇنلىناتتى. ئوردىغا يېقىن، تاشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز بىنانىڭ ئىچى ئاشۇ يالقۇن تەسىرىدە قىزغۇچ نۇرغا تولدى، نۇر تەپتىدە بۆرىنىڭ كۆپكۆك سىرتلىرى ① پارقىراپ تۇراتتى. بۆرە قىپقىزىل تىلىنى مىدىرلاتتى:

— ئوغلۇم، بىلىمەن، كۈنتەڭرى ساڭا بېشارەت بەرگەندىن بۇيان تولا كۈتۈپ هاردىڭ، تالدىڭ، كېچىلىرى مەست قىلىپ كۆز يۇممىدىڭ. بۈگۈنچۇ؟ بۈگۈن نېمىشقا ياتىسەن؟ ياكى تەقدىرىڭگە تەن بېرىپ ئۆلۈمنى قارشى ئالامسەن؟ ياق، بۈگۈن ئاخىرقى كۈنگۇ، قوپ، قاراقۇش ② بىلەن گېدىرا ③ غا تېۋىن، ئاندىن ئايتەڭرى يۈز ئاچقان هامان هېچنېمىگە قارىماي ئاتلان!

يىگىت كۆزلىرىنى ئاچتى، ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى، بۆرىمۇ، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىمۇ، نۇرمۇ كۆرۈنمەيتتى. تاش بىنانىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. يىگىت ئورنىدىن تۇردى، بايىقى چۈشلىرىنى ئەسلەپ بىر هازا جىم ئولتۇردى، ئاندىن كىيىنىپ هويلىغا چىقتى.

قاراڭغۇ تۈن ئۆزىنىڭ ۋەهىمىلىك سۈكۈتى بىلەن پۈتكۈل كائىناتنى سېهىرلەپ، بىپايان سېرىق توپىلىق زېمىننى ئاستىغا بېسىپ ياتقان هەيۋەتلىك تېلەن ④ تىزمىلىرى باغرىدىن سوغۇق، قۇرغاق شامال چىقىراتتى. بۇ شامال لار ئالچى ⑤ تاغلىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ كۈچىيىپ كۈز كېچىسىنىڭ نەم هاۋاسىنى ۋە قىزىل قوچورا ⑥ دىن تارقالغان دېۋىرقاينىڭ هىدى بىلەن ئالچى گۈللىرىنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئۆزىگە قوشۇۋالاتتى - دە، ئاندىن تېخىمۇ خۇشبۇيلاشقان بۇ ئارىلاشما هىدلارنى ساندىبىل ⑦ شەهىرىگە چېچىپ ئۆتەتتى.

بىراق، ئۇلۇغ ياۋچىلار يېڭىدىن پايتەخت قىلغان بۇ شەهەرنىڭ قورۇقچىلىرى بىلەن ئوردا سىپاهلىرى تۈننىڭ شامال ئېلىپ كەلگەن ئۆتكۈر، مەست قىلغۇچى بۇ ئارامبەخش، لەززەتلىك هىدلىرىنى سەزمىگەندەك جىددىي هالەتكە ئۆتكەنىدى. پەقەت هويلىدا - تاش پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ نېمىندۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان يىگىت شامال لارغا ئەگىشىپ كەلگەن ئاشۇ تونۇش، يېقىملىق، شېرىن هىدنى - ئالچى گۈللىرىنىڭ هىدنى ئىشتىها بىلەن سۈمۈرەتتى. «قەدىمدىن بۇيان ئوردىمىزدىكى ئالچى ئانىلار ئەنە شۇ ئالچى تېغىدىكى گۈللەردىن ياسالغان ئۇپا - ئەڭلىكلەرنى ئىشلەتكەن، ئالچى ئۇپىسى ئۇلارنىڭ هۆسنىگە هۆسن قوشقان. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا ئالچى دېگەن سۆزنى قوشۇشقان. ئوردىدىكى سول قول، ئوڭ قول بىلگەخانلارنىڭ، ئېل قوساي، قۇتىغۇ، سانغۇنلارنىڭ ⑧ مەلىكىلىرى، قۇنجۇيلار ⑨، كۈمۈش تېكىنلەر ⑩ مۇ ئالچى ئۇپىسىنى ئىشلىتەتتى. سۈجۈكچۇ؟ ئالچى سۈجۈك. ئاھ، گۈزەل مەهبۇب، ئۇمۇ ئاشۇ ئالچى گۈلىنىڭ ئۆزىلا ئىدىغۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى. . . ئاھ، سۈجۈكىم. ئوردىدىكى ئەركەكلەرنىڭ:

ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغدىن،
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز - ئايالىمىز.

دەپ هەسرەت بىلەن قوشاق ئېيتقىنى بىكار ئەمەس. بۇ زېمىن هەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن. تەڭرىقۇتلىرىمىز بۇ زېمىننى ياۋچىلارغا تارتتۇرۇپ قويدى. مانا، مەنمۇ ياۋچىلارنىڭ ئېلىكىدە بارىمتاي ⑪ بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن. ياق، بارىمتاي بولمايمەن، مەن ئەسلىدە ۋەلىئەهدى، تەڭرىقۇت تەختىنىڭ مىراسخورى. بىر هەپتە بۇرۇن كۈنتەڭرى بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدا بېشارەت بەردى. راست دېگەندەك ياۋچى خان مەن تۇرغان بۇ تاش بىنانىڭ ئەتراپىدا لەشكەر كۆپەيتتى، هەتتا. . . ماڭا مەخسۇس ئاجرىتىلغان مۇلازىملارنىڭ ئورنىغىمۇ قوراللىق سىپاهلارنى قويدى، نازارەت كۈچەيتىلدى. مانا، هېلىلا ئۇلۇغ توتېم چۈشۈمگە كىردى، قاراقۇش بىلەن گېدىرا ئاسماننىڭ قايسى بۇرجىدىن كۆرۈنەركىن؟ جەۋزا ⑫ چۇ؟ جەۋزاجەر ⑬ نى پاتراق بەلگىلىسە، ئايتەڭرى چاقىرغان

ھامان يولغا چىقسام. خەپ، بىر كۈنلەر كېلىدۇ، كۆكتەڭرى مەدەت بېرىدۇ، بۇ زېمىننى قايتۇرۇۋالىمسام! . . .» ئاشۇنداق ئوي - خىياللار بىلەن ئۇيقۇنى تەرك ئېتىپ، يۇلتۇز تەڭرىلىرىنى ئىزدەپ كۆزلىرى تۆت بولغان، تاقىتى تۈگىگەن، ئالچى ھىدىنى تەشنالىق بىلەن سۈمۈرۈۋاتقان بۇ يىگىت ھون تەڭرىقۇتى تۇمەنخاننىڭ تۇنجى ئوغلى ئوغۇز ئىدى.

بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار بىردىنلا كۆچەيدى - دە، ھون قەبىلىلىرى ئىگىلەپ تۇرغان تېلەن، ئالچى تاغلىرىنى، خېشى كارىدورى بىلەن مۇگاۋ غارلىرىنى، قىسقىسى بۇ بىپايان سېرىق تۇپىلىق زېمىننى تارتىۋالدى. خانلىق قۇرۇپ، ساندىبىل شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار يەنىلا تىنچىمىدى. نۇرغۇن قېتىملىق قانلىق يېغىدىن كېيىن ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، شەرتنامە ئىمزالاشتى. شەرتنامىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت بويىچە تۇمەن تەڭرىقۇت ئوغلى، تاج مىراسخورى ئوغۇزنى، ياۋچى خان بولسا قىزىنى بىر - بىرىگە بارىمتاي قىلىپ بېرىشتى. مۇبادا ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلسىلا بارىمتاي قىلىنغانلار سۆزسىز ئۆلتۈرۈلەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك يېغى باشلىناتتى.

تاش بىنانىڭ تۇيۇقسىز قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشى - ھونلار بىلەن ياۋچىلارنىڭ يامانلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. شۇڭا، ئوغۇزنىڭ ھاياتى جىددىي خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتاتتى. ئەجەل قۇشى تاش بىنا ئۈستىدە قانات قېقىپ ئەگىشكە باشلىغانىدى. شۇڭا ئۇ كۈندۈزى ئارام ئالمىدى، كېچىلىرى ئۇخلىمىدى، قېچىشنىڭ، بىر ئامال قىلىپ ئۆز تۇپرىقىغا، ئانا ماكانى - ئۇلۇغ پايتەخت - تەڭرىبالىقىغا ⑭، ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا بېرىلىۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشتى، لېكىن ۋاقتىنى، پەيتىنى تەڭرىلەر بەلگىلەيتتى. ھېلىمۇ ئۇ كۈن، ھەپتە، ئايلارنى، دادىسىنى، ئانىسى ئالچى ئايىقاغاننى، ئۆگەي ئىنى - سىڭىللىرىنى، ئوردا بەگلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خاس مەھرەم - يىگىتلىرىنى سېغىنىش، ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. دېمىسىمۇ، كەلگۈسىدىكى مەشھۇر تەڭرىقۇت بۇ يەردە بىھۇدە ئۆلسۇنمۇ؟ تاج كىيىش، تەختتە ئولتۇرۇش، لەشكەر تارتىپ شەھەر، زېمىنلارنى ئىستىلا قىلىش، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ دەۋران سۈرۈش. . . ئاھ! بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ شۆھرەت بارمۇ جاھاندا! ئوغۇز خىيال سۈرۈۋېتىپ ئۆزىچە دادىسىدىن رەنجىدى، بارىمتاي دېگىنى ھامان بىر كۈن ئۆلسەن، دېگەنلىك، مانا ئەمدى تەڭرىلەر نىدا قىلسا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلسا.

شامال پەسەيدى، لېكىن ھاۋا سوغۇق ئىدى. كۆز كېچىسىنى ئوراپ تۇرغان سۈس تۇمان بارا - بارا تارقىلىشقا باشلىدى. نەدىندۇ كۆك بۆرىنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى ئەلەملىك ئاۋازدا ھۇۋلىغىنى ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ، ئوغۇزنىڭ قىياسى بولۇپ، ئەسلىدە غايىب ئاۋاز ئىدى. ئوغۇز چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىنتىزارلىق ئىلكىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆكتەڭرىگە تېۋىندى، قايتا - قايتا تېۋىندى، ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ بەختىگە ئاسماننىڭ شەرقىي بۇرجىدىن قاراقۇش بىلەن كېدرا، غەربىي بۇرجىدىن جەۋزا بىلەن پېيگاس ⑮ كۆرۈندى. ئاھ! - ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ئوغۇز ھاياجانلىنىپ، - كۈتكەن پەيت يېقىنلاپ قالدى.

ئوغۇز يۇلتۇز تەڭرىلىرىگە تېۋىنغاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. تاش بىنانىڭ دەرۋازىسى ئېتىكلىك ئىدى، ئىككى نازارەتچى نۆكەر بىلەن ئىككى مۇلازىم دەرۋازا ئىچىدە سوغۇقتىن دۈگدىيىپ تۇرۇشاتتى. ھويلا تۇم قاراڭغۇ بولۇپ، بىر قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئوغۇز پەم بىلەن كېلىپ خېلىدىن بېرى يوشۇرۇنچە ساقلاپ كەلگەن بۇ كىتا ⑯سىنى ئالدى - دە، بىر نۆكەرنىڭ دەل كۆكسىگە چەنلەپ ئۇردى، قالغانلىرىغا ئۈن چىقارماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق بەردى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا لاتا تىقتى، قول - پۇتلىرىنى باغلىدى، بىرسىنىڭ دۇبۇلغا، ساۋۇتىنى، بىرسىنىڭ قالقىنىنى، بىرسىنىڭ قىلىچىنى ئالدى. دەرۋازا بوسۇغىسىنىڭ ئاستىدىكى ئۇيۇم - ئۇيۇم تاشلارنى شەپە چىقارماستىن قومۇرۇپ تۆشۈك ئېچىپ سىرتقا چىقتى. ئوردا ئاتخانىسى ئاتمىش قەدەمچە نېرىدا ئىدى، ئوغۇز گاھ ئۆمىلەپ، گاھ ئېڭىشىپ ئاتخانا ئىشىكىگە كەلدى.

- كىم؟ - مىراخور باشى قىلىچىنى يالىڭاچلىدى.

- قۇرت ⑰!

- ھە، ۋاي. . . ۋايجان. . .

ئوغۇزنىڭ قولىدىكى قىلىچ مىراخور باشىنى ئىككى نىمتا قىلىپ تاشلىدى. ئۇ، ئاتخانىغا كىرىپ ئۇلۇغ ياۋچى خاننىڭ ياخشى كۆرىدىغان خاس تۇلپىرىنى يېتىلەپ چىققاندا ئاسمان باغرىدا كائىناتقا ئەمدىلا يۈز ئاچقان 14 كۈنلۈك تولۇنئاي - ئايتەڭرى: «يولۇڭ ئوغۇر ⑱ بولسۇن، ئالىپ ⑲ ئوغۇز!» دېگەندەك بىر خىل خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. ئوغۇز ئايتەڭرىگە زور ئىخلاس بىلەن تېۋىندى، ئاندىن بويىنىغا ئېسىلغان بىتىك ⑳ نى سۆيدى. بۇنى ئانىسى ئالچى ئايىقاغان ئوغۇزنىڭ كىچىك چېغىدىلا تېكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قاپقا بۆرە ئوشۇقى سېلىپ، ئاغزىنى تىكىپ بويىنىغا ئېسىپ قويغانىدى.

ئوغۇز دۇبۇلغا، ساۋۇتنى كىيىپ، كۆبەن ㉑ ، يۈگەنلىرى قاشتېشى ۋە ئالتۇن ساختىلىق ㉒ تۇلپارغا مىندى - دە، ئوردا قوۋۇقىغا قاراپ ئات سالدى. قىلىچ - قالقانلارنىڭ، نەيزە - ئۇمۇتلارنىڭ جاراق - جۇرۇقلىرى كۈچەيدى. ۋەھىمىلىك ۋارقىراشلار، نالە - پەريادلار ساندىبىل شەھىرىنىڭ جىمجىت كېچىسىنى زىلزىلىگە سالدى. سېپىل كۆڭگۈرىلىرىدە ئوت يالقۇنى كۆرۈندى. قوختىلاردىن ئېتىلغان يا ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ تۈن بوشلۇقىنى يېرىپ ئۆتتى. قوۋۇقلارنىڭ دەرۋازىلىرىدىمۇ ئالا - چۇقان كۆتۈرۈلدى. كوچىلاردا توپ - توپ ئاتلىق نۆكەرلەر ئۇيان - بۇيان چېپىشاتتى. مەشئەللەر يورۇتۇپ تۇرغان جايلاردا سۇنايلىنىپ ياتقان جەسەتلەر، جان تالىشىۋاتقان يارىدارلار غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى.

تۇلپار تېزگىن سېرىپ قۇشتەك تېز ئۇچاتتى، گويا ئۇنىڭغا ئالماس قانات بېكىتىپ قويغاندەك. ئوغۇزنىڭ قامچىسى تۈن هاۋاسىدا قارسىلداپ دەھشەتلىك سادا چىقىراتتى، گويا ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك... يوللار تاشلىق، تاغلار ئېگىز، جىلغىلار قاراڭغۇ، داۋانلار تىك ئىدى، هاڭلار ئەجدىهادەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. قارا تەرگە چۆمۈلگەن تۇلپار ئوغۇزنىڭ قولىغا چۈشكىنىگە خۇشال بولغاندەك بارغانسېرى تېز چاپاتتى. ئوغۇز ئېگەردە ئەپچىل، غالىبانە قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، تۈن پەردىسى چۈمكەپ تۇرغان تاغ - ئېدىرلاردىن، ئېتىزلىقلاردىن ئۆتەتتى. تېزگىنىنى گاه ئوڭغا، گاه سولغا بۇرايتتى، تۇلپار ھەممىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇناتتى. كەينى تەرەپتە سانسىز ئاتلارنىڭ دۈكۈر - دۈكۈرى، مەشئەل كۆتۈرگەنلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ ئاۋازلار گاه ئاجىزلىشاتتى، گاه كۈچىيەتتى. ياۋچىلار ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. «قۇش قەنەتىن، ئەر ئەتىن» ㉓ دېيىتتى ئوغۇز قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، تۇلپار بولسا گويا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتەتتى.

ئوغۇز ئالدىدا كېتىۋاتقان قاپقارا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. قاراڭغۇدا بىر بۆرە پات - پات كەينىگە قاراپ قويۇپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرىدە ۋىل - ۋىل كۆكۈش نۇر چاقنايتتى. «بۆرە! ئاه توتېم، ئۇلۇغ توتېم!... - دېدى ئوغۇز خۇشاللىقىدا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، - سەن يول باشلاۋېتىپسەن - دە! شۇنداق، سەن ئەجدادلىرىمغىمۇ يول باشلىغان، ئۇلارنى نىجادلىققا ئېرىشتۈرگەن، بۈگۈنچۇ؟ مەنمۇ ساڭا ئەگىشىپ نىجاد تاپىمەن». قامچا قارسىلدىدى، تۇلپارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى ياندى.

سۇبهى بېلىق قاسىرىقىدەك ئاقىرىپ تاڭدىن بەلگە بەردى، كۆك باغرىغا كۈمۈشرەڭ پەردە يېپىلدى، شەرق ئۇپۇقىدىن قىپقىزىل، ئوتلۇق گەردىشنىڭ يېرىمى كۆرۈنگەن هامان ئوغۇز توختىدى. «كۈن! كۈنتەڭرى! - دېدى ئۇ چەكسىز شادلىنىپ، - ماڭا قۇت بەرگەن تەڭرىگە تېۋىناي.» ئوغۇز ئاتتىن چۈشۈپ كۈنگە قاراپ تىزلاندى، كۈنتەڭرىگە چوڭقۇر ئېتىقاد بىلەن تېۋىندى.

كۈنلەر، هەپتىلەر ئۆتتى. ئوغۇزنىڭ كۆكۈچ يۈزى، چوغدەك قىزىل كالپۇكلىرى زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق - شۇۋىرغاندا يېرىلدى، لېكىن كۆزلىرىدە قىلچە هارغىنلىق سېزىلمەيتتى. بۇقىنىڭكىدەك بەردەم پۇتلىرى ئۈزەڭگىدە تۇرۇپ پات - پات تۇلپارنىڭ بېقىنلىرىغا تېگەتتى. تەڭگە ساۋۇت ئىچىدىكى بۆرىنىڭكىدەك بېلى، ئېيىقنىڭكىدەك كۆكسى، يولۋاسنىڭكىدەك مۈرىسى ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرەتكە تولغان مەغرۇر قىياپىتىنى تېخىمۇ هەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى، ئۇ ئاشۇ قىياپەتتە تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پۈتۈن بەدىنى قويۇق تۈكلەر بىلەن قاپلانغانىدى. تۇمەنخان بىلەن ئايىغان ئوغلىغا قاراپ هەيران قالدى. ئوردىدىكىلەرمۇ يېڭىدىن هاياتقا كۆز ئاچقان شاهزادىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ يەر تەڭرىگە، كۆكتەڭرىگە تېۋىنىشتى. پۈتۈن ئوردىنى تېخىمۇ قاتتىق هەيرەتكە سالغىنى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى پەقەت بىر قېتىم ئېمىپلا ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئەمچەككە قارىماي قويغىنى ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭغا «ئوغۇز» دەپ ئىسىم قويۇلدى. ئوغۇز تېزلا چوڭ بولدى. خام گۆش يەيدىغان، شاراب ئىچىدىغان بولدى. ئەقىل يەتكەنسېرى ئەتراپىغا نۇرغۇن مەھرەم - يىگىتلەرنى توپلاپ هەربىي مەشىق ئېلىپ باردى، چېنىقتى، تاۋلاندى. ئۇنىڭ كۈندىلىك هاياتىغا كۆك كۆزلۈك، كۆك سىرتلىق بىر بۆرە هەمىشە هەمراه ئىدى. بىر قېتىم ئۇ مەھرەم - يىگىتلىرى بىلەن ئوۋغا چىقتى. كۆك بۆرە ئۇنى باشلاپ كېتىۋەردى. ئۇ، پايتەخت تەڭرىبالىقتىن خېلىلا يىراق بولغان سۇبران ㉔ شەھىرى ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى. بىر نەچچە كۈنلۈك ئوۋ جەريانىدا ئۇ، ئۇزۇندىن بېرى ئادەم، يىلقا - ماللارنى يەپ، سۇبران ئاهالىسىگە ئېغىر زىيان، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن يىرتقۇچ هايۋان قىئات ㉕ نى ئۆلتۈردى. ئوغۇزنىڭ باتۇرلۇق شۆهرىتى سۇبران ئاهالىسى ئارقىلىق پۈتكۈل هون دىيارىغا تارقالدى، هونلار شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى «باتۇر» دەپ ئاتىدى. تۇمەنخان ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىقتا چۆمۈپ ئۇنى ۋەلىئەهدى دەپ جاكارلىدى.

تۇلپار چاپماقتا، ئوغۇز ئالدىرىماقتا. يابراي ㉖ كۆلى ئارقىدا - يىراقلاردا قالدى. تۇلپار قار

- مۇز باسقان ئالشا (27) ئېگىزلىكى بىلەن بوران - شىۋىرغاندا ئۇيان - بۇيان كۆچۈپ تۇرغان تەكرىقۇملۇقى (28) ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتتى. ئوردۇس يايلاقلىرىدا نېپىز قار ئاستىدىن چۆپ ئىزدىشىپ يۈرگەن توپ - توپ يىلقا، قوتاز، قوي، تۆگىلەرنىڭ دۈمبىسى ياكى ساغرىسىغا بېسىلغان تامغىلارغا قاراپ، ئوغۇز هونلارنىڭ قىنىق (29) ۋە بايۇندۇر (30) ئۇرۇقلىرى ياشاۋاتقان زېمىنغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قىنىقلارنىڭ چېدىرىغا كىردى.

- قېچىپ كەپسەن، ئوغۇز، - قىنىق ئاقساقىلى سۆگۈش ئۇنى قۇچاقلىۋالدى، - قۇتۇلۇپسەن، ساڭا تەڭرىلىرىمىز قۇت بېرىپتۇ، ئوغۇز.

ئوغۇز قىنىقلارنىڭ چېدىرىدە مېهمان بولدى، ئاندىن بايۇندۇر ئاقساقىلى ئوتار، قايىغ (31) ئاقساقىلى قەتمىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى ۋە نەي، داپ - دۇمباق چالدۇرۇپ پايتەختكە داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. ئەمما ئوغۇز سوغناق (32) شەهىرىگە كەلگەندە شەهەر قوۋۇقىدا تۇرغان، دۇبۇلغىلىرىغا بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىككى لەشكەر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، نەيزىلىرىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

- ئىم (33)! - دەپ سوراشتى.

- بىلمەيمەن، - دېدى ئوغۇز ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى، - مەن ئوغۇز، باتۇر ئوغۇز!

- ئېيىكىت (34)! - دېدى لەشكەرلەرنىڭ بىرى، - سەن ياۋچى ئۆترۈك (35)!

- ئەن (36) - ئوغۇز قەددىنى مەغرۇر تۇتۇپ جاۋاب بەردى، - مەن ئوغۇز، خانىڭنىڭ ئوغلى، سەن بىلەن مەن يەردەش (37).

شۇ ئارىدا قوۋۇق ئالدىغا 20 - 30 چە هون لەشكىرى توپلاندى. هەممىسى نەيزە - قىلىچلىرىنى تەڭلەپ ئوغۇزغا يېقىنلاشتى. ئوغۇز دەسلەپ ئەجەبلەندى، ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئاددىي، ياش لەشكەرلەر ئوغۇزنى كۆرمىگەن، ئۇنى كۆرگەن ياكى نامىنى ئاڭلىغانلارمۇ ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىكى ياۋچىلارنىڭ لەشكىرىي كىيىمىنى كۆرۈپ «جاسۇس» دەپ ئويلاشقانىدى. ئوغۇز دەرهال دۇبۇلغا بىلەن تەڭگە ساۋۇتنى سېلىپ تاشلىدى، بېشىدا كەدۇك (38)، ئۇچىسىدا يىپەك بەرتۇ (39) بىلەنلا قالدى. نەۋكەر - لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ هەيۋەتلىك قىياپىتى نامايان بولدى.

- ئوغۇز! - دېدى بىرسى ئۇنى تونۇپ، - ئوغۇز باتۇر!

- ئوغۇز، ئالىپ ئوغۇز، - دېيىشتى باشقىلارمۇ تەڭلا.

- ئەيلۈق - ئەيلۈق (40) - دېدى ئوغۇز خۇشال بولۇپ.

نەۋكەر - لەشكەرلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ: «بىزنى كەچۈر، ئۇۋۇلاندۇق - ئۇۋۇلاندۇق» (41) دېيىشكىنىچە ئوغۇزنى قۇچاقلاشتى، ئوغۇز جاۋاهەن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆكتەڭرىگە تېۋۇندى. جەفرى بەگ (42) ئىسىملىك ئونبېشى ئوغۇزنى قوۋۇق ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئاڭغىچە سول قول ئۇلۇغ سانغۇن، ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن (43)، بىلىنگ بەگ (44). . . قاتارلىق هەربىي باشلىقلار ئوغۇزنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە بارگاهقا باشلاپ ماڭدى؛ شەهەر كوچىلىرى ئىشىكلىرى كۈن چىقىشقا قاراپ ئېچىلغان (45) سان - ساناقسىز هەربىي چېدىرلار بىلەن تولغانىدى. ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلەر توپ - توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىغا ياكى يەڭلىرىگە بەرجەم (46) قادالغانىدى. «ياۋچىلارنىڭ مىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىشى بىكار ئەمەسكەن - دە، ئاتام ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بارغۇدەك. . .» ئوغۇز بارگاه ئالدىغا كەلدى. بارگاه ئۈستىدىكى توققۇز مومىغا هورۇنلارنىڭ بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن توققۇز بايرىقى ئېسىلغانىدى. قىزىل، ئاق، قارا يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان پالاسلار بىلەن ياسالغان چېدىر ئېگىز هەم كەڭ ئىدى. ئوغۇز تۆردە ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا سانغۇنلار، بىلىنگ بەگ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە باتىسخان، تۇمەنبېشى، مىڭبېشىلار ئۆز مەرتىۋە دەرىجىلىرى بويىچە ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. داستىخان سېلىندى. سۇكۇش (47)، يۈركەمەچلەر (48)، ئىدىش - ئىدىش شارابلار كەلتۈرۈلدى. تائام ئۈستىدە قىزغىن سۆهبەتلەر داۋام قىلدى. ئوغۇز بىلدىكى، هونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلغان، شۇ سەۋەبتىن تۇمەن تەڭرىقۇت ياۋچى ئېلىگە باستۇن قىلىش توغرىسىدا تۇغراغ (49) چۈشۈرگەن. هون لەشكەرلىرى مۇشۇ شەهىرى سوغناققا كەلگەندە هاۋا بۇزۇلۇپ، كۈندۈزى كۈن، كېچىسى ئاي تۇتۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈنتەڭرى بېشارەت بېرىپ، ئايتەڭرى تولغاندا سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇشقان.

- سەن باتۇر، قورقماس يىگىتسەن، - دېدى بىلىنگ بەگ سۆهبەت داۋامىدا ئورنىدىن تۇرۇپ هۆرمەت بىلەن، - ياۋچىلارنىڭ ئەهۋالىنىمۇ بىلىسەن، يوللارمۇ ساڭا تونۇش، شۇڭا ئىمدى (50) سەن ئوڭدىن يۈرۈت (51)، بىزگە باش بول.

- تەڭرىقۇتنى، ئانامنى سوم سېۋىنىدىم (52) - ئوغۇز هاياجىنىنى بېسۋېلىپ دېدى، - لېكىن. . . بىلىنگ بەگنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمەن.

ئوغۇزنىڭ سۆزى هەممەيلەنگە ياقتى، قىزغىن چاۋاك چېلىندى. تائام يېيىلىپ بولۇندى. خۇش كەيپ سورۇن ئەهلى شۇمشە (53) چايىنىشىپ ئولتۇرۇپ ئىدىشلاردىن ئاياغلارغا شاراب قۇيۇپ،

ئېچىشكە باشلىدى.

ھاۋا ئوچۇق بىر كېچىسى ئايتەڭرى يۈز ئاچتى، باتۇر ئوغۇز قوماندانلىقىدىكى ھون ئاتلىق قوشۇنى ھەربىي يۈرۈشنى باشلىدى. سان - ساناقسىز ئاتلارنىڭ تۆمۈر تاقىلىرى بادائىن جاران (54) قوملۇقىنى چەيلەپ ئۆتتى. ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈلگەن، يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان، كۈن نۇرىنى توسقان ساپسېرىق چاڭ - توزان ياۋچىلار چېگرىسىغا يېقىنلاپ كەلدى، ياۋچى لەشكەرلىرى قارشىلىق كۆرستىشكە جۈرئەت قىلالماي چېكىندى. لېكىن ھون قوشۇنلىرى خېشى كارىدورىغا كەلگەندە ياۋچى قوشۇنلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. دەھشەتلىك يېغى باشلاندى. تاغۇ - تاشلار، جىلغا - جىرالار، ئوتلاق، قوملۇقلارنى ئېكىنزارلار ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ جەسەتلىرى، سۇنغان، كاردىن چىققان نەيزە - قىلىچ، قالقانلار بىلەن تولدى. ئاسماندا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كۈن نۇرى توسۇلۇپ پايتەخت ساندىبىل ئاسمىنى خۇددى كۆكۈم پەردىسى يېپىنغاندەك بىر ھالەتكە كېلىپ قالدى. ساندىبىل شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسى خېلى مۇستەھكەم ئىدى. باتۇر ئوغۇز بۇنى بىلگەچكە سانغۇنلارغا ھۇجۇمنى توختىتىپ شەھەرنى بىر مەزگىل قورشاپ تۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق ئاتلىق، شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق قوشۇن مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە ئىككى ئايغا سوزۇلدى. بۇ جەرياندا ھون قوشۇنلىرى دەم ئېلىپ، سەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، تولۇقلاپ ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالدى. قامال ئاستىدىكى ياۋچى قوشۇنى بىلەن شەھەر ئاھالىسى ئوزۇق - تۈلۈك، سۇدىن قىيىنىلىپ ھالسىزلاندى. ئاخىر پايتەختنى ۋە ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ياۋچىلار بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى بۇزدى - دە، ناھايىتى زور بەدەل بېرىش - قۇربان بېرىش ھېسابىغا قورشاۋنى يېرىپ ئۆتۈپ غەربكە قاچتى. ھونلارنىڭ قەدىمىي زېمىنى قايتۇرۇۋېلىندى.

تۆمەن تەڭرىقۇت غالىبلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئوردا ئەھلى ۋە نۇرغۇن قوشۇن بىلەن تەڭرىبالىقتىن قىرناق (55) شەھىرىگە كەلدى. شەھەر سىرتىدىكى دالىغا چېدىر - بارگاھلار تىككۈزدى. قوي، تۆگە، كالا ئۆلتۈرگۈزۈپ كاتتا زىياپەت تەييارلىدى.

ئوغۇز باتۇر غالىبىيەت تۇغىنى كۆتۈرگەن ھون قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، قىرناق دالىسىغا كىرگەندە داقا - دۇمباق، نەي - سۇنايلار چېلىندى. ئوغۇز باتۇر قارشى ئالغۇچىلار سېپىنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان دادىسى تۆمەن تەڭرىقۇتنى، ئۇنىڭ يېنىدىكى تۇقشىنى - ئۆگەي ئىنىسىنى كۆرۈپ سەل تاتاردى. كۆڭلى غەش بولدى، چۈنكى تەڭرىقۇتنىڭ يېنىدا پەقەت ئۇنىڭ تەخت ۋارىسىلا بىللە مېڭىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. ئاتا - ئانا مېھرى، سېغىنىش، ۋىسال ئارزۇسى ئوغۇز باتۇرنىڭ گۇمانلىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ نېرى كەتكۈزدى.

- ئوغلۇم ئوغۇز!

- قوزام، باغرىم!

- باتۇرۇم!

تۆمەنخان، ئاندىن بىرخۇن (56) ئەيمەكنى (57) ئىككى قوللاپ كۆتۈرگەن ئالچى ئايىغان، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر جۈپ ئالمىنى تۇتقىنىچە ئالچى سۈجۈك يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئوغۇز باتۇرنى نۆۋەت بىلەن قۇچاقلاشتى، باغرىغا بېسىپ سۆيۈشتى. ئوغۇز باتۇر ئانىسى بىلەن سۆيگىنى تەڭلىگەن ئارمىغان (58) لارنى ھۆرمەت - تازىم بىجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى. ئەمما ئوغۇز باتۇرنىڭ كۆڭلى ھامان تەشۋىش، گۇمانلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيگەن، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى بىلەن زىننەتلەنگەن سىدىرىم (59) لىرىغا قىلىچ، ئوقيا ئاسقان ھون لەشكەرلىرى بىلەن يىپەك، كىمخاپ، شايىلاردىن تىكىلىپ، كۆنجەك (60)، يەڭ، پەشلىرىگە كەشتە تىكىلگەن رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كىيگەن، پۆتلىرىغا باشماق كىيىپ، بۆك، تەلپەكلىرىگە لاچىن پەيلىرىنى قادىشىۋالغان قىرناق ئاھالىسى بىرلىكتە ئوغۇز باتۇرنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ۋە تىنىچ - ئامان قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئاتاپ كۆكتەڭرى، كۈنتەڭرى، يەرتەڭرىلىرىگە تېۋىنىدى، ئىبادەت قىلىشتى. شەھەر، يېزا، يايلاقلاردىن تاللىنىپ كەلگەن يۈزلىگەن قامان ۋە قاملار (61) توپ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا چىقىپ ناغرا - سۇناي، دۇمباق ساداسىغا قوللىرىدىكى چوڭ - كىچىك تۆمرۈك (62) لىرىنى تەڭكەش قىلىپ چېلىپ ساما سالدى

كەچتە ھەممەيلەن ئۆز چېدىرلىرىدا دەم ئېلىۋاتقاندا تەڭرىقۇت تەختى جايلاشقان قىزىل چېدىردا تۆمەنخان بىلەن ئوغۇز - ئاتا - بالا تەنھا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا چېدىر ئىشىكىدە غۇيان (63) لىق يابغۇ (64) توغرۇل (65) بەگ پەيدا بولدى:

- ئۇلۇغ ئابا (66) جەقرەر (67) - دېدى ئۇ ئوغۇزباتۇرغا قاراپ تازىم قىلىپ، -كىلاجۇم (68) بار، -دەيدۇ.

ئوغۇز باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىغا تازىم قىلدى. كەينىگە شوخشۇيدى، تۆمەن تەڭرىقۇت ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

- قەت (69) ئۇخلا! - دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

- تەڭرى قۇت بەرگەن ئۇلۇغ قاغانىم (70) - ئوغۇز باتۇر ئاتىسىغا يەنە بىر قېتىم ئېگىلىپ تازىم قىلدى، - كۆكتەڭرى بىلەن يەرتەڭرىنىڭ نامى بىلەن ئىجازەت سورايمەن.

تەڭرىلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۇمەنخان جىم تۇرۇپ قالدى. ئوغۇز باتۇر قەددىنى رۇسلاۋېتىپ دېدى:

- بەن بەردۇ (71)، كىبا ئۆزلەڭ (72)

ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان قەتئىيەتلىكنى كۆرۈپ تۇمەنخان تېخىمۇ ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. ئوغۇز باتۇر دادىسىنىڭ كۆزلىرىدە پەيدا بولغان بىر خىل ئەنسىزلىك، خىجىللىق ئىپادىلىرىنى كۆرمىدى. ئۇ ئالدىراپ چېدىردىن چىققاندا ئىشىكتە كۈتۈپ تۇرغان يابغۇ توغرۇلبەگ ئۇنى ئالچى ئايقاغاننىڭ قىزىل چېدىرىغا باشلاپ قويۇپ ئۆزى كېتىپ قالدى.

ئالچى ئايقاغان ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بىلگە خان، ئېل قوساي، قۇتىغۇ مەلىكىلىرى ئوتتۇرىسىدا، چېدىر تۆرىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن جىنجۇ (73) لىرى ۋە خاس كۈمۈشتېكىنلەر چېدىر دىۋارىدا ھالقا شەكىللەندۈرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن - كۈمۈش گەردىشلىك داپلارنى تۇتۇشقان ياش قاملار ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. قاتار - قاتار مەشئەللەرنىڭ يورۇقىدا چېدىر ئىچى ئاجايىپ سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. بۇ، ئالچى ئايقاغاننىڭ ئوغلى بىلەن دىدارلىشىش شەرىپىگە ئېرىشتۇرغان تەڭرىگە تېۋىنىش مۇراسىمى ئىدى.

- باتۇرۇم، جەغرىم (74)

مەلىكىلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان ئالچى سۆجۈك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، كېلىپ ئوغۇز باتۇرنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى ۋە ئۇنى قاملارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئوغۇز باتۇر كۆكتەڭرىگە تېۋىندى. مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن چېدىردا ئانا - بالا تەنھا قېلىشتى.

- كۆزۈمدىن ئۇچتۇڭ، قوزام. ، سېغىندىم، بېغىرىم خۇن بولدى. سېنى ياۋ قولىدا ئۆلۈپ كېتەرمۇ دەپ قورقتۇم. تەڭرىلەر شەپقەتلىك ئىكەن، قۇت بەردى، سېنى ماڭا قايتۇردى. ھە، ئىمدى قەت تۇر (75)، لېكىن، لېكىن. . . ئاھ، تەڭرىم!

ئالچى ئايقاغان ھەم شادلىق ھەم ھەسرەت ئىچىدە يىغلاپ ياش تۆكتى. ئوغۇز باتۇر ئۆزىنىڭ بۆگۈنكى گۇمانلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ ھەسرەتلىك ياشلىرىدا ۋە تەڭرىنى تىلغا ئېلىپ قىلغان ئاخىرقى خىتابلىرىدا قانداقتۇ بىر باغلىنىش بارلىقىنى سەزدى.

- ئۇلۇغ ئانا، - ئوغۇز باتۇر ئانىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ باغرىغا باش قويدى، - يىغلىما، مېنى چاقىرىپسەن، بىر گېپىڭ بار سېنىڭ، ئوچۇق ئېيت، تويۇپ تۇرىمەن، ئاتام بىر شۇملۇق قىلدى بولغاي. تۇقىشنى ئۇنىڭ يېنىدا كۆرۈپ بىلگەنىدىم. ئېيت ئانا، مەن ھەممىنى بىلەي.

- جېنىم، باغرىم، - ئايقاغان خېلى بىر ۋاقىتقىچە كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى، ئوغلىنى ئۇزاققىچە سۆيدى، ئاندىن ياشلىرىنى سۈرتۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، - ئوغۇزۇم، باتۇرۇم، مەنمۇ شۇ ئاتاڭنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا يىغلايمەن. ھازىرمۇ ساڭا شۇنى دېمەكچى ئىدىم، - ئايقاغان بېشىنى كۆتۈرۈپ چېدىر چاڭغىرىقىدىن تۈن بوشلۇقىغا قاراپ كۆكتەڭرىگە تېۋىنىپ قويدى، - سەن ئۇلۇغ تەڭرىقۇت تۇمەنخاننىڭ تۇنجى ئوغلى، تۇمەن تەڭرىقۇت سېنى تەخت مىراسخورى دەپ جاكارلاپ پۈتكۈل ھون ئېلىگە تۇغراغ چۈشۈرگىنى ھېلىمۇ ھەممىنىڭ يادىدا. لېكىن ئاتاڭ سېنى ياۋچىلارغا بارىمتاي قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەي تۇغراغنى بىكار قىلدى، بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن بىلمەيسەن، ئەنە، چاڭغىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكتەڭرى، ئايتەڭرى گۇۋاھ، ئوغلۇم. كىچىك ئالچى چىلغۇزا (76) ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى. . . ئاھ بۇنى ساڭا قانداق دېيەلەيمەن؟ تەڭرىم، ئۇلۇغ تەڭرىلىرىم ئوغلۇمغا قۇت بەرگىن، قۇت.

ئايقاغان ئوغلىنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ يەنە ياش تۆكۈشكە باشلىدى. ئۇلۇغ ئانا، ئېرى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاساسەن كۈندە دېگۈدەك كىچىنى كىچىك ئالچىسى چىلغۇزىنىڭ ھەرىمىدە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى بولسا يادىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى، كارى بولمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۈندەشلىك، رەشك يالقۇنلىرىدا ئۆرتىنىپ - كۆيۈپ ئازابلانغانلىقىنى، چەككەن دەرد - ھەسرەتلىرىنى ئەر يەتكەن يۈرەك پارىسى - ئوغلىغا قايسى تىل بىلەن ئىزھار قىلالىسۇن. ئايقاغان يىغىسىنى توختىتىپ پەقەت تۆۋەندىكى سۆزلەرنىلا ئېيتالىدى:

- ئاتاڭ ئاخىر كىچىك ئالچىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئوغلى - ئۆگەي ئىنىڭ تۇقىشنى تەخت ۋارىسى دەپ جاكارلىدى، تۇغراغمۇ چۈشۈردى. دېمەكچى بولغىنىم شۇ.

ئوغۇز باتۇر ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا غەزەپتىن تىترەيتتى، ئايقاغان بولسا ئەمدى يىغلىمايتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر ئوتتۇرىسىغا كەلدى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا خىتاب قىلدى:

- ئاھ، ئۇلۇغ كۆكتەڭرىم، يەر تەڭرىم، كۈن، ئاي، يۇلتۇز تەڭرىلىرىم، ئەلكىنلىكتە (77) - تۇتقۇنلۇقتا قالغان ئوغلۇمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەردىڭ، ماڭىمۇ، ئوغلۇمغىمۇ قۇت بەردىڭ. ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ تاج - تەختىگە ئەزەلدىن تۇنجى

ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. تۇمەنخان بۇ ئۇلۇغ - مۇقەددەس قانۇننى بۇزدى، گۇناھكار بولدى. چىلغۇزىنىڭ ئاتىسى شابۇ [78] دەك ئېسىل ئۇرۇقتىن چىققان قۇتىغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئانا تەرەپ جەمەتى ئەشەقلەر [79] دىن. ھەم ئۆزىمۇ بىر ئەرسۇ [80]. شۇنداقكەن، ئۇنىڭ ئوغلى تۇقىش تەڭرىقۇت بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس. تەڭرىلىرىم سىلەر بۇ ئۆترۈكلارنى جازالاڭلار. ھونلارنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتلۇق سەلتەنىتىنى، تاجۇ - تەختىنى ئېسىل نەسەبلىك، ئەقىللىك، قەيسەر ئوغلۇم ئالىپ ئوغۇزغا بېرىڭلار.

ئالچى ئايىغانىنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان تەسىرلىك خىتابلىرى توگىگەن ھامان چاڭغىراقتىن سۇزۇلگەن بىغۇبار ئايتەڭرى كۆرۈندى، نۇر چاچتى، كۈلدى. يۇلتۇز تەڭرىلەرمۇ جىمىرلاپ تەبەسسۇم قىلدى. ئوغۇز باتۇرنىڭ قۇلىقىدا ئانىسىنىڭ خىتابلىرى ياڭرايتتى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى تىك - تىك تۇردى، كۆزلىرىدە دەھشەتلىك بىر ئوت ياندى، كۆكۈچ يۈزى لېپىلدىدى، يىلپىزنىڭكىدەك ھەيۋەتلىك مۈرىسى غەزەپتىن تىترىدى، ئېيىقنىڭكىدەك كەڭ كۆكسى بىر پەسىيىپ، بىر كۆتۈرۈلەتتى. ۋۇجۇدىدا تەڭداشسىز بىر كۈچ - قۇدرەت ماگمىسى پارتلاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ غەيرىي، بەدھەيۋەت قىياپىتىدىن ھېچنېمىگە تىز پۈكمەيدىغان، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەت ۋە مەغرۇرلۇق ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئانىسىغا ئېگىلدى، ئاندىن بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. كۆكتەڭرى بىلەن يەر تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەميات قىلىشقا باشلىدى.

پايتەخت تەڭرىبالىق بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. شەھەر ئاھالىسى چىرايلىق ياسىنىپ ناغرا - سۇناي چېلىشاتتى. قامانلار بىر گۇرۇھ، قاملار بىر گۇرۇھ بولۇپ، مەخسۇس سورۇن تۈزۈپ كۈنتەڭرىگە، كۆكتەڭرىگە بېغىشلانغان قەسىدىلەرنى ئوقۇشتى، ئۇسسۇل ئويناشتى. ھون ئوردىسىنىڭ ئىچى - تېشى ۋە ئوردا سەينالىرى تويغا كەلگەن مېھمانلار بىلەن تولۇشتى. توي، تەنتەنە، خۇشاللىق ئەۋجىگە چىقتى. زىياپەتلەر ئىنتايىن مول بولدى. ئوغۇز باتۇر بىلەن ئالچى سۆجۈكنىڭ توي مۇراسىمى دەبدەبە بىلەن ئۆتتى. ئوغۇز باتۇر يارى بىلەن قوشۇلىدىغان كەچتە ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلار خانى بارىمتاي قىلىپ بەرگەن خانزادىنى ئازاد قىلغۇزدى ھەمدە ئۇنىڭغا چۆرە، مۇھاپىزەتچى نەۋكەر - لەشكەرلەرنى قوشۇپ غەربكە يولغا سالدى. ئوغۇز باتۇر بىر نەچچە ئايغىچە خاس قەسرىدە تەڭداشسىز گۈزەل مەھبۇبىسى سۆجۈك بىلەن ياشلىق، مۇھەببەت ۋىسالىنىڭ پەيزىنى سۈردى. بىراق ئاتىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، ئانىسىنىڭ يىغا ئارىلاش قىلغان خىتابلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى قاتتىق ئازابلايتتى، دەردى كۈنسېرى كۈچىيەتتى. تاج كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇپ، تەڭرىقۇتلۇق شان - شەرىپى بىلەن ئۇزۇن يىللار دەۋران سۈرۈپ ياشاش ئىستىكى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى. يۈرىكى شۆھرەت يالقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ، ۋۇجۇدى ئىستىلاچىلىقنىڭ دەبدەبىسى، ھوزۇرى، لەززىتى بىلەن مەست بولاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئالچى ئايىغانىغا ئەگىشىپ، سۆجۈكنى يېتىلەپ، پايتەخت يېنىدىكى مەشھۇر ھون گۇۋادۇبۇسىغا [81] بېرىپ تەڭرىلەرگە تېۋىناتتى، قامانلاردىن دۇئا ئالاتتى. زېرىككەن، ئىچى پۇشقان چاغلاردا ئايىغانىنىڭ ھەرىمىدە جىنجۇلار، كومۇشتېكىنلەر، قاملارنىڭ شېرىن سۆھبەتلىرىگە داخىل بولاتتى، نەغمە ئاڭلايتتى، ئۇسسۇل كۆرەتتى. قامان بىلەن قاملارنىڭ داپ چېلىپ پىرە ئويناشلىرى ھەممىدىن قىزىق ئىدى.

بىر كۈنى تۇمەن تەڭرىقۇت ئوردا زىياپىتى ئۆتكۈزدى، بۇنداق چاغلاردا تۇمەنخان چوقۇم بىرەر مۇھىم قارارنى ئېلان قىلاتتى. ئوغۇز باتۇر ئوردا مۇراسىم زالىنىڭ تۆرىدە، دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۇقىشنى كۆرۈپ شەھرى قىرناقتا - ئانىسىنىڭ چېدىرىدا قىلغان قەسىمىنى يادىغا ئالدى. زىياپەت ئۈستىدە تۇمەن تەڭرىقۇت ئوغلى ئوغۇزنىڭ قىئاتنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ياۋچىلار قولىدىن پەم بىلەن قېچىپ قۇتۇلغانلىقى، يەنە قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ياۋچىلارنى مەغلۇب قىلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىكى زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالغانلىقى. . . قاتارلىق شانلىق، ئۇلۇغۋار پائالىيەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ كۆپ ماختىدى. ئوغۇز باتۇر بىلەتتىكى، ئاتىسى ئۆزىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئاقلاشقا ئورۇنۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوغلى ئوغۇزنىڭ دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشى ئۈچۈن كۆڭلىگە پۈككەن، تېخى ھېچكىمگە دېمىگەن بىر پىكرىنى قارار سۈپىتىدە ئېلان قىلدى:

— ئوغلۇم ئوغۇز كىچىكىدىن باشلاپ ھەربىي ھەملىلەرنى پىششىق ئۆگەنگەن، ئۆزىمۇ ھوشيار، قەيسەر يىگىت. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ ئېلىكىمدىكى پۈتكۈل ھون قوشۇنىغا باش بولسۇن، قوشۇننى جەڭگە تەييارلىسۇن!

ئاشۇ تەنتەنىلىك جاكاردىن كېيىن ئەتىسى تەڭرىقۇتنىڭ ئالتۇن مۆھۈرى بېسىلغان تۇغراق چۈشۈرۈلدى. ئوغۇز باتۇر تەڭرىلەرگە تېۋىنىپ قىلغان تەلەپ - ئىلتىجالىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چەكسىز ئارزۇلارغا چۆمۈلدى، شۇ ئارزۇلاردىن زېھنى،

ئەقلى ئۆتكۈرلەشتى. ئۇ، هون قوشۇنلىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سالدى. پايتەختت ئەتراپى ۋە هون زېمىنىدىكى چوڭ - كىچىك شەھەرلەردە مۇستەھكەم ھەربىي قەلئەلەرنى قۇردى. قوشۇنلارنىڭ سانىنى كۆپەيتتى. هون ئارمىيىسىنى ئىنتىزاملىق، جەڭگىۋار، يېڭىلمەس بىر قوشۇنغا ئايلاندۇرۇش يولىدا هارماي - تالماي ئىجتىھات قىلدى. ئۇ يەنە كۆپ قېتىملىق تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئاۋازلىق ئوقيا ئىجادقىلدى، ئۆز ئىجادىيىتىنى پۈتكۈل هون قوشۇنى ئىچىدە كېڭەيتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، هون قوشۇنى كۈندىن - كۈنگە زورايدى، كۈچەيدى. ئوغۇز باتۇر ئۆزىنىڭ ئەقىللىكلىكى، سەزگۈرلۈكى، كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن هون قوشۇنى ئىچىدە قەھرىمان سەركەردىگە خاس كاتتا شۆھرەتكە، يۈز - ئابرويغا ئىگە بولدى.

بىپايان يايلاقلاردا ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇراتتى. تاغۇ - تاش، جىلغا - جىرا، ئوتلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن توپ - توپ قوي - كالا، ئات - تۆگىلەرنىڭ سانىغا ساناق يەتمەيتتى. ئېكىنزارلارنىڭ بىر ئۇچى ئۇپۇققا تۇتىشاتتى. سۈيى مول، هاۋاسى ساپ بۇ زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدا چاسا شەكىللىك، ھەر بىر تەرىپى 700 مېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتا سوقۇلغان ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان ھەيۋەتلىك قورغان بولۇپ، بۇ - هونلارنىڭ پايتەختى - تەڭرىبالىق ئىدى.

ياز. تومۇز تەپتىدە هاۋا مىستەك قىزىپ، يەرلەر تۆمۈردەك قارايغانىدى، شۇنداقتىمۇ پايتەختتە يەنىلا هايات قاينايتتى. ئوغۇز باتۇر 200 گە يېقىن خاس مەھرەم ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ كەڭ - ئېگىز قوۋۇقىدىن چىقتى - دە، مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ چوڭ كوچىغا كىردى. ئالىي نەسەبلىك ئوردا مەنسەپدارلىرىنىڭ ئائىلىلىرى جايلاشقان كوچىدىن ئۆتتى. بۇ كوچىنىڭ ئاخىرى كاسىپ - هۈنەرۋەنلەر، تىجارەتچىلەر، ئاۋام پۇقرالار ياشايدىغان ئاۋات رەستە - بازار ئىدى. ئوغۇز باتۇر تۇلپار ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پايتەخت ئاھالىسى ۋە پۈتكۈل هون دىيارىدىكى تۇرلۇك قەبىلە - ئۇرۇقلار ئارىسىدا دائىم بىر خىل ئەجەبلىنىش، ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئېگىز، ھەيۋەتلىك قەددى - قامىتى بۈگۈن نامايىشكارانە بىر سۈرەتتە تېخىمۇ مەغرۇر كۆرۈنەتتى. مەنسەپدارلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى، ئاقسۆڭەكلەر، باي - سودىگەرلەر، تۆمۈرچى - مىسكەرلەر، زەرگەرلەر، بوياقچى - تۇماقچىلار، موزدۇز - ناۋايلار، كۆنچى - كىگىزچىلەر،

يايمىچىلار، دۇغچى - قەردۇ (82) چىلار: «ئوغۇز، باتۇر ئوغۇز! سۇباش» (83) دېيىشىپ ئىشلىرىنى دەررۇ توختىتىشاتتى، ئېگىلىپ، تىزلىنىپ ھۆرمەت - تازىملىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى. ئوغۇز باتۇر ھەممىگە بىردەك باش لىڭشىتىپ جاۋاب قايتۇراتتى. تۇلپارنىڭ بېشىغا بېكىتىلگەن قوتاز قۇيرۇقى، ئالتۇن، ئالماس بىلەن زىننەتلەنگەن نۇقتا، يۈگەن، ئېگەر، ئوغۇز باتۇرنىڭ ئۈستىبېشىدىكى يىپەك، يۇڭدىن توقۇلغان شاھانە لىباسلار ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۇ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققاندا جىددىي ھالەتتە تۇرغان نەچچە مىڭ لەشكەر قىلىچ - قالقانلىرىنى جاراڭلىتىپ: «ھۇررا» توۋلاپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە مەھرەملەرنىڭ كەينىدىن ئۆز سەپلىرى بويىچە ئەگەشتى.

ئوغۇز باتۇر كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ ئورخۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى ھېسابلانغان كىچىك ئېقىن تامىر ۋادىسىغا كېلىپ توختىدى. ئوۋ قىلدى. كېچىلىرى گۈلخان يېقىپ كاۋاپ پىشۇردى، شاراب ئىچىشتى. گۈزەل، هاۋالىق بۇ زېمىندا بىر ھەپتىگىچە سۈرجەك (84) راسا قىزىدى. يەنە بىر ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە قوشۇن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. ھەممىيلەن قايتىشقا تەرەددۇت قىلىشىۋاتقان كۈنى سەھەردە تۇيۇقسىز سۈناي - دۇمباقلار چېلىندى، ئارقىدىن ئوغۇز باتۇرنىڭ:

- يەرىقلەن (85)! يۈمۈرلەن (86)! - دېگەن قاتتىق، جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەھرەملەر، مۇھاپىزەتچىلەر، لەشكەرلەر دەررۇ قوراللىنىپ كەڭ دالىدا سەپ تۈزۈشتى. ئوغۇز باتۇر تۇلپارنى سەپنىڭ ئۇدۇلىغا ئاپىرىپ پۈتلىرىنى چۆشەپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. ھەممەيلەن تۇرگۈن، ئۆز سۆزلۈك، قەيسەر شاھزادىنىڭ - تەدبىرلىك، باتۇر سۇ باشىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى. ئوغۇز باتۇر يېنىدىكى خاس مەھرىمىنىڭ قولىدىن ئۆزى كەشىپ قىلغان ئاۋازلىق ئوقيانى ئالدى.

- ئەگەر مەن مۇشۇ ئاۋازلىق ئوقيايىمنى نېمىگە قارىتىپ ئاتسام سىلەرمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن شۇ نەرسىنى نىشانلاپ ئوقيايىڭلاردىن ئوق ئۈزۈڭلار، كىمكى بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىسا، شۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن.

- خوپ! - دېيىشتى سەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى.

ئوغۇز باتۇر توققۇز نەپەر لەشكەرنى تاللاپ سەپنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزدى. ئۇلار شۇ ھامان يالىرىغا ئوق سالدى. ئوغۇز باتۇر ئالتۇن بېزەكلىك سىدرىمىغا ئېسىلغان قىيىش قۇرمان (87)

دىن پولاتتىن ياسالغان ئوقبېشى كېيدۈرۈلۈپ، قۇيرۇقىغا لاچىن پېيى بېكىتىلگەن بىر تال ئوقنى ئالدى - دە، قولىدىكى ئاق كىرىچلىك ياغا سالدى ۋە تۇلپارىنى نىشانغا ئالدى. كىرىچنى ئانچە كۈچىمەيلا ئاخىرقى چەككىچە تارتىپ قويۇۋەتتى، ساداقتىن چىققان ئوق گويا بوراندەك گۇر - گۇر ئاۋاز چىقىرىپ ئۇچتى - دە، تۇلپارنىڭ بويىنىغا سانچىلدى. ياۋچى خاننىڭ ئاتخانىسىدىن مىنىپ كېلىنگەن بۇ تۇلپار ئاجايىپ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا كىشنىۋەتتى. ئوقيالىرىنى نىشانغا ئالغان توققۇز لەشكەر تېخىچە كىرىچنى قويۇۋەتمەستىن تۇرۇشاتتى، قوللىرى تىترەيتتى. ئۇلار سۇ باشنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ھەمىشە «قوش قەنەتىن، ئەر ئەرتىن» دەپ ماختايدىغان بۇ سۆيۈملۈك تۇلپارىغا ئوق ئۈزۈشكە پېتىنالمايۋاتاتتى. ئوغۇز باتۇر غەزەپكە كەلدى، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ ئەمرىنى ئىجرا قىلمىغان بۇ توققۇز لەشكەرنى رەھىمسىزلەرچە بىر - بىرلەپ چېپىپ تاشلىدى. ئارقىدا - سەپتە تۇرغان نەۋكەر - لەشكەرلەر قورقۇنچتا چۆچۈپ لاغ - لاغ تىترەشتى. ئوغۇز باتۇر بىر قانچە مەھرىمىنىڭ تىزلىنىپ يېلىنىشى، كۆنتەڭرىنى، يەر تەڭرىنى شېپى كەلتۈرۈپ كەچۈرۈم سورىشى ئارقىسىدا مىڭتەستە غەزىپىدىن ياندى ۋە مەھرەملەردىن بىرى توقۇپ تەييارلىغان باشقا بىر بوز ئايغىرغا مىنىپ بولغاندىن كېيىن قايتىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. بىر كۈنى ئوغۇز باتۇر تۈمەنلىگەن قوشۇننى كەڭرى دالاغا يىغدى. ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا بۇلۇت دىدارى كۆرۈنمەيتتى. بىپايان دالا قوياش نۇرىدا بەرقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلغان جاپالىق ھەربىي مەشىقتىن كېيىن، ئوغۇز باتۇر بىللە ئېلىپ كەلگەن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما توي قىلىش ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن كىچىك ئالچىسىنى بىر چەتتە تۇرغۇزۇپ، ئاۋازلىق ئوقياسىنى شۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ سەپ ئالدىغا چىقىرىپ ئېتىشقا بۇيرۇق بەرگەن 90 لەشكەر كىچىك ئالچىنى ئېتىشقا پېتىنالمىدى. نەتىجىدە ئوغۇز باتۇر ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى ۋە ھېلىقى كۈندىكى بۇيرۇقنى تەكرارلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ تەقدىرى چوقۇم مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلەتتى. نەۋكەر - لەشكەرلەر بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق بۇيرۇقنى سۆزسىز، تەخىرسىز ئىجرا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆكتەڭرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشتى.

كۈز كەلدى. ھەر يىلى كۈزدە مول ھوسۇل بايرىمى بولاتتى. ھونلارنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى بويىچە ئۇلارنىڭ قورۇلۇن، سېلېنگا، ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى، بايقال كۆلى بويى ۋە ئالتاي، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە، تەڭرىقۇملۇقى ئەتراپلىرىدا... ياشاۋاتقان 20 نەچچە ئۇرۇق - قەبىلىلىرى تامىر ئېقىنى بويىغا يىغىلدى. تۈمەن تەڭرىقۇتمۇ مول ھوسۇل بايرىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئوردا ۋە پايتەختتىكى ئەمەلدار، قەلەمدارلارنى، خانىش، مەلىكە، قونجۇي، جىنجۇلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئوغۇز باتۇرمۇ ھون قوشۇنلىرىنى شۇ يەرگە يۆتكەپ كەلدى. تۈمەن تەڭرىقۇتتىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممەيلەن ئاۋۋال بىر نەچچە كۈنگىچە تەڭرىلەرگە تېۋىنىدى، ۋاقىتلىق ياسالغان گۋادۇبۇدا ئىبادەت قىلدى. پۈتۈن ۋادا بويلاپ ھەر قايسى قەبىلە، لەشكىرىي قىسىملار بويىچە قازانلار ئېسىلىپ، قوي، كالا ئۆلتۈرۈلۈپ نەزىرە ئېشى پىشۇرۇلدى. ھەر قايسى سورۇنلاردا توپ - توپ قامانلار داپ چېلىپ، پىرە ئويناپ مول ھوسۇل بايرىمىنىڭ شەنىگە، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتقا ئاتالغان قەسىدىلەرنى ئوقۇشتى، ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىشتى. قامان دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە بايرام مەزگىلىدە قاملار سىرتقا چىقماي گۋادۇبۇدا ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشتى. بايرام ئاخىرلىشاي دېگەندە تۈمەن تەڭرىقۇت كۈنگە قاراپ ئۇۋ قىلىشنىڭ ياخشى سائىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، كەيپى خۇش ھالدا خانىش ئالچى ئايقاغاننى، ئالچى چىلغۇزىنى ۋە تەخت مىراسخورى تۇقىشخاننى، ئۆزىگە يېقىن ئوردا مەنسەپدارلىرىنى، خاس سىپاھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇۋغا ماڭدى. ئالچى ئايقاغان ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ قېپقالدى ۋە قاملارنىڭ ئارىسىدا ئوغلىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ئوغۇز باتۇر دەل مۇشۇنداق بىر پەيتنىڭ كېلىشىنى كۈتكەنىدى. كۆنتەڭرىمۇ قۇت ۋە ئامەتتىن بېشارەت بىرىۋاتقاندەك ھارارەتلىك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ھون قوشۇنى بۇيرۇق بويىچە يېيىلىپ - سەپ تارتىپ خۇددى تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئۇۋ قىلىشىنى يىراقتىن قوغداۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈشتە مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلدى. ئوغۇز باتۇر يېقىنلاپ بېرىپ ئەڭ ئاۋۋال ئاۋازلىق ئوقياسىنى ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتقا ئاتتى، ئالچى چىلغۇزىنى، تۇقىشخاننى، ئاتىسىغا يېقىن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى... ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇۋغا ماڭغان تەڭرىقۇت سېپىگە سانسىز ئەجەللىك ئوقلار ئېتىلدى. سول قول، ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇنلار، ئېل قۇساي، يابغۇ، قۇتىغۇلار ئىچىدىكى تۈمەنخاننى ھىمايە قىلغۇچىلار دەرھال سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئوغۇز باتۇرغا قارشى ئاتلاندى. قاتتىق - قانلىق جەڭلەر بىر نەچچە كۈن داۋام قىلدى. ئەمما نۇسرەت - غالىبىيەت قۇياشى ئوغۇز باتۇرنىڭ بېشى ئۈستىدە پارلىدى. ئەزەلدىن ئوغۇز باتۇرنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان قۇتان ئىسىملىك بىر يابغۇ جەڭ مەيدانىغا قاراپ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئوغۇز باتۇرغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

ئاۋۇن تۇنى - كۈندۈزى يەلكىن كەچەر، كىمنى قالــى ساتغا ساكۈچىــن كەۋەر (زامانىنىڭ كۈنى - تۈنى يولۇچىلاردەك ئۆتىدۇ. ئۇ كىمنى دەسسىسە شۇنىڭ كۈنىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ) دەپ كىنايە قىلدى.

- ئەيلۇق، ئەيلۇق، - دېدى ئوغۇز باتۇر كۈلۈپ، - ئاۋۇن ئاتامنى ساتغادى ⑧⑧، پۈتۈنلەي تۈگەشتۈردى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 204 - يىلى.

سەيخانتال ⑧⑨ تەرەپتىــن ئۇچۇپ كەلگەن يىنىك، ئىزغىرىن شىمال شامىلى دەسلەپ ياغقان قارلارنى ئۇچۇرتاتتى. ئېگىنزارلار نىپىــز قار ئاستىدىكى قىشلىق ئۇيقۇسىنى باشلىغانىدى. مال - ۋارانلار ئىغىل - قوتانلارغا سولانغان، ئوت - چۆپلىرى يىغىۋېلىنىپ، ئۈستىنــى قار باسقان پايانسىــز يايلاقلاردا پەقەت تۈچ قوڭغۇراقلىــق تۆگىلەرلا تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۆيۈك ⑨⓪ لەردە ئۆسكەن قىيىن، چۈلۈك ⑨① شاخلىرىدا سەجەر ⑨② لەر تىنىماي ۋىچىرلىشاتتى. كۆز يەتمەس سىغىرالار ⑨③ نىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىكى بۇلاق، ئېقىنلاردا قەردۇلار كۆز چاقنىتىپ يالتىرايتتى.

سۇزۇك ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن تەگەلگۈچ ⑨④ يىراق بىر جىلغا ئىچىدە ئۆلجىنى كۆردى بولغاي كەلىڭ، قارا قاناتلىرىنى جۇپلەپ پەسكەشۇڭغۇدى.

هون دىيارىدا قىش ئەنە شۇنداق باشلاندى. سوغۇقنىڭ كۈچىيىــشــگە قارىماي پايتەخت تەڭرىبالىق جىددىي كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. ئۆي - چېدىرلار ئالدىدا هون لەشكەرلىرى مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. شەهەر ئىچىدىكى بارلىق تۆمۈرچىخانا، موزدۇزخانا، تىككۈچىلىك ئۈستىخانىلــىرى، ناۋايخانىلار قورال - ياراغ، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاشقا سەپەرۋەر قىلىنغانىدى. كوچىلاردا قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك بېسىــلغان هارۋىلار، توقۇپ تەييارلانغان ئاتلار تىقىلىشىپ كەتكەنىدى. سىپىــل ئۈستىــدە، كۈڭگىرا - قوختىلاردا، شەهەرنىڭ تېشىدىكــى مەيدانلاردا دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيىــپ، پەۋەس قوراللانغان لەشكەرلەر جەڭگىــۋار هالەتكە ئۆتكەنىدى.

ئوردا مۇهاپىزەتچىلىرى ئادەتتىــكىــدىن كۆپەيتىلگەنىدى. تەڭرىقۇت ئوردىسىــدا دۆلەت كېڭەشى بولىۋاتاتتى. ئوردىنىڭ تۆر تېمىغا هون تەڭرىقۇتىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغانىدى. بايراق كاككۈك ئاغزى رەڭلىك يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بولۇپ، بىر ئالتۇن تاج، تاجىنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن گەۋدىســى ئالتۇندىن ياسالغان قارچۇغا قوندۇرۇلغان، قارچۇغا ئالتۇن تاج چېكىلىكىدىكى ئىككى جۈپ كۆك بۆرىنىڭ بىر كىيىــكنــى چىشلەۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىپ تۇرغان قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

تامىر ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان غەلىبىلىك جەڭدىن كېيىــن بارلىــق قوشۇنغا، هون

پۈقرالىرىغا:

مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان،
ئالالىڭ يا تاقى قالقان.
تامغا بىزگە بولسۇن بۇيان ⑨⑤
كۆك بۆرە بولسۇنغىل ئۇران ⑨⑥
تۆمۈر جىدالار ⑨⑦ بول ئورمان،
ئاۋ يېرىدە يۈرۈسۇن قۇلان.
تاقى تالۇي، تاقى مۇرەن ⑨⑧
كۈن تۇغ بولغىل، كۆك قۇرتقان ⑨⑨

دەپ جاكار قىلغان ئوغۇزخان بۈگۈن «باتۇر تەڭرىقۇت» دېگەن شۆهرەتلىك نام بىلەن ئاشۇ بايراق ئاستىدىكــى ئالتۇن تەختتە مەغرۇر ئولتۇراتتى. پولاتتىن ياسىلىــپ ئالتۇن هەل بېرىلگەن، ئالدى تەرىپىگە بۆرە بېشى نەقىــش قىلىنغان، قۇببىسى ئەتراپىدىكــى تۆت مۇنارىغا ئالماس، قاشتېشىــدىن كۆز قويۇلغان دۇبۇلغا ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، كۆكۈچ يۈزىنى تېخىمۇ سۈرلۈك - هەيۋەتلىك كۆرسىتەتتــى. ئۈستىدىكى زەنجىرلىك ساۋۇتى ئۇنىڭ قەددى - قامىتىگە ئالاهىدە بىر سۈلەت ۋە تەڭداشسىــز جاسارەت بېغىشلىغانىدى. ئۇنىــڭ سول ۋە ئوڭ يېنىدا - پەستە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن سول قول ئۇلۇغ بىلگەخان، ئوڭ قول ئۇلۇغ بىلگەخان، سول قول، ئوڭ قول ئېل قۇساي، سول قول، ئوڭ قول قۇتىغۇ، سانغۇن، تۇتۇقبەگ، غەزنىنەبەگ. . . لەر ئورۇن ئېلىشقانىدى. ئۇدۇل تەرەپتە بولسا سول، ئوڭ باتىــخان، تۇمەنبېشــى. . . لار ئولتۇرۇشقانىدى.

قىزغىــن مۇلاهىــزىلەر بولۇپ ئۆتتــى، مۇهاكىمىلەر بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. جانلىق - تەسىرلىك نۇتۇقلار ئالقىش - چاۋاكلار تۈپەيلى پات - پات ئۈزۈلۈپ تۇردى. پىكىرلەر ئىزچىللىشىپ، تەدبىرلەر ئېنىق كۆرسىتىلدى. ۋەزىپىلەر تەقسىم قىلىندى. دۆلەت كېڭىشىنىڭ ئاخىرقى قارارىغا ئاساسەن سول قول، ئوڭ قول سانغۇنلار يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن هەربىي خەرىتىنى ئېچىپ يايدى. باتۇر تەڭرىقۇت خەرىتە ئالدىغا كېلىپ، خەرىتىدىكى ئۇلۇغ ئوكيان، لېنا دەرياسى، بايقال كۆلى، يەنسەي دەرياسى، سىندۇ ①⓪⓪ ۋە كاسپى دېڭىزى. . . قاتارلىق جايلارغا بۆرە بېشى شەكلىدە ياسالغان كىچىك بايراقچىلارنى بىر - بىرلەپ قادىدى. كېڭەش تامام بولدى.

قار توختاپ هاۋا ئېچىلدى. كېچىمۇ ئاي - يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بىلەن گۈزەللەشتى. ئايتەڭرى بىشارەت بەردى، بۇ قۇتلۇق سائەتلەر ئىــدى، هەربىي يۈرۈش دۇمبىقى ياڭرىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت يۈگەن، نۇختــا، ئېگــەر، ئۈزەڭگىلىرى ئالتۇندىن زىننەتلەنگەن بوز ئايغىرغا مىنىپ شەهەردىن چىقتى، ئۇنىــڭ بوينىــدا كىچىكىدە ئانىسى ئالچى ئايقاغان پۈتۈپ بەرگەن بىر جۈپ بۆرە ئوشۇقى سىلىنىپ تىكىــلگەن تۇمار هېلىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئالدىدا بولسا

كۆك يايلىلىق، كۆك كۆزلۈك بىر بۆرە يورغىلاپ كېلىۋاتاتتى. باتۇر تەڭرىقۇت توختىدى، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ - ۋارقىراپ ھەربىي يارلىقنى ئېلان قىلدى:

- ئاق (101) قا يۈزمىلىڭ، قىزىل (102) غا يۈزمىلىڭ، كۆك (103) كە يۈزمىلىڭ، قارا (104) غا يۈزمىلىڭ ئاتلىق سۇ (105) ماگدۇر ۋۇلسۇن!

لەشكەرلەر سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان تۆت نەپەر سانغۇن، 40 نەپەر تۈمەنبېشى، 400 نەپەر مىڭبېشى قىلىچلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەممىسى بىردەك:

- خوپ! - دەپ ۋارقىراشتى.

ھەربىي يارلىق لەشكەرلەر سېپىنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزۈلگەندە بولسا: «باتۇر تەڭرىقۇت ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!» دېگەن يالقۇنلۇق سادا ئاسمان - زېمىننى قاپلىدى ۋە ئۇزاققىچە داۋام قىلدى.

ھون لەشكەرلىرى ئاق، قىزىل تورۇق، كۆك، قارا ئاتلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر بۆلۈنمە 100 مىڭ لەشكەردىن تەركىب تاپقانىدى. ھەر بىر بۆلۈنمىنىڭ ئالدىدا بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن توققۇز تۇغ لەپىلدەيتتى. نەي، سۇناي، دۇمباقلارنىڭ ئاۋازلىرى پەلەكنى تىترىتەتتى. پايتەخت تەڭرىبالىقنىڭ سېپىل قوۋۇقى ئۈستىدە ئالچى ئايىغان ۋە تېخى بىر ياشقا توشمىغان بوۋىقى كۆكخان (106) نى كۆتۈرۈۋالغان ئالچى سۆجۈك تەڭلا ياش تۆكۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ تەڭرىلەرگە تېۋىنىشتى ۋە:

- ئۇغۇر، ئۇغۇر، - دەپ نىدا قىلىشتى.

سەپ ئالدىدا كېتىۋاتقان بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرىدە ۋىل - ۋىل ئوت ياناتتى، ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ يالقۇن چاچاتتى، بۆرىلەرنىڭ كۆپكۆك سىرتلىرى پارقىرايتتى، قىپقىزىل تىللىرىدىن:

- تەڭرىنىڭ ئوغلى، تەڭرىلەرنىڭ ئوغلى، قۇت بولسۇن ساڭا! - دېگەن ئۇتلۇق نىدالار چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ۋە ھازىرغىچە كىشىلەر ئاغزىدا سۆزلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ، شانۇ - شەۋكەتلىك ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى، ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاتاقلىق تەڭرىقۇتى - ئوغۇز خان سەلتەنەتلىك تارىخى، ھەربىي يۈرۈشنى مانە شۇنداق باشلىغانىدى.

## لۇغەت

① سىرت - تۆك، قىل، يايىل ② قاراقۇش ③ گېدرا - يۇلتۇز ئىسىملىرى ④ تىلەن - ھازىرقى چىلىيەنشەن تاغلىرى ⑤ ئالچى - ھازىرقى يەنجىشەن تاغلىرى ⑥ قىزىل قوچورا - قىزىل قارىغاي ⑦ ساندىبىل - گەنسۇنىڭ جاڭيې شەھىرى ئەتراپىدا بىنا قىلىنغان قەدىمىي شەھەر ⑧ سول قول، ئوڭ قول بىلگەخان، ئېل قوساي، قۇتىغۇ، سانغۇن - ھون ئوردىسىدىكىلەرنىڭ مەنسەپ، ۋەزىپە ناملىرى ⑨ قۇنجۇي - خانىشتىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئايال، ئىنىكئانا ياكى كىچىك خانلارنىڭ مەلىكىلىرى ⑩ كۆمۈشتېكىن - كۆمۈش تەنلىك قول. كېنىزەكلەر ⑪ بارىمتاي - گۆرۈگە قويۇلغان شاھزادە ⑫ جەۋزا - يۇلتۇز ئىسمى ⑬ جەۋزاجەر - ۋاقىت ⑭ تەڭرىبالىق - خوخخوتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمىي ھون پايتەختى، كېيىن ھونلار بۇ يەردىن كۆچكەن ⑮ پېيگاس - يۇلتۇز ئىسمى ⑯ بۆكتا - خەنجەر ⑰ قۇرت - بۆرە ⑱ ئۇغۇر - خەيرلىك، ئاق يوللۇق ⑲ ئالىپ - باتۇر ⑳ بىتىك - تۇمار، پۈتۈك ㉑ كۈبەن - ئېگەر ㉒ ساخىت - بېزەك، زىننەت ㉓ «قۇش قەنەتىن، ئەرگەتىن» - قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن ㉔ سۇبران - ھون شەھەرلىرىنىڭ بىرى ㉕ قىشئات - تاق مۈڭگۈزلۈك ھايۋان ㉖ يابراي - ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆل ㉗ ئالشا - ئىچكى موڭغۇلدىكى تاغ ㉘ تەڭرىقۇملۇقى - ئىچكى موڭغۇلدىكى قۇملۇق ㉙ قىنىق ㉚ بايۇندۇر ㉛ قايىغ - ھونلارغا قاراشلىق قەبىلىلەر ㉜ سوغىناق - ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى ㉝ ئىم - پارول ㉞ ئېيكىت - يالغان ㉟ ئۆترۈك - ھېيلىگەر، يالغانچى ㊱ ئەن - ياق ㊲ پەردەش - يۇرتداش، بىر يۇرتلۇق ㊳ كەدۈك - يۈگىدىن توقۇلغان، دۇبۇلغا ئىچىگە كىيىدىغان ھونچە باش كىيىم ㊴ بىپەك بەرتۇ - يولى سېلىپ سىررىلغان قىسقا كەمزۇل ㊵ ئەيلۇق - شۇنداق، ھەئە ㊶ ئۇۋۇزلاندۇق - خىجىل بولدۇق ㊷ جەغرىبەگ - قارچۇغا بەگ ㊸ سانغۇن - سەركەردە، گېنېرال ㊹ بىلىگ بەگ - دانىشمەن، ئەمىر، مەسلىھەتچى ㊺ ھونلارنىڭ ئۆيى - چېدىرلىرىنىڭ ئىشىكى كۈن چىقىشقا قاراپ بېكىتىلەتتى ㊻ بەرجەم - ھون قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن تاقايدىغان بەلگىسى - قوتاز قۇيرۇقى ㊼ سۈكۈش - ئوغلاق گۆشى ㊽ يۈركەمەچ - ئىنچىكە ئۈچەيگە قېرىن، ئۆپكە قاتارلىقلارنى تىقىپ پىشۇرغان كاۋاپ - ھونلارنىڭ بىر خىل تامىقى ㊾ تۇغراق - ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ يارلىق - پەرمانى ㊿ ئىمدى - ئەمدى (51) ئوگدىن يۈرۈت - ئالدىدا ماڭ، باشلاپ ماڭ (52) سوم سىۋىندىم - بەك سۆيۈندۈم (53) شۈمشە - يېگىلى بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك (54) بادائىن جاران - ئىچكى موڭغۇلدىكى قۇملۇق (55) قىرناق - ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرى (56) بىرخون - توققۇز نان بىر خون بولىدۇ (57) ئېبمەك - ھازىرقى ھەمەك نان (58) ئارمىغان - سوۋغا - سالام، ھەدىيە (59) سىدرىم - كەمەر، پوتا، بەلباغ (60) كۆنجەك - ياقا (61) قام - ئايال بۇۋى، كاھىن (62) تومرۇك - داپ (63) قۇيان - ھونلارغا قاراشلىق يۇقىرى نەسەبلىك قەبىلىلەرنىڭ بىرى (64) يابغۇ - باش ۋەزىر (65) توغرۇل - بىر خىل يىرتقۇچ قۇشنىڭ نامى بولۇپ، ھونلاردا ئادەم ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ (66) ئابا - ئانا، ئاپا (67) جەقرەر - چاقىرىۋاتىدۇ (68) كىلاجۇم - سۆزۈم (69) قەت - يېنىمدا، قېشىمدا (70) قاغانىم - شاھىم، پادىشاھىم، خاقانىم (71) بەن بەردۇ - مەن باراي، چىقاي (72) كىبا ئۆزلەڭ - سەل تۇرۇپ كېلىمەن (73) جىنجۇ - ئۈنچە - مەرۋايىت، ئوغۇزلاردا كېنىزەك (74) جەغرىم - قارچۇغام (75) قەت تۇر - يېنىمدا تۇر (76) چىلغۇزا - تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئىككىنچى خوتۇنىنىڭ ئىسمى (77) ئەلكىنلىك - مۇساپىرلىق (78) شابۇ - ھونلارغا قاراشلىق يۇقىرى نەسەبلىك ئۇرۇقنىڭ نامى، ئوردا ئەمەلدارلىرى شۇلاردىن تاللىناتتى (79) ئەشەق - تۆۋەن - پەس (80) ئەرسىز - قەدىرسىز نەرسە (81) ھون گۇۋادۇبۇسى - ھون ئىبادەتخانىسى (82) قەردۇ - ئۇششاق مۇز پارچىلىرى، قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدۇ (83) سۇباش - قوماندان «48» (84) مۇرجەك - مەشرەپ (85) يەرىقلەن - قورالان (86) يۇمۇرلەن - يىغىل، توپلان (87) قۇرمان - ئوقدان، قاپ (88) ساتغادى - دەسسىدى، چەيلىدى (89) سەيخانتال - ئىچكى موڭغۇلدىكى بىر جاي (90) ئۆيۈك - تۆپىلىك، ئېگىزلىك (91) چۈلۈك - قارىغاينىڭ بىر خىلى (92) سەجەر - قۇشقاچ (93) سىفرا - ساي، ۋادا (94) تەڭەلگۈچ - سا (95) بۇيان - بەخت - سائادەت (96) ئۆران - جەڭگىۋار شوئار، چاقىرىق (97) جىدالار - نەيزىلەر (98) تاقى تالۇي، تاقى مۇرەن - دەريا - دېڭىز ئاقسۇن راۋان (99) قۇرتقان - قورغان، شەھەر. قەلئە (100) سىندۇ - ھىندى ئوكيان (101) ئاق (102) قىزىل (103) كۆك (104) قارا - ھونلار تۆت تەرەپنى تۆت خىل رەڭ بىلەن بەلگىلەيتتى. ئاق غەربنى، قىزىل جەنۇبنى، كۆك شەرقنى، قارا شىمالنى كۆرسىتەتتى (105) سۇ - قوشۇن. لەشكەر (106) كۆكخان - ئوغۇزخاننىڭ ئوغلى، تەخت ۋارىسى، ئوغۇزخاندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان.

(M1) رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرىم

---

ئاپتور: ئاقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 2 - دەرىجىلىك يازغۇچى

# شائىر ئەمەس مەن

(چاتما شېئىر)

مۇھەممەد رەھىم



## شېئىرىيەتنىڭ كۆكسى كەڭ ئىكەن

ئون تۆت يېشىم ـ بالىلىق چېغىم،
مەپتۇن قىلدى قوشاقلار مېنى.
شۇ قوشاقلار تومۇرلىرىمغا
تۇتاشتۇردى شېئىر رىشتىنى.

بۇ بىر قىزىق ئىشتىياق ئىكەن،
ھەۋەس بىلەن باشلايدىكەنمىز.
ئېغىر كەلسە ئۇنىڭ جاپاسى،
خىجىل بولماي تاشلايدىكەنمىز.

شېئىرىيەتنىڭ كۆكسى كەڭ ئىكەن،
رەنجىمىدى تاشلىغانلاردىن.
رەنجىمىدى ئۇنى تاج قىلىپ،
كىيمەك بولۇپ باشلىغانلاردىن.

رەنجىمىدى ئەللىك يىلدىمۇ
بىر خىل تۇرغان قاتمال قەلەمدىن.
رەنجىمىدى ۋىسال تاپقۇچە
شېئىر يېزىشقان «غېرىب ـ سەنەم» دىن.

رەنجىمىدى تەلۋە يىللاردا
تىك تۇرالماي مەڭدىگەنلەردىن.
رەنجىمىدى مەدھىيە توقۇپ،
ھايان تېپىپ دەندىگەنلەردىن.

رەنجىمىدى ئەنئەنە دېسە،
ساپساق بېشى ئاغرىغانلاردىن.
رەنجىمىدى «كونا ئەندىزنى
بۇزايلى» دەپ قايىنىغانلاردىن.

رەنجىمىدى تەييارغا ھەييار،
كۆچۈرمىكەش، ئەگرى قوللاردىن.
رەنجىمىدى تىرناق ئاستىدىن
كىر ئىزدىگەن ھازازۇللاردىن.

شېئىرىيەتنىڭ كۆكسى كەڭ ئىكەن،
سىغىدىكەن ياخشى ـ يامانلار.
تاپىدىكەن ئۆز باھاسىنى
شېئىر ئاتلىق دان ۋە سامانلار.

يېرىم ئەسىر تەر تۆكۈپ مەنمۇ،
قەلەم بىلەن ئەكتىم زىرائەت.
خامىنىمدا داندىن كۆپ سامان،
كۆڭلۈم شۇڭا تاپماس قانائەت.

## زورلىماڭلار

زورلىماڭلار، مۇھەررىرلىرىم،
بۇ زاكازنى قوبۇل قىلىڭ دەپ.
قىينىماڭلار، ئۆسمۈر دوستلىرىم،
بىزگە شېئىر يېزىپ بېرىڭ دەپ.

ياشلىقىمدىن ياشانغانغىچە
شېئىر يېزىپ چېچىم ئاقاردى.
قاشاڭلىشىپ قالدى قەلىمىم،
ئىلھامىممۇ بەتخۇي چىقاردى.

نېمە قىلاي زورلاپ ئۇلارنى،
ھەممىمىز تەڭ چارچىدۇق راسا.
تا ئۆلگۈچە شېئىر يازسەن –
دېگەن ئەمەس ئەيسا ۋە مۇسا.

## كېچىككىش

ئەقىلسىزنىڭ ئەقلى ھەمىشە
چۈشتىن كېيىن كەلگىنى قىزىق.
كېچىككەننىڭ دەردى ئاز كېلىپ،
مىڭ پۇشايمان بەرگىنى قىزىق.

ئەقىل تاپتىم ھامان كېچىكىپ،
بۇ مەندىكى كېسەلمىكىن، تاڭ.
تۈز يولدىمۇ تۈز ماڭالمىدىم،
قەدەملىرىم بىچەلمىكىن، تاڭ.

شائىر دېسە بەزىلەر مېنى،
باسالمىدىم خۇشاللىقىمنى.
ئۇنتۇپ قالدىم بىلىم بابىدا
يوشۇرغۇسىز ئۇساللىقىمنى.

يارىلاتتى ياخشى شېئىرنىڭ
تۆرەلمىسى تۇرمۇش پۈشتىدىن.
بىلىم بىلەن تاپاتتى كامال،
يىرگىنەتتى شۆھرەت رەشكىدىن.

لېكىن مېنىڭ تالاي شېئىرىم
ئۇ خىسلەتتىن مەھرۇم يارالدى...
بۈگۈن ئۇلار ئەۋلادلىرىمغا
يۈز كېلەلمەي ئارتقا بۇرالدى.

مەن ئۇلارنى ئۈزۈتىپ قويدۇم
ئۆز دەۋرىگە، ئۆز ماكانىغا.
ئۆمرۈم ئۆتتى كېچىككىش بىلەن،
چۆكۈپ قالدىم ھەسرەت كانىغا.

## شائىرلىقنىڭ تارازىسى

رەندە تۇتقان بىر جۈپ قولۇمدا
پەيتى كېلىپ مىلتىقمۇ تۇتتۇم.
رەقىبلەرگە «سۇبھانەللا» نى
ھەر بىر جەڭدە تەكرار ئوقۇتتۇم.

ئۇلۇغ ئىشقا قاتنىشىپتىمەن،
تارىخ بولۇپ قالدى كەچمىشىم.
كەچمىشىمگە ئىلھام تاپالماي،
قېرىپ كەتتى ئەقىلسىز بېشىم.

نېمىلەرنى زوق بىلەن يېزىپ،
نېمىلەرگە سۆكۈت قىلغۇلۇق؟
دەل شۇلارنى بىلگەن كىشىدىن
ياخشى شېئىر كۈتمەك قىلغۇلۇق.

شۇنى ئويلاپ سالدىم ئۆزۈمنى
شائىرلىقنىڭ تارازىسىغا.
يارىمىدىم بەك يېنىك كېلىپ
شېئىرىيەتنىڭ ھەشقاللىسىغا.

## ھايان ۋە زىيان

شېئىر يازدىم ئانا تىلىمنىڭ
سۆز كانىدىن جەۋھەر ئاقتۇرۇپ.
ئويلاپتىمەن سۆز سەنئىتىمنى
قالغاندۇ دەپ ئەل - يۇرت ياقتۇرۇپ.

چاغلاپتىمەن ئۆزۈمنى شائىر،
شۇنچە تۇرسا يوچۇق - ئاراشلار.
ئاز ئەمەسكەن شېئىرلىرىمدا
يەكپاي سۆزلەر، قېتىش - قۇراشلار.

ئاندا - ساندا مىسرالىرىمغا
مۆكۈۋاپتۇ بۇزۇلغان سۆزلەر.
ئۆزۈن كەلسە قىرقىلىپ كەتكەن،
قىسقا كەلسە سوزۇلغان سۆزلەر.

شېئىر يېزىپ تاپقان ھاياندىن،
بۇزغان سۆزۈم ئەشەددىي زىيان.
يۈرىكىمنى ھەر بىر خاتايىم
چىشلىمەكتە چاققاندەك چايان.

ئۇيغۇر تىلى – ئانامنىڭ تىلى،
ئەجدادلىرىم ياراتقان بايلىق.
شائىر دوستۇم، شېئىرلىرىڭدا
بۇ بايلىقنى ساقلا چىرايلىق.

## ۋەسىيەت

مەن بىر پۇقرا،
شائىر ئەمەس مەن،
تۆھپەممۇ يوق قىلغۇدەك مىننەت.
ئۇخلاپ قالاي پۇقرا ئىچىدە،
پۇقرا قوينى مەن ئۈچۈن جەننەت.

ئۈرۈمچى، يىللار 1996 ـ 1993 (M1)

---

ماۋزۇ سىزىقىدە: پېشقەدەم شائىر، ژۇرنالىست مۇھەممەد رەھىم (ئوغدا) سەپدىشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى، ئۇستاز يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىرى (24 .9 .1989 ـ 1912) بىلەن



## خەلقىمىزنىڭ مۇزىكىلىق ئەخلاق دەرسلىكى

### — «12 مۇقام» نىڭ بەدىئىي ۋە ئەخلاقىي — ئىككى تۈپ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

مۇكەررەم مۇسا

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا ياراتقان ئالەمشۇمۇل سەنئەت بايلىقى، مۇزىكا تۈركۈمى شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن بىباھا مەنىۋى مەدەنىيەت گۆھىرى بولۇپ، ئۇ، ئۆزى شەكىللەنگۈچىلىك راۋاجلىنىپ كەلگەن مۇنەۋۋەر سەنئەت ۋە ئەخلاق ئۇتۇقلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋە پەزىلەتلىك مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇللۇق بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تۇزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە، ئۆزىدىن كېيىنكى سەنئەت تەرەققىياتىغا، ئەخلاقىي تەربىيە تەرەققىياتىغا ياخشى نەمۇنە ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

«12 مۇقام» بىر پۈتۈن مۇزىكىلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ، تۈزۈلمە ۋە مەزمۇن جەھەتتە كۈچلۈك ۋە روشەن بەدىئىي (ئېستېتىكىلىق) ۋە ئەخلاقىي (ئېتىكىلىق) خۇسۇسىيەتكە ئىگە. «12 مۇقام» نىڭ بەدىئىي ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكى بۇ زور ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق تۈركۈمنىڭ تۈپ ماھىيەتلىرىنى، تۈپ قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ھاياتىي كۈچىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، گەۋدىلەندۈرگەن ۋە ئىپادىلىگەن. بۇ، «12 مۇقام» نى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە باھا بېرىشتىكى ئاساسلىق ھالقا. بىز مەلۇم مەنىدە، «12 مۇقام» نى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ جامائەت ئەخلاقى قامۇسى ۋە مۇنداق ئۇلۇغ ئەخلاق دەرسلىكىنىڭ مۇزىكىلىق سەنئەت مەكتىپى دەپ تەرىپلەشكە ھەقلىقمىز.

### «12 مۇقام» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» يۇكسەك تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكەن بەدىئىي ئەسەر. ئۇنىڭ مەنبەلىرى، پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى، مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسى، بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈشى، مۇزىكىلىق كۈي پۇرىقى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت ۋە قىياپەتلىرى، ناخشىلىق تېكىستلىرى، چالغۇ قوراللىرى، ئورۇندىلىش تەرتىپى بۇ بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت تارىخىدا مىسلىسىز سەنئەت بولاقلىرىدىن جەملەنگەن، ئۇزاق زامانلىق سەنئەت تارىخىي مۇساپىسىدا يېتىلگەن ئۇلۇغ بەدىئىي خەزىنە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى**

«12 مۇقام» دىن ئىبارەت ئۇلۇغ سەنئەت مۆجىزىسىنىڭ بەدىئىي (ئېستېتىك) ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

«12 مۇقام» نىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى — «12 مۇقام» شەرق ئۇسلۇبىدىكى، كلاسسىك سەۋىيىدىكى، ئۇيغۇر ھاياتىغا خاس، چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق تۈركۈمدىن ئىبارەت.

بۇ، تۆۋەندىكى بەش قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

بىرىنچىدىن، «12 مۇقام» مۇزىكا تىپىدىكى مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر؛

ئىككىنچىدىن، «12 مۇقام» ئادەتتىكى مۇزىكىلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىختا يېتىلگەن، پۈتۈن مىللەت روھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، كلاسسىك سەۋىيىدىكى مۇزىكىلىق مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر؛

ئۈچىنچىدىن، «12 مۇقام» بىرەر پارچە كلاسسىك مۇزىكىلىق ئەسەر بولماستىن، بەلكى كلاسسىك دەرىجە (سەۋىيە) دىكى ئون ئىككى يۈرۈش ئەسەردىن جەم بولغان مۇزىكىلار تۈركۈمىدۇر؛

تۆتىنچىدىن، «12 مۇقام» غەرب ئۇسلۇبىدىكى كلاسسىك مۇزىكا، مەسىلەن، غەربچە ئوپېرا ياكى سىمفونىيە بولماستىن، بەلكى شەرق ئۇسلۇبىدىكى كلاسسىك مۇزىكا تۈركۈمىدۇر؛

بەشىنچى، «12 مۇقام» شەرق كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ ھېچقايسىسى، مەسىلەن، شىمالىي ئافرىقا، سۈرىيە، ئىراق، ئىران «مۇقام»، «دەستىگاھ» لىرى ياكى ئۆزبېك ـ تاجىك «شەش مۇقامى» بولماستىن، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئون ئىككى يۈرۈش كلاسسىك مۇزىكىسىدىن ئىبارەت. شەرق مۇزىكىلىرىدا كلاسسىك مۇزىكىلىق تۈركۈملەرنىڭ «مۇقام» ئاتالمىسىنى قوللىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ، ھەممە مىللەت مۇقاملىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ ئەرەب مۇزىكىسىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇلاردىكى مىللىي مۇزىكىلىق خاسلىقلار ئارىسىدىكى شەرق ئۇسلۇبىغا خاس، مۇقام تىپىغا خاس، كلاسسىك سەۋىيىگە خاس مۇزىكىلىق ئورتاقلىقىغا قارىتىلغان.

«12 مۇقام» غايەت روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، غەربتىكى ھەر قانداق سەنئەت تۈرلىرى ـ سىمفونىيىدىن ئىبارەت كلاسسىك مۇزىكا، بالېتتىن ئىبارەت كلاسسىك ئۇسسۇل، ئوپېرادىن ئىبارەت كلاسسىك ناخشا ـ تىياتىر ۋە 14 قۇرلۇق سونېتتىن ئىبارەت كلاسسىك شېئىرنىڭ ھەر بىرىمۇ مۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس.

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەلنەغمىلىرى، مەشرەپ ـ سەنەملىرى، ناخشا ـ قوشاقلىرى، شېئىر ـ غەزەللىرىنى بىر گەۋدە قىلغان بولۇپ، مۇنداق مۇجەسسەم مۇزىكىلىق تۈركۈم باشقا مۇزىكا تۈرلىرىدە بولغان ئەمەس. «12 مۇقام» نىڭ ھازىرقى ھالەتتە كېلىشى جەريانىدا مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار، بولۇپمۇ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىرلار كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ، «12 مۇقام» نىڭ يالغۇز مۇزىكانتلار ياراتقان ئۇلۇغ بايلىق بولۇپ قالماستىن، يەنە شائىرلار، پەيلاسوپلار، ئەخلاقشۇناسلار، ئۇسسۇلشۇناسلار، فولكلورچىلار، خەلق قوشاقچىلىرى، قىسقىسى پۈتكۈل خەلق ياراتقان ئۇلۇغ مىللىي مەدەنىيەت بايلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز «12 مۇقام» نى پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ نەچچە ئەجداد كىشىلىرى بەرپا قىلغان ئۇلۇغ قەلب تارىخى، مۇزىكا شەكلىدە، ناخشا ـ ئۇسسۇل شەكلىدە كۆيلىنىدىغان ئۇلۇغ فولكلور تارىخى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

## «12 مۇقام» دا ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ تۇتقان ئورنى

بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، سەنئەت تارىخىدا سەنئەت بىلەن ئەخلاقنى، گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىقنى، ئېستېتىكىلىق بىلەن ئېتىكىلىقنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويىدىغان قاراش نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملاشتى. بۇنداق قاراشنىڭ شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ نەزەرىيىۋى ۋەكىللىرى بولغان. ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىدا، مۇقاملارنى «ئەخلاقنى بۇزىدىغان نەرسە»، «جىن ـ شاياتۇن ئويۇنى» دەپ ھاقارەتلەش ھادىسىلىرى بىر قانچە قېتىم يۈز بەردى. سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا ئامانىنساخان ۋە قىدىرخانلار باشلىغان مۇقامنى تەرتىپكە سېلىش ئۇلۇغ ئىشىغىمۇ بۇنداق ئىغۋالار بىلەن قارشى چىققۇچىلار بولغانىدى.

ئەمما، تارىخ بىزگە كىشىلىك جەمئىيىتى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي گەۋدە سۈپىتىدە ماددىي تۇرمۇشقىمۇ، مەنىۋى تۇرمۇشقىمۇ موھتاج ئىكەنلىكىنى، ماددىي مەدەنىيەتنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. سەنئەت تەپەككۇرى ئەڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد تەپەككۇرى، ئەڭ قەدىمكى ئەخلاقىي ئادەت تەپەككۇرى بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بەدىئىي تەپەككۇرنى ئەخلاقىي تەپەككۇردىن ئۈزۈۋېلىش، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ـ ئىلمىيلىككە يات بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ئىبارەت.

«12 مۇقام» ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئۆزىگە خاس كۈچلۈك، روشەن ۋە جانلىق ئەخلاقىي ئالاھىدىلىككە، ئەخلاقىي تەربىيە ۋە ئەخلاقىي

تەسىر كۆچكە ئىگە.

بىزگە مەلۇمكى، «12 مۇقام» مەيلى ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ياكى تەرەققىيات تارىخى جەھەتلىرىدىن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ نەغمە - ناخشا كۈيلىرى، شېئىرىي تېكىستلىرى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلىرى جەھەتلەردىن بولسۇن، شۇنىڭدەك نەغمە، داستان، مەشرەپ تۈزۈلمىسىدىن بولسۇن كۈچلۈك بەدىئىيلىك بىلەن بىرلەشكەن چوڭقۇر ئەخلاقىي تەربىيە ئىقتىدارىغا ئىگە كلاسسىك مۇزىكا بولۇپ كەلگەن.

«12 مۇقام» نىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئۇنىڭ گۆھەر بۇلاقلىرى بولغان خەلق مۇقام - مەشرەپلىرىنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنى ھەممىدىن بۇرۇن ئەخلاقىي ئورۇندۇر. مۇقام ئۇستازلىرى ۋە كلاسسىك شائىرلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزى ۋە ئابرويىمۇ ئالدى بىلەن ئەخلاقىي نوپۇز ۋە ئەخلاقىي شۆھرەتتىن ئىبارەت.

«12 مۇقام» بىلەن خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئويۇشتۇرۇلۇشى، سەينا (مەيدان) دا كىشىلەرنىڭ ئۆز تۈركۈملىرى بويىچە ئورۇن تۇتۇشلىرى، مەشرەپ باشقۇرۇش قائىدىلىرىنىڭ قاتتىق ۋە ئىزچىللىقى، ناخشا - ئۇسسۇللاردىكى ھۆرمەت ۋە ئىپپەت پەزىلەتلىرى، پىشقەدەملەر بىلەن ئاياللارغا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە مەرھەمەت، شېئىر - قوشاق مەزمۇنلىرىدىكى پاكلىق ۋە سەمىمىيەتلەر ئۇيغۇر مۇقام - مەشرەپلىرىنىڭ فولكلور شەكلىدىكى ئىجتىمائىي - جامائەتچىلىك بويىچە جانلىق ئەخلاق مەكتىپى ئىكەنلىكى پىكرىمىزگە بىر مىسالدۇر.

«12 مۇقام» نىڭ ئەخلاقىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە سۆز بولغاندا بىز ئامانىسساخاننىڭ ھەم مۇقامشۇناس ھەم ئەخلاقشۇناس ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ئۇ «ئەخلاقىي جەمىلىيە» (ئەخلاق گۈزەللىكى) ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپىدۇر. ئامانىسساخان بىلەن قىدىرخان ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلەشتە قوللانغان غەزەللەر مۇئەللىپلىرى، ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي مۇتەپەككۇر، كامالەتكە يەتكەن ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ مائارىپچىسى ۋە ئەخلاقشۇناسى ئىدى.

«12 مۇقام» دا ئەخلاق ماۋزۇسىنىڭ قويۇلۇشى تاسادىپىي ۋە يەككە - يېگانە ھادىسە ئەمەس.

«12 مۇقام» ئۆز تارىخىدا بىر قانچە قېتىم ئۆزىنىڭ شېئىرىي تېكىستلىرىنى ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆز مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئارقىلىق، ئۆز ئۇسسۇل - سەنەملىرى ئارقىلىق، ئۆز ناخشا - غەزەللىرى ئارقىلىق ئىنساننى، ئەقىلنى، ھاياتنى، چىنلىقنى، ياخشىلىقنى مەدھىيىلەپ، نادانلىق، جاھالەت، يامانلىقنى قامچىلاپ ئەقلىي - ئەخلاقى، ھېسسىي ئەخلاقى، سەنئەت ئەخلاقى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەخلاقىي تەربىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ كەلگەنلىكى شۈبھىسىز.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، خەلق مۇقام - مەشرەپلىرىنىڭ تېكىستلىرىگە ياكى كلاسسىك «12 مۇقام» تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى «مۇقام تېكىستلىرى» بولۇپ، ئۇ، مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق تەلىپى ۋە ئەخلاقىي ئېھتىياجى بويىچە ئېلىنغان، كېسىلگەن، ئۇلانغان. بۇ ئەسلىدىكى نوقۇل شېئىرىي تېكىستلىق ھالىتىدىن ئۆزگەرتىلگەن. بۇنداق ئەھۋال قومۇل - دولان خەلق مۇقاملىرىدا تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، نەۋائىي، مەشرەپ غەزەللىرىدىن ئۈزۈندە ئېلىنغان ياكى ئۇلارنىڭ غەزەللىرىدىكى مەلۇم بېيىتلار ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. بۇ ھال بىزگە مۇقام مۇزىكىلىرىغا ئۆزلەشكەن تېكىستلارنى بىر پۈتۈن ھالدا «مۇقام تېكىستلىرى» دەپ ئاتاش ۋە ئۇلارغا «مۇقام تېكىستلىرى» نۇقتىسىدىن قاراش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق قىلىش يالغۇز مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ نەغمىلىك تەلىپىنى ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە غايەت يىغىنچاق ئەخلاقىي مەزمۇنىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

بىز ھازىرقى قومۇل - دولان خەلق مۇقام مەشرەپلىرىنىڭ شېئىرىي تېكىستلىرىگە نەزەر سالساقمۇ سەنئەت گۈلىدىن ئەخلاق خۇش پۇرىقىنىڭ دىماغقا ئۇرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

«مەككىگە بارماڭ يارەي،
بۇ ياقتىمۇ بىر مەككە بار.
گۈل يۈزۈڭنى كۆزدە كۆرسەم،
مەككىگە بارغۇنچە بار.»

* * *

«تەكەببۇر ئېلىمە زىنھار،
مەگەر سەن ئاسمان بولساڭ.
ئۆزۈڭنى بارچىدىن پەس تۇت،
سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ.»

* * *

«جاپانى كىم تولا چەكسە،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گۆھەر ئالغۇنچە شۇ تاشتىن،
نى سەۋدا ئۆتىدۇ باشتىن.»

* * *

«خەقلەر بۇ جاينى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەس بازار ئىكەن.
توغرىقى ئالماغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.»

* * *

«ھەي - ھەي ئۆلەن ھەي ئۆلەن،
گۈل قايدا بار، ياريار.
بىر ياخشىغا بىر يامان،
ھەر جايدا بار، ياريار.»

خەلق مۇقاملىرىدىكى بۇ شېئىرلار ۋەتەننى، يۇرتنى، كەمتەرلىكنى، تىرىشچانلىقنى كۈيلەيدۇ، تۇرمۇشنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر ئەخلاق پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم شېئىرىي ئىپادىلىرىدىن

بېرىدۇ.

بىز «12 مۇقام» دىكى باشلىنىش مۇزىكىسى، تەزە قاتارلىق نەغمىلەر، داستانلاردا كۈيلەنگەن غەزەللەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا، سەلقە، جۇلا ۋە مەشرەپلەردە ئوقۇلغان ۋە ئوينالغان ناخشا - ئۇسسۇللارغا نەزەر سالغىنىمىزدا سەنئەت بىلەن ئەخلاقىي تەربىيىنى، قايناق ھېسسىيات بىلەن تەمكىن پىكىر قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن تولىمۇ كۈچلۈك، پەلسەپىلىك، ئەقلىيىلىك، ھېكمەتلىك، تەنبىيىلىك، مەرىپەتلىك تەلىم - تەربىيىگە مۇيەسسەر بولىمىز. بەدىئىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مۇنداق بىر گەۋدىگە يۇغۇرۇلغان ھالىتىنىڭ «12 مۇقام» مۇزىكا تۈركۈملىرىدە باشقا ھەر خىل مۇزىكا ۋە سەنئەت تۈرلىرىگە قارىغاندا، تېپىك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىز «12 مۇقام»ل انىڭ:

«ساتارىم تارىغا جان رىشتىمىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئەنىڭكى نالىسىدىن بىناۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.»

دېگەن غەزەل بىلەن باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ غەزەل «12 مۇقام» نىڭ باشلىنىش مۇزىكىسىغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇش بىلەن بىللە يەنە «12 مۇقام» نىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بەدىئىي - ئەخلاقىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلققە قارىتىلغان ئىزچىل يۈنىلىشىنى ئوچۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، خەلققە يۈزلىنىش ھەقىقىي ئەخلاقنىڭ جېنىدىن ئىبارەت.

بۇ يۈنىلىش يەنە «ئابۇ چەشمە» مۇقامىدا:

«نادامەتتە تۆكۈپ ياش ۋەسلىڭ ئىزدەپ يۈرگىنىم ياخشى،
غەمى دەردىڭ رەپىق ئەيلەپ داۋام ئاھ ئۇرغىنىم ياخشى.»

دەپ كۈيلىنىدۇ.

## «12 مۇقام» تېكىستلىرىدىكى ئەخلاقىي مەزمۇنلار

«12 مۇقام» نىڭ تۆردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان غەزەل تېكىستلىرىگە نەۋائىي، فۇزۇلى، مەشرەپ، ھۇۋەيدا، زەلىلى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى، «غېرىب - سەنەم»، «ھەمراھ - ھۇرلىقا» قاتارلىق خەلق داستانلىرىدىن پارچىلار ۋە خەلق قوشاقلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇنى «12 مۇقام» دەك ئالتۇن ئۈزۈكتىكى ئەخلاق پەلسەپەسىدىن تەشكىل تاپقان ياقۇت كۆز، دېيىش مۇمكىن.

بۇ غەزەل - قوشاقلار ۋەتەننى، خەلقنى، ۋىجداننى، گۈزەللىكنى ۋە ئەقىل، بىلىم، ئەمگەكنى كۈيلەيدۇ؛ زالىم پەلەكنى، جاھالەتلىك زاماننى، نادانلىقنى پاش قىلىدۇ؛ ھاياتنىڭ قىسقىلىقى، ياخشى ئىش، ياخشى نام قالدۇرۇشنى دەۋەت قىلىدۇ.

«12 مۇقام» دىكى ئەخلاق پەلسەپىسى مەزمۇنلىرى ئۈز زامانى (مەسىلەن، قۇتادغۇبىلىك) نىڭ پۈتۈن ئىلغار ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنى مۇزىكا شەكلىنى ئالغان «قۇتاغۇبىلىك» دېيىشكە ھەقلىقمىز.

«12 مۇقام» ئالدى بىلەن ۋەتەنگە مۇھەببەت ئەخلاقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن:

«يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس، باشقا يۇرتقا كۆچمەگۈنچە،
ياخشى - يامان پەرقىن بىلمەس، بىر يامانغا چۈشمەگۈنچە.»
(«غېرىب - سەنەم» دىن)

«جاھاننى سەير ئەتمەككە نەچچە كۆن باغۇچىمەن ياخشى،
دەمى ئۈلپەت ئالۇغا دىلبىرى شىرىن سۇخەن ياخشى.

سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلام،
بىزدەك تۈركىي ئالەمگە بۇ شەھرى خوتەن ياخشى.»
(«زەلىلى غەزىلى» دىن)

«جاھاندا بىر نېمە ياخشى، ئاتا بىرلەن ئانا ياخشى،
مەزەر رەتلىك قېرىنداشتىن ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

مۇھەببەت بۇيىدىن بىر زەررە لەززەت ئالمىغانلارغا،
دىماغىغا ئۇلارنىڭ مىسلى ئاھۇيى خوتەن ياخشى.»
(«ھۇۋەيدا غەزىلى» دىن)

«12 مۇقام» دا مۇدھىش كونا دۇنيانى سۆكىدىغان كۆپلىگەن قىممەتلىك، ئىسيانكار غەزەللەر بار. مەسىلەن:

«دۇنياغا كېلىپ رەنجى بالانى كۆرۈپ ئۆتتۇم،
ئول رەنجى بالا دەشتىدىن ئۆرگۈلۈپ ئۆتتۇم.»
(«مەشرەپ غەزىلى» دىن)

«قابا پەلەكنىڭ دەردىدىن يۈرەكىمدە داغلار قالدى،
بۇلبۇلنى ئايرىدى گۈلدىن، بىنەپشىلىك باغلار قالدى.»
(«غېرىب - سەنەم» دىن)

«باقسام بۇ جاھانغا ھەممىگە دەردۇ ئەلەم بار،
ھەر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر زەيلدە غەم بار.

. . . . . . . .

دۇنيادا ھۇۋەيدا نەپەس ئۇرمىدى شادى،
ھەيھات ئۇنىڭ باغرىدا كۆپ خارى - سىتەم بار.»
(«ھۇۋەيدا غەزىلى» دىن)

«دېمە دەۋران ئارا يوقتۇر ۋاپا ئەيلەپ جاپا كۆرگەن،
كى يوقتۇر مىڭ جاپا تارتىپ قۇتۇلغان بىر ۋاپا ئەيلەپ.»
(«نەۋائىي غەزىلى» دىن)

«12 مۇقام» دا، مال - دۇنيا غېمىدىلا قالغانلارنى ئاچچىق مەسخىرە قىلىپ، دۇنيانىڭ ئۇلارغىمۇ بىۋاپالىقىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

«دۇنيا مالىنى ئېلىبان تويمىغان چەشمى ھېرىس،
تويغۇسى تولغاندا كۆزى گۆر ئارا تۇپراق ئىلە.»
(مەنىسى: دۇنيانىڭ مېلىنى يىغىپ تويمايدىغان ئاچكۆزنىڭ كۆزىگە گۆر توپىسى تولغاندا تويىدۇ).
(«ھۇۋەيدا غەزىلى» دىن)

«12 مۇقام» تېكىستلىرىدە دۇنيانىڭ بىۋاپالىقى بىلەن زۇلۇم - جاپاسىنىڭ چەكسىزلىكى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان:

«پىغانىمدىن پەلەك غەمكىن، سەرەشكىمدىن جاھان رەڭگىن،
نە دەردىم ئوتىغا تەسكىن، نە ھىجرىم دەردىگە دەرمان.

بېشىم غەم تاشىدىن پارە، تېنىم ھىجىر ئوقىدىن يارە،
كۆڭۈل بۇ يارەغە چارە تاپارغا تاپمايىن ئىمكان.

كۆزۈم نەملىك، بويۇم غەملىك، ئىچىم ئەندۇھۇ ماتەملىك،
نە ھەمدەملىك، نە ھەمدەملىك، تېپىپ بۇ مېھنەتنى پىنھان.»

بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرقى بېيىتىدە شۇنچە ئېغىر قايغۇلارغا ھەمدەم بولىدىغان، بۇ يوشۇرۇن ئازاب (ياكى مېھنەت) نى كۆرۈپ خەيرخاھلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ يوقلۇقى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق ئاياغلىشىدۇ:

«قىلىپ جان ھەسرىتىدىن تەن، چىقىپ تەن كىشۋەرىدىن جان»
(مەنىسى: بەدەن روھنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن ئەلەملىرىدىن ھەسرەتلەنسە، روھ بەدەن دۆلىتىدىن جاق تويۇپ چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايدۇ.»
(«نەۋائىي غەزەلى» دىن)

«جۇنۇن ۋادىسىگە مايىل كۆرەرمەن جان ئۆزارىمنى،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق، بۇزۇلغان زورىغارىمنى.»
(ھالىتىمنىڭ ساراڭ ھالىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ،
بۇزۇلغان بۇ تۇرمۇشنى بىراقلا بۇزۇۋەتكۈم كېلىدۇ.)
(«نەۋائىي غەزەلى» دىن)

نەۋائىي زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى بىر يولى خانىۋەيران قىلىشنى تىلغا ئالسا، مەشرەپ ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ نورمال تۇرمۇشى خانىۋەيران بولغان سەرگەردانلار تىلىدىن مۇنداق يازىدۇ:

«ئىستەگەنلەر بىزنى سەھرايى بالادا ئىستەگىز،
ۋادىئى ھىجران بىلەن دەشتى پانادا ئىستەگىز.»

«12 مۇقام» تېكىستلىرىدە بىۋاپا، قىسقا ئۆمۈرنى ئەخلاق ۋە ئەقىل بىلەن پاك ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش، ئۆز ھاياتىدا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق دۇنيادا ياخشى نام، ياخشى تۆھپە، ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا دەۋەت قىلىنىدۇ. ھەممىگە مەلۇم، ئۆمۈرنىڭ قىسقىلىقى بىلەن ئۆلۈمنىڭ مۇتلەقلىقىنى سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش كلاسسىك ئەخلاق پەلسەپىسىدىكى مۇھىم بىر نەسىھەت ۋاسىتىسى. مەسىلەن:

«زەبەرجەت تاقىغا ئالتۇن بىلەن بىر خەت يېزىلمىشكىم،
كەرەم ئەھلىنىڭ ئېھسانىدىن ئۆزگە قالمىغاي باقىي.»
(مەنىسى: تاقىدەك ئېگىلگەن كۆك ئاسمانغا ئالتۇن بىلەن ياخشىلارنىڭ ياخشىلىق قىلغانلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە بۇ ئالەمدە مەڭگۈ قالمايدۇ، دېگەن خەت يېزىلغان.)
(«نەۋائىي غەزەلى» دىن)

«قىلىپ ياخشى ئەمەل كەسپىي شىئارىڭنى سىلاھ ئەتكىل،
ۋەلېك پاسىق خىيالىڭ بىرلە ھەردەم بىر پاساد ئەتمە.»
(مەنىسى: مەقسىتىڭنى ئۆزگەرت، ياخشى ئىش - ھەرىكەتنى نىشان قىل، پاسىق خىيالىڭ كەينىگە كىرىپ بىر قېتىمغىمۇ پىسقى - پاسات بىلەن شۇغۇللانما.)
(«نەۋائىي غەزەلى» دىن)

«تىلەرسەن گەركەرەملىك قىلسا دەرگاھىڭغا مەھرەملىك،
سەبۇرى نەپسى تۇغيان، پىسقى ئىسيان بۇتلىرىڭ سۇندۇر.»
(مەنىسى: سەبۇرى، قەلب دەرگاھىڭغا ياخشىلىق رىياسەتچىلىك قىلسۇن، دېسەڭ نەپسى غەلۋە قوزغايدىغان، پىسقى - پاساتتا ئىسيان كۆتۈرىدىغان ئەقىدە - بۇتلىرىڭنى چاق)

«12 مۇقام» تېكىستلىرىدە يەنە تەمەننا - كىبىر، مەغرۇرلۇقنى قامچىلايدىغان، قانائەتنى دەۋەت قىلىدىغان، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئەخلاقىي مەزمۇنلار بار. مەسىلەن:

«تەمەننا قىلمىغىل زىنھار، ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
قىلىپ شەيتان تەكەببۇرلۇق، گىرىپتار تۇقى لەنەتتە.»

«مەقسەدىن ھاسىل قىلالماس بى مۇشەققەت ھېچ كىشى،
تاكى چەكمەي زەھىرى ئاچلىق نە بىلۇر نان قەدرىنى.»

«قانائەت پىشە قىل، بى قانائەت تاپمىدى مەقسۇت،
قانائەتتىن سەدەپنىڭ بولدى كۆكسىدە گۆھەر پەيدا.»
(«ھۇۋەيدا غەزەلى» دىن)

«ھۇۋەيدا ھەر كىشىكىم بى مۇشەققەت بولمىغاي ھاسىل،
مۇشەققەت تارتمىغۇنچە يار ۋەسلىگە يېتىپ بولماس.»
(«ھۇۋەيدا غەزەلى» دىن)

«12 مۇقام» تېكىستلىرىدە سۆز ئەخلاقى كۈچەپ تەرغىب قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئاغزىڭغە كىرگەن تەكەللۇم رىشتەسىن چەكمە ئۇزۇن،
كىم بۇ ئىشتىن سەرىنگۇنلۇك يۈزلىنىپ نۇقسان كېلۇر.»
(مەنىسى: ئاغزىڭغا كەلگەن سۆزنىڭ يىپىنى ئۇزۇن سوزما، بۇ ئىشتىن يامانلىق يېتىپ يۈزۈڭگە نۇقسان كېلىدۇ.)
(«نەۋائىي غەزەلى» دىن)

«ئېغىز ئىچرە تىلىڭدەك غۇنچىدە گۈل بەرگى تەر بولغاي،
ۋەلېك بۇ شەرت بىلەنكىم بەرگى گۈل ئىچرە شېكەر بولغاي.»
(مەنىسى: ئاغزىڭدا تىلىڭ غۇنچە بولسۇن، غۇنچە بەرگىدە نەم بولسۇن، شەرتى، بۇ نەم شېكەر بولسۇن).
(«نەۋائىي غەزەلى» دىن)

«12 مۇقام» تېكىستلىرىدە سۆزنىڭ ئەخلاقى سۆز گۈزەللىكىدە دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىللە يەنە ئادەمنىڭ تۈز، ئوچۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان مۇنداق بېيىتلار بار:

«ئوتقا سالغىل سەرۋىنى ئول قەددى مەۋزۇن بولمىسا،
يەلگە بەرگىل گۈلنى ئول رۇخسارى گۈلگۈن بولمىسا.»
(مەنىسى: سەرۋىنى ئوتقا تاشلا، ئۇ سەرۋىگە لايىق تۈز بولمىسا؛ گۈل ئەگەر چىرايلىق بولمىسا ئۇنى بوراندا ئۇچۇرۇۋەت.)
(«نەۋائىي غەزەلى» دىن)

«12 مۇقام» تېكىستلىرى ئۈمىدسىزلىك، تەركىدۇنياچىلىققا قارشى ھالدا خەلققە زور ئۈمىدۋارلىقنى تەرغىب قىلىدۇ، خەلقنى خۇشال، ئۈمىدۋار بولۇشقا چىللايدۇ:

«بۇ دەھرى باقاسىزدۇر، ھەم ئۆمۈر ۋاپاسىزدۇر،
خوپتۇر نەپەس ئۆزىنى ئەھباب ئىلە خۇش تۇتماق.»
(مەنىسى: جاھان مۇتلەق ئەمەس، ئۆمۈرمۇ بىۋاپا، ئۆزىنى يار - دوستلار بىلەن خۇشال تۇتقان ياخشى.)
(«نەۋائىي غەزەلى» دىن)

«نوھ ئۆمرىگە باقا يوقتۇر، سۇلايمان مۈلكىگە،
ئى نەۋائىي بادە ئىچ، ئالەم غېمى بىھۇدەدۇر.»
(مەنىسى: نوھ ئۆمرىمۇ چەكسىز ئەمەس، سۇلايمان مۈلكىمۇ چەكلىك، نەۋائىي مەي ئىچ - خۇشال ياشا، دۇنيا غېمى ئارتۇقچە.)
(«ناۋائىي غەزەلى» دىن)

«12 مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ پۈتۈن پىكىر خەزىنىسى خەلقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈچكە تايىنىش، خەلق بىلەن قايغۇ - خۇشاللىقتا بىللە بولۇشقا جەملەنگەن:

«نادامەتتە تۆكۈپ ياش ۋەسلىڭ ئىزدەپ يۈرگىنىم ياخشى،
غەمى دەردىڭ رەپىق ئەيلەپ داۋام ئاھ ئۇرغىنىم ياخشى.

جاھان مەيدانىدا يۈرگەن، مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن،
سۆيەر قۇللار ئىزىنى كۆزۈمگە سۈرگىنىم ياخشى.»
(«مەشرەپ غەزەلى» دىن)

«12 مۇقام» تېكىستلىرىدە خۇددى ئالدىن بىلگەندەك خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ قاراڭغۇ

زاماندىكى ناۋاسىزلىق تەقدىرى ۋە كەلگۈسى پارلاق ئىستىقبالى كۆيلەنگەن. مەسىلەن:

«نەۋائىي ئىزدىمە كۆپ ئىشىق ئارا ناۋالىكىم،
بۇ باغ بولبۇلىغا پەيتىمىكەي ناۋا ھەرگىز.»

دېگەن مىسرا بولبۇلغا ناۋا پېغى يوقلۇقىدىن شىكايەت قىلسا،

«نەۋائىي پىناۋالىق بىرلە دائىم مەي ئىچەر بىر كۈن،
ناۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي دەپ.»

دېگەن مىسرا ناۋا سازىنى كەلگۈسى زامان سازەندىسى ئۆز بەزمىسىدە چالىدۇ، دەپ ئۈمىدۋارلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۈمىد ھازىر شانلىق رېئاللىققا ئايلانماقتا.

## «12 مۇقام» ئەخلاقىي ئىدىيىلىرىنىڭ بېشارىتى

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە غايەت زور شۆھرەتكە ئېرىشتى، بۇ، ئازادلىقتىن كېيىنكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئەجرى ئەمگەكنىڭ مېۋىسى. نۆۋەتتە، بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تولۇق قېزىپ، تولۇق رەتلەپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن بىللە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۈگۈنكى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشكە بىرلەشتۈرۈپ «12 مۇقام» نىڭ سەھنىلەردە كەڭ تۈردە، ھەر خىل شەكىلدە ئوينىلىشى ۋەجارى قىلىنىشى ھەققىدىكى تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

«12 مۇقام» غا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ھالقىسى، مېنىڭچە، «12 مۇقام» نىڭ يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى بەدىئىي ۋە ئەخلاقىي ئىككى توپ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭسىز ۋارىسلىق ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

«12 مۇقام» نىڭ ئەخلاق ئىدىيىلىرى بۇ كلاسسىك سەنئەت ئەگكۈشتەرىنىڭ خەلق ئىچىدە مۇنچىلىك زور شۆھرەت قازىنىشىنىڭ، ئەسىرلەر ھالقىپ داۋام قىلىشىنىڭ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، كۆزلىرىدە يىللىق ياش تىترىتىشىنىڭ مۇھىم سىرى. بۇ، بىزگە «سەنئەت سەنئەت ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى سەنئەت خەلق ئۈچۈن، خەلق قەلبى ئۈچۈن، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساپاسىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بېغىشلىنىشى» لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

چېرنىشۇۋسكىي توغرا ئېيتقان: «مىللەتنىڭ مۇقىم بايلىقى ـ خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر». قەيەردە ئۇلۇغۋار مەنىۋى قىياپەت ئاممىۋى خاراكتېر ئالغان بولسا، شۇ يەردە ئۇلۇغ روھ، ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە ئۇلۇغ ئىجادىيەت، ئۇلۇغ ئەۋلاد ۋە ئۇلۇغ كېلەچەك بولىدۇ. ئۇلۇغلۇققا، جۈملىدىن ئۇلۇغ ئەقلىي پەللىگە، ئۇلۇغ نەزەرىيىۋى پەللىگە يەنىلا ئۇلۇغ ئەخلاقىي پەزىلەت ئاساسىدىلا ئېرىشىش مۇمكىن. ئەخلاق گۈزەللىكى بىلەن يۇغۇرۇلمىغان، ئەخلاقىي كامالەتنى گەۋدىلەندۈرمىگەن ھېچقانداق ھەقىقىي ئەقلىي گۈزەللىك، ھەقىقىي تۇرمۇش گۈزەللىكى، ھەقىقىي سەنئەت گۈزەللىكى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

«12 مۇقام» نىڭ ئەخلاق ئىدىيىلىرى بىزگە بۇ ئۇلۇغ مىراسقا مەيلى قايسى جەھەتتىن، مەسىلەن، تەتقىق قىلىش، ئىسلاھ قىلىش، ئورۇنداش، تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش جەھەتلەردىن بولسۇن، مۇئامىلە قىلغاندا ئۇنىڭ مۇزىكا ۋە سەنئەت شەكلىدىكى ئۇلۇغ ئەخلاق دەرسلىكىدىن ئىبارەت توپ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. (M3)

---

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئەخلاق ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ لېكتورى



## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىز سەمىگە:

تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 ـ يىللىق سانلىرىغا تولۇقلاپ مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى بولالمىغانلار ياكى ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق سانلىرىنى پارچە سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىپ مۇشتىرى بولۇشى، پارچە سېتىۋېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 ـ نومۇرلۇق قورۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى خىزمەت بىناسىنىڭ 1 ـ قەۋىتىدە) دا. تېلېفون نومۇرى: 2823622.
ئالاقىلاشقۇچى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت.

پوچتىدىن ئەۋەتىش تەننەرخى قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن باشقا ئورۇنلاردىكى ھاجەتمەنلەرگە تەھرىر بۆلۈمىمىز خەت ئارقىلىق بىۋاسىتە مۇشتىرى قوبۇل قىلىش، پوچتىدىن پارچە ژۇرنال ئەۋەتىش كەسپىنى بېجىرمەيدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ۋاقىپلىنىپ قېلىشىنى سورايمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# ئابدۇشۈكۈر كېرىمنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى بېيجىڭدە كۆرگەزمە قىلىندى



ماي بوياق ئىجادىيىتى بويىچە جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئالاھىدە ياش رەسسام ئابدۇشۈكۈر كېرىمنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسى 1995 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بېيجىڭدا - جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەت كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا لىنتا كەستى.

رەسسام ئابدۇشۈكۈر كېرىم 1949 - يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. 1970 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ «1 - ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە قۇمۇل يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنىڭ تەشۋىقات خادىمى، قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىجادىيەتچىسى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسسامى، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك رەسسام.

ئۇ، رەسساملىق بىلەن شۇغۇللانغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز كەسپىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلاپ، مىللىي روھ ۋە دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپلىگەن نادىر ماي بوياق رەسىملەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇ سىزغان رەسىملەردە رېئاللىقنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق رەڭدار تەبىئەت دۇنياسى ۋە مول مەزمۇنلۇق خەلق تۇرمۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى، ئەسەرلىرىنىڭ يەرلىك تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭ رەسساملىقىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ دۆلەت ئىچى ۋە بەزى ئەللەردە مۇئەييەن تەسىر قوزغىدى.


ئۇنىڭ «قۇمۇل كۆك مەشرىپى»، «ئۇدۇم قالدۇرۇش»، «ھۈنەرۋەن»، «دېھقان»، «ئۇستىكار»، «كىگىزچى»، «جىلغا»، «قۇمۇل ئەلنەغمىچىلىرى»، «كۆسەن ئۇسسۇلى»، «قاراچىراغ ئۇسسۇلى»، «سەبىيلەر»، «ياغاچ ئات»، «ئالتۇن كەش»، «يۈز ئېچىش»، «پامىرلىقلار»... قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كۆپلىگەن ئەسەرلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىلەرگە قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ (بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان - مۇھەررىردىن) كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى؛ بەزىلىرى مۇكاپاتلاندى؛ بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىلىرى ياپونىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلەردە ئېچىلغان رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە تاللاندى. 1993 - يىلى ئۇنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى توپلىمى نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشى، كەسپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

1995 - يىلى 21 - مارتتىن 25 - مارتقىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە «ئاتا تۈرك كۈلتۈر تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قورۇمى» (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نامى) نىڭ باشقۇرۇشىدا ئۆتكۈزۈلگەن «تۈنجى تۈركىي خەلقئارا نەۋرۇز ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان «قۇمۇل كۆك مەشرىپى» (بۇ رەسىم ژۇرنىلىمىزنىڭ 1992 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندى - مۇھەررىردىن) ناملىق ماي بوياق رەسىم بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە جۇلالىتىلىپ، يىغىن زالىنىڭ سەھنىسىگە ئېسىلدى. «ئاتا تۈرك كۈلتۈر، تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قورۇمى» نىڭ باشقانى، پروفېسسور، دوكتور رىشات گەنچ ئەپەندى يىغىن بەلگىسىنى تاللاش جەريانى ھەققىدە تونۇشتۇرۇپ: «بىز يىغىن تەييارلىقى جەريانىدا تارىخىي ۋە بۈگۈنكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نەۋرۇز بايرىمى پائالىيىتىنى ئەڭ جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن مۇشۇ بىر پارچە رەسىمنى تاللاپ ئالدۇق ھەمدە ئۇنى يىغىن بەلگىسى قىلىپ بېكىتتۇق. سىلەر ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن سەنئەتكار خەلق» دەپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە يۈكسەك باھا بەردى (ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 1 -، 2 - سانى (قوشما) غا بېسىلغان «تەبىئەت بايرىمى نەۋرۇز» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ).

بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ كۆرگەزمىگە رەسسامنىڭ «قۇمۇل كۆك مەشرىپى»، «كۆسەن ئۇسسۇلى»، «ئۇستىكار»، «ئالتۇن كەش»، «مال بازىرىدا»، «ئىپارخان...» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە 50 نەچچە پارچە ماي بوياق ئەسىرى قويۇلدى. بۇ ئەسەرلەر مىللىيەتلىكنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ پىشقلىقى ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن پايتەختتىكى داڭلىق رەسساملار، رەسساملىق ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار ۋە ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇڭا تۆت كۈن داۋام قىلغان بۇ كۆرگەزمە جەريانىدا شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، «خەلق گېزىتى»، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «نۇر گېزىتى»، «سىياسىي كېڭەش گېزىتى»، «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»، «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ كۆرگەزمىنى ئارقا - ئارقىدىن مەخسۇس تونۇشتۇرۇپ خەۋەر قىلدى. بۇ كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كۆرسەتكەن خەۋىرىدە: «ئۇيغۇر رەسسام ئابدۇشۈكۈر كېرىمنىڭ سەنئەتتىكى ئاجايىپ تالانتى كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك 300 نەچچە مېھماننى ھەيران قالدۇردى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ياش رەسسام ئابدۇشۈكۈر كېرىم شىنجاڭدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر رەسساملىرى ئىچىدىكى بىر تالانت» دەپ ئۇنىڭ سەنئەتتىكى ئورنىغا يۈكسەك باھا بەردى. (M3)

رىسالەت مۇھەممەت (ئۆز مۇخبىرىمىز)

سەنئەتكارلىرىمىز



ئامموۋى

مەدەنىيەت

ئۇچۇرى

## مەكىت ناھىيىسى مۇھىم نۇقتىنى يېزىلارغا قارىتىپ، يېزا - قىشلاق ئامموۋى مەدەنىيىتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» نى بارلىققا كەلتۈردى

«دولان مەشرىپى يۇرتى»، «دېھقان رەسساملار يۇرتى»، «مۇقام يۇرتى» دېگەن ناملار بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقان مەكىت ناھىيىسى مەدەنىيەت خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتىنى يېزىلارغا قارىتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي مۇقەددە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، يېزا - قىشلاقلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنى ئۈزۈپكەت قىلغان ئامموۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىدا «ئالتۇن دەۋر» نى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ناھىيە ئۆتكەن يىلى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى نەمۇنە ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر ئامموۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتتى. ھەر يىلى بىر قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە كېرەكلىك مەبلەغ، خادىم، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈردى. ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق ئىغىر بولۇۋاتقان شارائىتتا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتلىرى، كىنوخانا ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ راسخوتى ئۈچۈن 2 مىليون 960 مىڭ يۈەن سەرپ قىلدى. يېزا، كەنتلەرمۇ 855 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە يەتتە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى، 133 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى، 82 ئىدارە (ئورگان) دا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى، 10 كىنوخانا، 14 سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى، 139 كىنو قويۇش نۇقتىسى بار بولدى.

ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار دېھقانلارغا يۈزلىنىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. ناھىيىدە ھەر ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت «دېھقانلار سەنئەت بايرىمى»، يېزىلاردا يىلدا بىر نۆۋەت «دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇردى. دېھقان رەسساملار قوشۇنىنى زورايتىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار سىزغان رەسىملەر مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە شۆھرەت قازاندى. دېھقان رەسسام رىھىم سىلىم سىزغان «ئۇۋۇلاش»، «توخۇ يىلىڭىز خەيرلىك بولسۇن» ناملىق ئىككى پارچە رەسىم «جۇڭگو گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى بىلەن «شياڭگاڭ كۆزنىكى» مۇسابىقە ھەيئىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن 1993 - يىللىق «شياڭگاڭ كۆزنىكى لوڭقىسى دېھقان رەسساملار مۇسابىقىسى» دە ئايرىم - ئايرىم ھالدا

**ئامموۋى مەدەنىيەت**

2 - دەرىجىلىك ۋە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ ناھىيىدىكى مەدەنىيەت ئارمافلىرى، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا ھەر يىلى يازلىق ۋە قىشلىق تەتىل مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گۈزەل سەنئەت كۇرسىنى ئېچىپ، ھازىرغا قەدەر 2000 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. ناھىيە بويىچە دولان ئۇسسۇلچىلىرى ۋە دولان مۇقامچىلىرىمۇ تېز كۆپىيىپ، ھازىر ھەممە يېزىدا 30 - 40 ئەتراپىدا مۇقامچى - سازەندە بار بولدى. مەكتەپلەرمۇ دولان سەنئىتىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ئۇسسۇل سەنئەت ئاپاچىلىرىدىن 1300 دىن كۆپرەكىنى يېتىشتۈردى. بۇ ناھىيىنىڭ 40 كىشىدىن تەركىب تاپقان دولان ئۇسسۇلچىلىرى ئەترىتى 1993 - يىلى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا دېھقانلار ئۇسسۇللىرى سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ «كۈمۈش ئەنگۈل مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

**ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم**

## قەشقەر شەھىرىدە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 95% كە يەتتى

قەشقەر شەھىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. شەھەر بويىچە ئۈچ يېزا، تۆت كوچا ئىش باشقارمىسى، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلغان مەدەنىيەت پونكىتى توققۇزغا، كەنتلەر (ئاھالىلەر كومىتېتلىرى) دىكى مەدەنىيەت ئۆيلىرى 78 گە يېتىپ، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100% كە، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 95% كە يەتتى. بۇ مەدەنىيەت پونكىت (ئۆي) لىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلام بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەت سورۇنىغا ئايلاندى.

بۇ شەھەر يەنە ئاممىۋى مەدەنىيەت سورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پىلان - تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. بۇلتۇر شەھەرگە قاراشلىق يېزا، كوچا ئىش باشقارمىلىرىنىڭ مەدەنىيەت پونكىتلىرىغا ئاجرىتىپ بەرگەن مەبلىغى 72 مىڭ 944 يۈەنگە يەتتى. مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىممىتى 140 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 89.5% كە، كىتاب - ژۇرنال 14 مىڭ پارچىگە، مەدەنىيەت ئۆيلىرىدىكى كىتابلار 34 مىڭ 155 پارچىگە يەتتى.

يېزا، كوچا ئىش باشقارما مەدەنىيەت پونكىتلىرى شەكلى خىلمۇ خىل مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. بۇلتۇر مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئۇيۇشتۇرغان تەشۋىقات پائالىيىتى 28 قېتىمغا، مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتى 54 قېتىمغا، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى 22 قېتىمغا، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش پائالىيىتى 18 قېتىمغا، ئىشلىگەن قارا تاختا، قىسقا خەۋەرلەر گېزىتى 55 سانغا يەتتى.

**خۇدابەردى ئابدۇللا**

## ئۈچتۇرپان ناھىيىسى يېزا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتتى

ئۈچتۇرپان ناھىيىسى يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىت، ئۆيلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى يۈرۈشلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئۈچتۇرپان ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە نامرات ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ناھىيە يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئالغان بولسىمۇ، ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، نامراتلىقتىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. ئالدىنقى يىلى ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 700 يۈەنگىمۇ يەتمىدى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1990 - يىلىلا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى باھانە قىلىپ، مەنىۋى جەھەتتىمۇ نامراتلىشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، دەپ قاراپ، يېزا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئىزچىل تۈردە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى قاتناشقان ئىككى دەرىجىلىك يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، بۇ خىزمەتنى ناھىيىنىڭ 8 - بەش يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزدى. يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ شتاتى، ئىش ھەققى ۋە كىنو ئەترەتلىرىدىكى خادىملارنىڭ توختاملىق ئىشچى كۆرسەتكۈچىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ناھىيىنىڭ مالىيە ئەھۋالى جىددىي بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ، يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى 11 كىشىدىن توققۇزىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت - سەنئەت كادىرلار مەكتىپى ۋە باشقا مۇناسىپ ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىدى. ھەر يىلى يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ۋە پونكىتلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشى ئۈچۈن 4200 يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. كەملىگەن قىسمىنى يېزا - بازارلار تولۇقلاپ بەردى. نەتىجىدە، بۇ نامرات ناھىيىنىڭ يېزا ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. بەش يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون يۈەنگە يېقىنلاشتى. ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىت، ئۆيلىرى 430 غا، ئومۇملىشىش نىسبىتى 80% كە يەتتى. سەككىز يېزا، بىر بازارنىڭ ھەممىسىدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى قۇرۇلدى. مۇئەييەن قۇرۇلۇش كۆلىمىگە، بىر قەدەر تولۇق بولغان ھەر خىل ئوقۇشلۇق ھەم مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش قورال - سايمانلىرىغا ئىگە بۇ مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ بوش ۋاقىتلاردا تەشكىللىك ۋە ئىختىيارىي ھالدا تەربىيە، بىلىم ۋە ھوزۇر ئالىدىغان پائالىيەت سورۇنىغا ئايلاندى. ناھىيە بويىچە بىر نۆۋەت يېزا - بازارلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترەتلىرىنىڭ كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. يېزا - بازارلارمۇ ھەر يىلى بىر قېتىم كەنتلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا كۆپ خىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. (M3)

**ئۆمەر ھامۇت، غەيرەت ئۆمەر**




نىزامىددىن ھۈسەيىن

ئايرىلغاننى بۆرە يەر، بۆلۈنگەننى ئېيىق.

— ئۇيغۇر خەلق ئەمسالى

## بىزدىكى چېچىلاڭغۇلۇق

مېنىڭچە، بىر مىللەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئالدى بىلەن پۈتۈن مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەت ئېڭىغا ئىگە بولۇشى، شۇ يولدا يەكدىللىك بىلەن توغرا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

بىزدە مۇشۇنداق روھ بارمۇ؟ يامانىدىن قورقىدىغان، ياۋاشنى بوزەك ئېتىدىغان، ئۆز ئىچىمىزدە بولسا ئۆزئارا قولاشماي، بىر - بىرىمىزنى چوقۇپ دۈشمەنلىشىپلا ئۆتىدىغان قەبىھ قىلىق ۋە قىلمىشلىرىمىز ئورتاق مەنپەئەت ئېڭىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەن. ئائىلىۋى، باشقىلاردا تۆت ئادەم بىر يەرگە يىغىلسا، ئەل پايدىسى ئۈچۈن بىر چوڭ كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، نى - نى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. بىزدىچۇ؟ تۆتىمىز بىر يەرگە كەلسەك بىر - بىرلەشكەن كۈچ ھاسىل بولۇشنىڭ ئورنىغا سۈركىلىش، خاپىلىقنىڭ چىققىنى چىققان؛ بىر - بىرسىنىڭ توغرا مەسلىھەتىنى ئاڭلايدىغان قۇلاق يوق. ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە توغرا، «موللا تولا، قوي ھارام» بولغىنى بولغان. خۇي - پەيلىمىز شۇ بولغاچ، سەنمۇ ئۆزۈڭ بىلگەننى قىل، مەنمۇ ئۆزۈم بىلگەننى قىلاي، دېمەي نېمە چارە؟

مەن S شەھىرىگە تەۋە بىر تاغلىق كەنتتە ئون نەچچە يىل تىرىكچىلىك قىلدىم. بۇ يەردە 80 نەچچە ئۆيلۈك بەرلىك ئۇيغۇرلار بولغىنى ئۈچۈن، كەنتىمۇ «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دەپ ئاتىلاتتى. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بىر ئېقىندىن سۇ ئىچىپ، بىر يولدىن مېڭىپ، بىر يەردە بىللە چوڭ بولۇپ، بىللە ياشاپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈندۇر ئۆم - ئىناق ئۆتەلمەيتتى. سەۋەبى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجداد - جەمەتلىرى بويىچە ئالتە توپقا بۆلۈنۈۋالغانىدى. كىشىلەر ئۇلارنى ئەجداد لەقەملىرىگە توغرىلاپ «خالتىلار»، «ئابداللار»، «دولانلار»، «سوپىلار»، «شەيتانلار»، «كاللار»، توپلىرى بويىچە ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە يەنە تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ «تۆرپانلىق»، «خوتەنلىك»، «يەكەنلىك»، «قەشقەرلىك». . . لەرمۇ ئۆزئارا قولاشمايتتى. ئۇ ئۇنىڭغا، بۇ بۇنىڭغا يان بېسىپ بىرىنى «پاسكىنا» دېسە، يەنە بىرىنى «ئوغرى»، بىرىنى «قەلەندەر» دېسە، يەنە بىرىنى «داۋان ئاشتى»، بىرىنى «تەتۈر» دېسە، يەنە بىرىنى «تۆزكور». . . دېيىشىپ ئۆتەتتى. مەھەللىدە بولىدىغان خاپىلىقنى، زىياننى بىر - بىرىگە دۆڭگەشەتتى. ئوبدان ئىش، ئوبدان پايدا بولسا، ھەر توپ ئۆزىگە تارتىپ دە تالاش قىلىشاتتى. بىزگە بىر قېتىم كەنت باشلىقى سايلاش نۆۋىتى كەلدى. يېزا كادىرلىرى سايلامنى ئادىل - ئوبدان ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا بىر نەچچە كۈن خىزمەت ئىشلىدى. ئاقىۋەت ئۇنى «ئۇنداقچى»، بۇنى «بۇنداقچى» دېيىشىپ ئارىمىزدىن كەنت باشلىقى چىقىرالمىدۇقتە، باشقىلاردىن بىرىنى كەنت باشلىقى قىلىۋالدۇق. ئۆزئارا پۇل چىقىرىشىپ مەھەللىمىزگە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىۋالساق دېيىشتۇق. لېكىن «پۇلنى كىم يىغىدۇ؟ كىم تۇتىدۇ؟ باللارنى كىم ئوقۇتىدۇ؟ مۇدىر كىم بولىدۇ؟» نى ھەل قىلالماي ئاخىر مەكتەپ يېشىدىكى باللارنى خەنزۇچە ۋە

## ئەينەك

قازاقچە مەكتەپلەرگە بەردۇق. تۆت قېتىم يېزىغا كەنتىمىزدىن نەمۇنىچى سايلاش نۆۋىتى كەلدى. دە - تالاش قىلىپ نەمۇنىچى چىقىرالماي، باشقىلارنى كۆرسىتىپ نۆۋەتنى توگەتتۇق. كەنت تەۋەلىكىدە «خۇدايى ئىئانە» بىلەن يىغىلغان پۇلدا بورۇنقى مەسچىتنى يېڭىلاپ سالدۇق. «كىم ئىمام بولىدۇ؟» دېگەن گەپتە كېلىشەلمەي «مائاخۇن» (خۇيزۇ موللام) نى ئىمام قىلىۋالدۇق. مۇشۇنداق قولاشماسلىق سەۋەبىدىن تارىختىن بۇيان بۇ يەردىن بىرەرمۇ ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇپ باقمىدى. ئۇيغۇردىن بىرەرمۇ دوختۇر، بىرەرمۇ تېخنىك، بىرەرمۇ دۆلەت كادىرى، بىرەرمۇ باي ۋە ياكى بىرەرمۇ «ئوبدان ئادەم»... چىقىپ باقمىدى. ھەر يىلى جېدەل - ماجىرا توگىمىدى. كەنتتە نېمە جىق؟ قىمارۋاز، نەشىكەش، ئوغرى، لوكچەك، چاتاقچى... جىق. يىل بويى بىر نەچچە ئۇيغۇرنىڭ جىنايەت بىلەن تۇتۇلۇپ تۇرغىنى تۇرغان. يېزا بويىچە نەدە ساۋاتسىز كۆپ؟ مۇشۇ كەنتتە. نەدە مەسىلە كۆپ؟ مۇشۇ كەنتتە. نەدە ئاغرىق كۆپ؟ مۇشۇ كەنتتە. نەدە چېقىمچى كۆپ؟ مۇشۇ كەنتتە. قەيەردە نامرات جىق؟ مۇشۇ كەنتتە... دېمەك، بۇ يەردىكى ئاۋام ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەبىئىي مىللىي ئۇيۇشقاقلىق (تارىخ، تىل، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش... بىرلىكنى مەنبە قىلغان مىللىي ئۇيۇشقاقلىق) روھى بار دېيىلگەندىمۇ، ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق (ئىدىيە، ھەرىكەت، ئۇيۇشۇش، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق..) روھى خۇنۇكلەشكەن، بۇزۇلغان. بۇنى مىللىي چېچىلاڭغۇلۇق دېمەي نېمە دەيمىز؟

مېنىڭچە، بۇ خىل ھالەت تېخى يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت - مائارىپ تۇرمۇشىغا يۈزلىنىپ كېتەلمەيۋاتقان ئاۋام ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتلىك شەھەر مۇھىتىدا - مەدەنىيەت - مائارىپ قاينىمىدا جاھانسازلىق قىلىشىۋاتقان ئاتالمىش «ئوقۇمۇشلۇق» ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت، بەلكى ئېغىر. خۇددى ھۆرمەتلىك پېشقەدەم ئۇستاز مۇئەللىپ ئىمىن تۇرسۇن دەۋرانى ئەپەندى تەكىتلىگەندەك: «... ئاھالىنىڭ ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان، لېكىن خەلقنىڭ ئالدىنقى قاتارى دەپ ھېسابلانغان بەزى تەركىبلەر مىللىي ئۇيۇشقاقلىقتا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەردىن خالىي ئەمەس. مەسىلەن، ئاھالىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان قاتلىمىدىكى بەزىلەر ئۆز ئابروي - مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئۆز خەلقىنىڭ ھال - مۇڭى بىلەن كارى بولمايدىغان شەخسىيەتچىلىك مەرىزىگە دۇچار بولغان؛ زىيالىيلار قاتلىمىدىكى بەزىلەر ھەسەت - ئاداۋەت كېسىلى بىلەن ئاغرىغان؛ يېڭىدىن پۇل تاپقان بىر قىسىم زەردارلار قاتلىمىدا بولسا ھاكاۋۇرلۇق، بەتخەجلىك ئەۋج ئالغان. بۇ يامان ئىللەتلەر مىللىي ئۇيۇشقاقلىقنى سۇندۇرىدۇ. مىللەتنى پارچىلايدۇ ۋە ئاخىر بېرىپ ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ...» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى سانىدىن)

ئازادلىقتىن بۇرۇن زامانىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى، ئېھتىياجى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلەش ئەمەس، ھوقۇق بىلەن خۇسۇسلۇق، ئەمەل بىلەن مال - دۇنيا بىر گەۋدە قىلىنغان زوراۋانلىق ئۈچۈن، بايلىق توپلاش، شۆھرەت تېپىش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھەم شۇ نىيەت يولىدا ئۆز مىللىتىگە تۈزكورلۇق - ساتقىنلىق، زالىملىق، زىيانكەشلىك... قىلىدىغانلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھوقۇقنى ۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ، ھوقۇق بىلەن پۇلنى ئالماشتۇرۇپ، مەنپەئەت ئالدىدا ئىنسانپنى ئۇنتۇپ، ئۆز خوجايىنلىرى ئالدىدا ئىت - ئېشەك، پۇقرالار ئالدىدا بۆرە بولۇپ ياشاپ، ئۆز مىللىتىنى پارچىلاش، زىيانغا ئۇچرىتىش، ۋەيران قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنى سەمرىتىشكىلا تۇرغان ھارامتاماقلار ئىدى.

1942 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە بىزنىڭ يۇرتتا يۇرتىمىزدىن چىققان «چوپان توختى بەگ» دەيدىغان بىر ئۇيغۇر سەككىز يىل بەگلىك قىلغانىدى. تېگى بىر نامرات ئائىلىدىن چىققان بۇ بەگ پۈتۈن بەگلىك تارىخىدا شۇ زامانلاردا 10 مىڭدىن جىقراق ئۇيغۇر تىرىكچىلىك قىلىدىغان بۇ يۇرتتا يۇرت پايدىسى ئۈچۈن يېڭىدىن بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىرەر تىببىي ئورۇن، بىرەر مەدەنىيەت سورۇنى سالدۇرغىنى، بىرەر يېڭى ئېرىق - ئۆستەڭ چاپتۇرغىنى ياكى بىرەر ئارىلىقتىكى يول... ياساتقىنىنى بىلمەيمىز. ئەكسىچە، ئۇنىڭ سەككىز يىللىق بەگلىك تارىخىدا توپلىغان مال - دۇنياسى ئۇنى ناھىيە بويىچە 1 - دەرىجىلىك زالىم، باي ئەمەلدارغا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ خۇنخورلۇقى، زىيانكەشلىكى بىلەن 40 نەچچە ئۇيغۇر ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئۆزىدىن ھەم دورغا - چاپارمەنلىرى تەرىپىدىن تاياق - دۇمبا يەپ مېيىپلەنگەن (توكۇر، چولاق، گاس - گاچا، قارىغۇ، دوك، ساراڭ، لەقۋا... بولۇپ قالغان) ئۇيغۇر 350 ئەتراپىغا يەتكەن. ئۇنىڭ زۇلمىدىن 60 نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇر يۇرتنى تاشلاپ كۆچۈپ كەتكەن. پۈتۈن يۇرتنىڭ چارۋا مېلى 1942 - يىلدىن بۇرۇنقى 90 مىڭدىن 39 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. خەلق نامراتلىشىپ يۇرتتا 100 گادايغا بىر باي ياكى 100 ئاچقا بىر توق توغرا كەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ئەلنىڭ لەنەت - قارغىشىغا قالغان بۇ ئادەمخور مەلئۇن 1950 - يىلى خەلق غەزىپى بىلەن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان.

دېمەك، ئۇيغۇردىن ئەمەل تۇتۇپ ئۇيغۇرنى ئېزىدىغان، ئۇيغۇرنى ۋەيران قىلىدىغان تارىخ - مىللىتىمىزنىڭ «ئەمەلدار»، «پۇقرا» بويىچە تەبىقىلىشىش، پارچىلىنىپ - چېچىلىپ تۇرۇش تارىخى بولۇپ كەلدى.

ھازىر بىزدە كومپارتىيىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي نەپسانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق، چىرىكلىك يولىغا مېڭىپ يېڭى زامانىنىڭ يوغان قورساق «بەگ» لىرىگە ئايلانغان ئۇيغۇر «ئەمەلدار» لار ئازمۇ؟ بۇنى خەلقنىڭ قېنىنى شوراش، يەنىلا تەبىقىلىشىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى پارچىلاشنىڭ داۋامى دېمەي نېمە دەيمىز؟

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان زىيالىيلىرى سېپى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا يەنى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن جەمئىيەت خاراكتېرلىك شەكىللەنگەن، تەدرىجىي كېڭىيىپ زامانىۋىلىشىپ بارغان زامانىۋى ئاڭلىقلار سېپى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇنى مىللەتنىڭ يېتەكچى سېپى، تايانچ قورغىنى دەپ قارايتتى. لېكىن بۇ سەپ شەكىللەنگەندىن بېرى چېچىلىپ، پارچىلىنىپ تۇرۇش تەقدىرىدىن زادىلا ساقلىنالمىدى. 20 - يىللاردىن 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بۇ سەپ تاشقى جەھەتتە شۇ زامان مۇتەئەسسىپچىلىكىنىڭ تەسىرىدە «جەدىت» (يېڭىلىقچى)، «كاپىر» لىق «ئەيىب» لىرى بىلەن ھۇجۇم ئوبيېكتى قىلىنسا، 30 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ يەنىلا جاھالەتچىلەر ۋە زالىم - خۇنخورلار زەربىسىدە «قىزىل پاچاق» (كوممۇنىستپەرەس)، «ئۈچ ۋىلايەتچى» ... «ئەيىب» لىرى بىلەن قارىلىنىپ مىڭلىغان مۇنەۋۋەر زىيالىيلار شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ تۈرمىلىرىدە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئىچكى جەھەتتە بولسا، مەسلەك جېدىلى - «ئۇچى»، «بۇچى» ۋە «لىق» - «لىك» چىلىك، ئۆزئارا ساتقىن - مۇناپىقلىق سەۋەبىدىن قولاشماي كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ھەسەت، ئاداۋەت، تەپرىقە ۋە بىر - بىرىنى سېتىش يولىدا مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئويۇشۇش روھىدىن يەنىمۇ يىراقلىشىپ، تۈرلۈك ئۇلانما سىياسىي ھەرىكەت - باستۇرۇشلاردا «ئوڭچى»، «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»، «مىللەتچى»، «داشقال»، «جىن - شەيتان»، «ئۇ پەرەس»، «بۇ پەرەس» ... لىك سەپلىرىگە بۆلۈنۈپ، تارىختىكى ئەڭ ھاقارەتلىك ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇشتى. 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن كومپارتىيە بۇ خىل قاباھەتلىك سىياسىي ھەرىكەتلەر تارىخىغا خاتىمە بەردى. خەلق ئۇ خىل ئۆتمۈشتىن قاتتىق سەسكەندى، نەپرەتلەندى. جەمئىيىتىمىزدە تارىخىي خاراكتېرلىك يۈكسىلىشلەر باشلاندى. مىللەت روھىنىڭ يېڭىلىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. لېكىن خەلققە ئىتتىپاقلىق ھەققىدە تەلىم بېرىپ سۆزلەپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان، نەچچە تارىخىي دەۋردىكى پاجىئەلىك قىسمەتلەرنى بېشىدىن بىۋاسىتە ئۆتكۈزۈپمۇ تېخىچە بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن بىر قىسىم پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا ئەنئەنىۋى كونا كېسەل - ساتقىنلىق - مۇناپىقلىق، يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، ھەسەت - ئاداۋەت، غەيۋەت... بىلەن تەركىبلەنگەن قەبىھ ئىللەتلەر بارغانسېرى ئەدەپ كەتتىكى، ھەرگىز تۈگىمىدى. يېڭىدىن - يېڭى تەپرىقىچىلىكلەر، كۆيدۈرگۈلۈكلەر، زامانىۋى پىتنە - پاساتلار باش كۆتۈردى. بۇ ھەقتە مىسال كۆرسىتىپ يېزىشقا تىل كۆيىدۇ، قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

مەن مىللەتنىڭ ئىلىم ساھىبلىرى بولغان نى - نى كاتتا ئالىملىرىمىزنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشلىرىگە، بىر - بىرلىرىنى ۋاستە تاللىماي سېتىشلىرى، مۇناپىقلارچە سېتىشلىرى، بىر - بىرىنى جايلاشلىرىغا قاراپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ: «ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر»، «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما»، «ئىككى قوشقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىماس» دېگەن ئەقلىيە سۆزلىرىنى دائىم ئەسلەپ: «ئۇيغۇر بولماق، بولۇپمۇ ئۇيغۇرغا زىيالىي بولماق نېمە دېگەن تەس - ھە»، دەپ كېتىمەن. ئۈچ ئۇيغۇر توغرىسىدا يېزىلغان بىر ئەدەبىي خاتىرىنىمۇ تەكرار - تەكرار ئوقۇپ باقىمەن. ئۇ خاتىرە مۇنداق يېزىلغانىدى: «... بىر كۈنى ئۈچ نەپەر ياش بايلىق ئىزدىگۈچى يولغا چىقىشتى ۋە بىر خىش ئالتۇن تېپىۋېلىپ خۇشال بولۇشتى. ئۇزۇندىن بېرى ئۇلار ئۇسسۇز ۋە ئاچ ئىدى. ئۇلار شۇ يەردە بىر - بىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشتى. ئارىلىرىدا بىرسىنىڭ يېشى كىچىك بولغاچ، ئۇنى شەھەرگە تاماق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇشتى (قولىغا ئۈچ دەرەم بېرىپ مۇشۇ سائەتتە دەرھال ئاش - نان تېپىپ ئەكەل دېيىشتى). ئۇ، پۇلنى ئالدىيۇ، شەھەرگە راۋان بولدى. قالغان ئىككىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ: ‹ئۇ كەلسە دەرھال پىچاق تىقىلى›، دەپ گەپنى بىر قىلىشتى. ھېلىقىمۇ يولدا كېتىۋېتىپ: ‹ئاشۇ بىر خىش ئالتۇننى يالغۇز ئالسام نېمە دېگەن بەلەن بولاتتى›، دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، سېتىۋالغان ئاش - نان، گۆشلەرگە زەھەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن بىر قاچىغا ئۇبدان جايلاشتۇردى. تاماقنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا تېزلىك بىلەن قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە تۇرغان ئىككىسى دەرھال ئۇنىڭغا پىچاق سالدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كۆڭۈللىرىنى خاتىرجەم قىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى خۇشاللىق بىلەن ھېلىقى تائاملاردىن بىر - ئىككى لوقمىدىن يېيىشكەنىدى، شۇ زامات ھالاك بولۇشتى. بىر خىش ئالتۇن يەنە شۇ يەردىلا قالدى» (مۇئەللىپنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان «سەئىدىيىلەر دەۋرىدىكى مىللىي ئەخلاق ۋە مەنىۋى كەيپىيات» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. مۇھەررىردىن).

راست، ھېلىمۇ بىر خىش ئالتۇن يەنىلا شۇ جايدا قېلىۋاتىدۇ. قارىغاندا، بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، بولۇپمۇ پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا مىللەتكە، ۋەتەنگە پايدىلىق ئىلىم - پەن

نەتىجىلىرى بىلەن ئالدىنقى قاتارنى ئىگىلەش كويىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلاردىن ھەسەت، غەيۋەت، بىر - بىرىنى چاپلاش - كۆپتۈرۈش . . بىلەن ئالدىنقى قاتارنى ئىگىلەش كويىدا كۈرەش قىلىۋاتقانلارنىڭ نىسبىتى جەھەتتە تۇرامدۇ - قانداق؟ ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالى ئۇ، ئەل - ئاۋامنى باشلاپ ماڭغۇچى زىيالىي سەركىلەرنىڭ ھالى بۇ تۇرسا، پۇقرانىڭ چېچىلاڭغۇلۇقىدىن رەنجىگىلى بولۇرمۇ؟

بىزدە جاھاننىڭ ئىشلىرى پۇل تېپىشقا، بېيىشقا يۈزلەنگەندىن بۇيان ئاھالىنىڭ ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان شەھەر - بازارلار تۇرمۇشىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باينىڭ جامائىتى باي، باينىڭ تويى باي، نەزىرسى باي، گادايىنىڭ جامائىتى گاداي، گادايىنىڭ تويى گاداي، نەزىرسى گاداي . . . لىشىپ، مىللەت گەۋدىسىدە يېڭىدىن «باي»، «گاداي» سەپلىرى شەكىللىنىپ قالدى. بۇنىڭ ئالدىن بېيىغان، بېيىۋاتقان، بىر قىسىم بەتخەج، ھاكاۋۇر ئۇيغۇر بايۋەچچىلەر شەكىللەندۈردى. مەن 1992 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزۈم قاتناشقان 14 قېتىملىق توي، نەزىرگە تارقىتىلغان باغاقلارنىڭ كۆتەك تىزىملىكىنى تاپتىم. بۇ تىزىملىكلەرنىڭ بىرى - ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار توپلاشقان ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىدە دۇكان ئاچىدىغان قەدىناس يۇرتدىشىم، سودىگەر A ھاجىمنىڭ ۋاپات قىلغان ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرسىگە تارقىتىلغان باغاقلارنىڭ كۆتەك تىزىملىكى بولۇپ، ئۇنىڭغا 330 ئۇيغۇرنىڭ نامى يېزىلغان. بىلىشىمچە، باغاق يېزىلغانلارنىڭ 41 ى دۆلەت كادىرى، توققۇزى ئەمەلدار، 181 ى سودىگەر، 34 ى ھۈنەرۋەن، 12 سى دىنىي زات، 13 ى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، توققۇزى چەتتىن كېلىپ قالغان ھايانكەش، 30 ى ئۇرۇق - تۇغقان، قۇدا - باجا . . لىقى مەلۇم بولدى. ۋەھالەنكى، A ھاجىمنىڭ مەھەللىسىدىكى نامرات، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېتىمە، تۇرمۇشتا مادارسىز بوۋاي - موماي، مېيىپ، غېرىب - غورۋا، بىچارە - ناتىۋانلاردىن بىرەرسىگىمۇ بۇ نەزىرگە باغاق بېرىلمىگەن. دېمەك، ھاجىمنىڭ ئاتا نەزىرسى - خالىس ئەل نەزىرسى ئەمەس، يۈزلۈك غەنىيلەر (بايلار)-، ھۆپىگەرلەر نەزىرسى بولۇپ كەتكەن. بۇ ھالەت مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىنىڭ «باي»، «گاداي»، «ھاللىق»، «ھالسىز» تەبىقىلىرىگە پارچىلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ ئالدىن بېيىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ زەردارلىرى نەچچە ئون مىڭ يۈەنلەپ پۇل خەجلەپ ھەرەمگە بېرىپ كېلىشىۋاتىدۇ. تۇرمۇشتا ۋەيران بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى قەلەندەر بولۇپ كېتىپ نان تىلىشىۋاتىدۇ. زەردار ئۇيغۇرلارنىڭ بايۋەچچىلىرى ھەشەمخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك تەبەقىلىرى بىلەن نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك ھەشەمەتلىك بىرەر يۈز مىڭ يۈەنلىكىنى «توي»، «چاي»، «ئولتۇرۇش» لارنى قىلىشىۋاتىدۇ. جان باقالماي تۇرمۇش ھالاكەتچىلىكىدە قالغان سانسىز بىچارە ئۇيغۇرلار قەلەندەر، ئوغرى، پاھىشە، يۇلاچى، سەرگەردان . . . بولۇپ تۈگىشىۋاتىدۇ. باي ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى پۇل بىلەن بۇزۇلۇپ قىمارۋاز، ھاراقكەش، خرويىنكەش، نەشىكەش، پاھىشىۋاز، ئافئانچى، پوچى، ھاكاۋۇر . . . بولۇپ كېتىشىۋاتىدۇ. نامراتلارنىڭ بالىلىرىچۇ؟ قەلەندەر، يانچۇقچى، يېتىمچەك، كىمسىلەر، ساۋاتسىز، نىمجان . . . بولۇپ كېتىشىۋاتىدۇ. پۇلدارلار مىللەت روھىنى پۇل روھىغا - «پۇل تاپالمىغان تۈگى» روھىغا بويسۇندۇرۇشىۋاتسا، نامرات قالغانلار مىللەت روھىنى «نەقدىرى بىچارە» چىلىككە سۆرەپ كىرىشىۋاتىدۇ. بۇلارنى تەبىقىلىشىش، چېچىلىپ تۈگىشىش دېمەي نېمە دەيمىز؟ بىزدە نېمە تولا؟ يېزىلاردا ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان مىللىي مەكتەپ، مەدەنىيەت، سەھىيە . . . ئورۇنلىرى تولا، مەكتەپلەردىن چېكىنىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى تولا، داۋالىنىشقا ئېرىشەلمەي تۈگىشىپ كېتىۋاتقان گاداي تولا. ئۆزىنى ئۆزى باقالمايدىغان بىقۇۋۋەل قېرى - چۆرى، گاچا - گاس، سارالڭ - تەلۋە، چولاق - توكۇر، قارىغۇ - پالەچ تولا . . . بىزدىن پۇل تېپىپ ھەرەمگە بېرىپ كېلىۋاتقانلار، تۈمەن - تۈمەن پۇللارنى «توي»، «چاي»، «بەزمە» . . . لەرگە سەرپ قىلىۋاتقانلار ۋە ھاكزا بايۋەچچىلەر . . . ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىدەك نامراتلىرىنى، جەمئىيەتنىڭ جان تومۇرى بولغان مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، پاراۋانلىق . . . ئورۇنلىرىنى ئويلامدىغاندۇ؟

شۇڭا، مىللىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز ساغلام بولغان مىللىي روھنى مەنبە قىلغان مۇستەھكەم ئۇيۇشۇش، بىر - بىرىمىزنى قوللىشىپ، يۆلەپ تەڭ ئىلگىرىلەش، بىر گەۋدە بولۇپ زاماندا يۈزلىنىشتىن باشقا يول يوق. بىر ئائىلىدىكىلەردىن باي ئاكىسى گاداي ئىنىسىنى تاشلىۋەتسە، كۈچلۈك ئاچىسى ئاجىز - بىچارە سىڭلىسىنى تاشلىۋەتسە، كارى بولمىسا، ئۇ ئائىلە تۈگەشمەي نېمە بولماقچى؟

## بىزدىكى شەھۋانىيەتچىلىك

ئالەم - جاھاننىڭ ئىشلىرى پۇل تېپىشقا يۈزلەنگەندىن بۇيان، پۇل - ۋەج تاپقان بىر قىسىم نادان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جىنسىي ۋەيرانچىلىق، جىنسىي خورلۇق، جىنسىي ھالاكەت - نەسلى نەسەپ ھالاكەتچىلىكى، مىللىي نومۇسسىزلىق، ئىنسان قەدىرسىزلىكىنى پەيدا قىلىدىغان ئەڭ قەبىھ پاجىئە شەھۋانىي بۇزۇقچىلىق باش كۆتۈرمەكتە.

1. «خوتۇننى قىزلاشتۇرۇش»، «خوتۇننى ياشلاشتۇرۇش»، «خوتۇننى خىللاشتۇرۇش»،

«تويى قىلماي بىللە ئولتۇرۇش»، «ئاشنا تۇتۇش».

... بىر قىسىم بايىۋەچچە ئۇيغۇرلارنىڭ «راھەت - پاراغەت» ئۆلچىمى، «بەخت» ئۆلچىمى بولۇپ قالغان. «ق» ۋە «ب» ناھىيە بازارلىرىنىڭ ئىككى ئاھالە كومىتېتىدىن 1994 - يىلى ناھىيە رەھبەرلىكىگە يوللانغان جەمئىيەت كۆزىتىش دوكلاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئاھالىلەر كومىتېتلىرى تەۋەسىدىكى 1300 نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 1980 - يىلىدىن 1994 - يىلى 6 - ئايغىچە، سودىگەرچىلىك قىلىدىغان 211 ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى قەد كۆتۈرگەن 41 دە «خوتۇنىنى قىرلاشتۇرۇش»، «خوتۇنىنى خىللاشتۇرۇش» ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، يەنى 41 خوجايىن قەدىناس خوتۇنلىرىنى قويۇۋېتىپ قىز - چوكانلارغا ئۆيلىنىۋالغان؛ 21 ئائىلىدە ئاجرىشىش، نىكاھ يوقىتىش؛ قاتناپ تىجارەت قىلىدىغانلاردىن 24 ىدە قوش نىكاھلىق بولۇش ھادىسىسى يۈز بەرگەن؛ يۇرت - مەھەللىلەردە «كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن» دەردمەن قىز - چوكانلاردىن 11 ى يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن؛ تۇل ئەر - ئاياللار ئائىلىلىرى 19 غا يەتكەن؛ 48 كىشى پاھىشىۋازلىق قىلمىشى بىلەن تەنقىد - تەربىيىگە چۈشكەن؛ قاتناپ تىجارەت قىلىدىغانلاردىن 19 كىشى پاھىشىۋازلىق جىنايىتى بىلەن تۇتۇلۇپ جازالانغان ياكى ئەدىپىنى يېگەن؛ ئۈچ سودىگەر پاھىشىۋازلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن؛ توققۇز سودىگەر پاھىشىۋازلىق جېدىلىدە پۇت - قولىدىن ئايرىلغان، زەخىملەنگەن. بۇ خىل ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر 1950 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە بولغان 30 نەچچە يىللىق بارلىق ئىجتىمائىي كېسەللىكلەردىن نەچچە ھەسسىلەپ ئارتۇق بولغان.

دېمەك، خوتۇن - قىزلار ۋەيرانچىلىقىنى، جەمئىيەت ۋەيرانچىلىقى پەيدا قىلىدىغان يۇقىرىقىدەك شەھۋانىيەت پاجىئەلىرىنى بىز باشقا جايلاردىمۇ خېلى قويۇق ئۇچرىتىپ ۋە ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز.

2. قېرىپ ھاسىغا چۈشۈپ قالغان بەزى بايىۋەچچە ئۇيغۇرلار («بېشۋا» لار، «ئەھلى ئۇلىما» لار، «چوڭئام» لار) قوللىرىدىكى پۇل - ۋەج، ئىمتىياز، ئىناۋەت قۇدرەتلىرى بىلەن نەۋرىسىدەك كىچىك قىزلارنى ئەمرىگە «خوتۇن» لۇققا ئېلىشىۋاتىدۇ. بەزىبىر نادان ئاتا - ئانىلار بويىغا يەتكەن قىزلىرىنى، نەۋرىلىرىنى «خۇدايى ساۋاب» لىق ئۈچۈن «خوجام»، «پىرىم» لارغا «خوتۇن» لۇققا تەقدىم قىلىشىۋاتىدۇ. بىز 1994 - يىلى قاغىلىق، پوسكام، يەكەن ناھىيىلىرىدە ئومۇمەن يېشى 60 تىن ئاشقان ئون نەچچە كىشىگە بىر - ئىككى كۈندىن مېھمان بولدۇق. ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ئۇچراتتۇق، سالام - سەھەت قىلىشتۇق. مۇڭدىشىپ ئەسرالىنىش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ سەككىز - توققۇزى 1985 - يىلدىن كېيىن قىز ئالغان خوتۇنلىرى بىلەن ئۆي تۇتۇۋېتىپتۇ. يېقىن بۇرادىرىمىز، مەشھۇر كىتابپۇرۇش، 71 ياشلىق ئ.ئ. مەخسۇم بىزگە قىز ئېلىشنىڭ خاسىيىتىنى تەرىپلەپ مۇنداق دېدى: «كۆڭۈلنىڭ راھىتى قىز، ئاغرىقنىڭ شىپاسى قىز، دەردنىڭ داۋاسى قىز، ھاياتنىڭ ھۇزۇرى قىز ئىكەن. خوتۇنۇم ئۆلۈپ كېتىپ 13 يىل بويتاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، 1989 - يىلى بۇ خوتۇنغا 17 يېشىدا ئۆيلەندىم. بۇ يىل بەش يىل بولدى. ئۆزۈمنى 50 پاخلان يېگەندەك ھېس قىلىمەن. كۈندىن - كۈنگە ياشىرىپ كېتىۋاتىمەن. قىز ئېلىش ئامەت دېگەن شۇ. ھەممە قېرىلارمۇ شۇنداق ئامەتكە خۇشتار».

گۈزەل قىزلىرىنى پۇلنى دەپ قېرى ئاكەسلەرنىڭ «خوتۇن» لۇقىغا تۇتۇپ بېرىش، «دوتا» قىلدۇرۇۋېتىش ئۆزىنىڭ ئەزىز ئانىسىنى سېتىش، مېھرىبان قىزىنى سېتىۋېتىش، بېرىۋېتىشتىن نېمە پەرقى بار؟

3. پاھىشىۋازلىقنى تىرىكچىلىك ئۇسۇلى، پۇل تېپىش يولى، «راھەت» يولى قىلىۋالغانلار، پاھىشە ۋە پاھىشە دەللاللىقنى كەسىپ، «ھۇزۇر - ھالاۋەت» مەنبەسى قىلىشقانلار، خوتۇن - قىزلارنى پۇل ئۈچۈن شەھۋانىي رەسۋاچىلىققا باشلايدىغان، ئازدۇرىدىغان، ئالدايدىغان، تۇتۇپ بېرىدىغان پۇلخۇمار چىرىك ئۇيغۇرلار خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالغان. ۋاقتىدا دەككىلەنمىگەن.

4. بىزدە كىشىلەرنىڭ ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇۋېتىدىغان، پاھىشە تاپاۋەتچىلىككە تۇتۇنغان، توي - نىكاھ ماجىرالىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، خوتۇنپەرەسلىك، ئەرپەرەسلىك ئورۇنلىرىدا دوقۇرۇپ يۈرىدىغان، بالا يېتىم قىلىش، ئۆي بۇزۇشتىن ئۆكۈنمەيدىغان، كۆپ نىكاھلىنىشتىن سەسكەنمەيدىغان، ئۆزئارا جىنسىي رەسۋاچىلىققا خۇمارلانغان، كۈنەلمەچىلىك، زىناخورلۇق (پوخورلۇق) قىلىشىدىغان ئەنئەنىۋى ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق قىسمەتلىرى بىر «مىللىي قىلىق» سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىقىدەك ناچار - قەبىھ قىلمىشلار بىزدە ئېغىر ھالدىكى خوتۇن - قىزلار بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. كوچىلارغا چىقىپ قېلىۋاتقان، تالادا قېلىۋاتقان، يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن، «شاپاقچى» لىق قىلىشىۋاتقان، پاھىشىۋازلار دوقمۇشلىرىدا تەمتىرەپ يۈرۈشكەن، تىرىكچىلىكتە چىقىش يولى يوق تاشلىنىپ قالغان خوتۇن - قىزلار ئەنە شۇ خىل قەبىھ قىلمىشلارنىڭ پاجىئەلىك قۇربانلىرى ئەمەسمۇ؟ خوتۇن - قىزلار خورلۇقى باش كۆتۈرگەن يەرلەردە جىنسىي بۇزۇلۇش، جىنسىي نىجىسلىقلارنىڭ باش كۆتۈرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي شەھىرى، مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئاياللار بىپاسى» (ئەمەلىيەتتىكى پاھىشىۋازلار بازىرى)

نىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى بۇ قارشىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئېچىنىشلىق دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. مۇھتەرەم مۇئەللىپ ئىمىر غىياس بۇ «ئاياللار پىپاسى» ھەققىدە توختىلىپ ئۆزىنىڭ «يۈز مىترچە ئارىلىق يىغلايدۇ» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «... مەن بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ يۈز مىتر ئارىلىقنى ھەم نومۇس قىلغان، ھەم نەپرەتلەنگەن، ھەم غەم يېگەن ھالدا، كۆرمەي دېسەممۇ ئىلاجىسىز كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. 10 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يۈز مىترچە ئارىلىقتا ئاران بىر نەچچىلا «نازىنىن ئالۋاستى» بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ئاشكارا «يايما» ئاچالمايتتى. بىراق 85 - يىللاردىن كېيىن ئۇلار بارغانسېرى كۆپىيىپ ئون نەچچىگە يەتتى. بۇ چاغدا ئۇلار ئاشكارا «يايما» ئاچالايدىغان، ئەركىن «سودا» قىلالايدىغان بولدى. نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىپ بىر قانچە ئونغا يەتتى. ئادەتتە سىجىل «يايما» ئاچالايدىغانلىرى ئوندىن، ئارىلاپ ئاچىدىغانلىرى 20 دىن ئېشىپ كەتتى... «نازىنىن ئالۋاستى» دېگىنىم ئارنومۇسنى بىلمەيدىغان، ھېچنىمىدىن تەپتارتمايدىغان، ھېچنېمىگىمۇ پەرۋا قىلماي ئاپئاشكارا ھالدا ئىپپەت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر توپ بەتبەشرە پاھىشىۋازلاردۇر...» («ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1995 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى سانىدىن). دەرۋەقە مۇئەللىپ تەكىتلىگەندەك: «قەلبىدە ئازراقمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلمىگەن، جەمئىيەت، مىللەت، ئەنئەنە، غۇرۇر، ئېتىقاد دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىشكە قادىر بولالمىغان» بۇ خىل پاھىشىۋازلارنى پۇل تېپىش بەدىلىگە ئۆي، مېھمانخانا، ئورۇن، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۇيغۇرلارمۇ بارغۇ تېخى؟ پاھىشىۋازلىق، پاھىشىۋازلىق جىنايەتچىلىرى، پاھىشە ماجىرالىرىدىن خالىي شەھەر - بازارلىرىمىز قانچىلىك؟ مەنبەسى تۈگىمىگەن رەزىللىكنىڭ ئاخىرلاشقىنى نەدە بار؟

خوتۇننى قىزلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، خىللاشتۇرۇش، شاللىۋېتىش، قىز ئېلىش، ئاشنا تۇتۇش ۋەھاكازا قىلمىشلارنى «راھەت - پاراھەت» قىلىۋالغان (خوتۇن - قىزلارنى خورلايدىغان) ئەنە شۇنداق «نوچى»، «بايۋەچچە»، «چوڭام» لاردىن سوراپ باقايلى: سىڭلىڭىز، قىزىڭىز، نەۋرىڭىز، تۇغقىنىڭىزنىڭ مۇشۇنداق پاھىشىۋازلىق يولىغا كىرىپ قېلىشىغا غۇرۇرى ۋىجدانىڭىز چىدامدۇ؟ مەھەللە - كوچىلىرىڭىزدىكى ياكى قولۇم - قوشنىلىرىڭىز ئارىسىدىكى زىناخورلار، پاھىشىۋازلار، ئاشنىۋازلار، زىنا دەللاللىرى (سولامچىلار)، كەسپىي زىنا سودىگەرلىرى، تېپىشتۇرغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپ جاھانسازلىق قىلىشتىن ئازابلانامسىز؟

# بىزدىكى بالا بۇزۇشلار

بالىلارغا بالىلارغا خاس نەرسە - كېرەكلەرنى تۇتقۇزۇپ ئوينىتىش، ھېيت - ئايەم، بايرام، ھەر خىل توي ۋە باشقا شادلىق كۈنلەردە بالىلارغا ھېيتلىق - بايراملىق، تويلۇق سوۋغاتلارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى ئىپادىلەپ تۇرۇش - بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل ئادىتىمىز. بالىلارنىڭ راي - خىياللىرىنى، ھەر خىل بالىلىق قەغەشلىقلىرىنى ۋە كۆلكىلىك قىلىقلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىلار ۋە ياكى بالىلار ھامىيلىرىنىڭ مادار - ئىمكانىيەتلىرىنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى مەنبە قىلغان، ئاتا - ئانىلار قولىغا ۋە ئىختىيارىغا تېگىشلىك بولغان ماددىي نەرسىلەر بىلەن پەرزەنت يوقلاش، پەرزەنتنى ئەزىزلەش قىلىقلىرى بۇ ئادىتىمىزنىڭ ئەقەللىي مەزمۇنىدۇر. بىز بۇنى بالىلارنى ماددىي نەرسىلەر بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ چوڭ قىلىش ئەمەس، ئەقىل بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ چوڭ قىلىش ئۇقۇمىدىن چۈشىنىمىز، ئەلۋەتتە.

«مىجەزلەنگەن پەرزەنتلىرى (مېنىڭچە بالىلار بەش ياشلارغا كىرگەندە مىجەزى شەكىللىنىدۇ - ئا) نى پۇل، پىچاق، قورال، قان، يىرىڭ، سەرەڭگە، ئىت... ئوينىتىشتىن توسۇپ ئۆگەتمىگەنلەر بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىنى جىنايەت ئەھلىلىرى قاتارىدىن كۆرگەي»، «مىجەزلەنگەن بالىلىرىدىن ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىقلىرىنى يوشۇرمايدىغانلار، بەڭ، قىمار، جېدەل، زىنا، ئوغرىلىق، مەست - بىھوشلۇق... ئىللەتلىرىنى پەرزەنتلىرىدىن يوشۇرماي يۈرىدىغانلار كەلگۈسى پەرزەنتلىرى ئۈستىدە دەل ئۆزلىرىنى كۆرگەي»، «مىجەزلەنگەن پەرزەنتلىرىدىن شەرم - ھاياسىزلىقنى، قەبىھ تىل - غەيۋەت، پىتنە - تۆھمەت، خۇشامەت، سەپرا... لىقنى يوشۇرمىغانلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن يەنىلا شۇ ئەيىبلەرنى كۆرگەي. پەرزەنتىدىن ئۇلۇغلۇق كۈتمەك - ئۆزى ئۇلۇغ بولماقتىن بولۇر...» («بىزدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت» دىن).

بىزدىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇشۇ چاغلاردىكى بالا تەربىيىلەش، بالا چوڭ قىلىش قىلىقلىرى يۇقىرىقىدەك مىللىي ئەنئەنە ۋە چۈشەنچە بويىچە بولۇۋاتامدۇ؟ ياق، ئۇنداق بولمايۋاتىدۇ. مىجەزلەنگەن بالىلارنى پۇل ۋە بۇيۇملار بىلەن خۇش قىلىش، روھلاندۇرۇش، يېتەكلەش (بالىلارنىڭ روھىنى پۇل - ۋەج «سۈيى» بىلەن سۇغۇرۇپ كۆكلىتىش، قاتارغا قوشۇش) بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارنىڭ بالا تەربىيىلىشى، بالا چوڭ قىلىشى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

يېقىن قوشنىمىز xxخانىم يېقىندا يەتتە ياشلىق يالغۇز ئوغلى xx دىن قاقشاپ، بىزگە

مۇنداق دېدى: «كۆرگەنلا ئادەمدىن پۇل سورايدىغان، پۇل بەرمىسەڭ مەكتەپكە ماڭغىلى ئۇنىمايدىغان سەت قىلىقتا كۆنۈپ قالدى. مېنىڭ ۋە دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم پۇل ئېلىۋېلىپ، ئۆيدە خېلى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنى ‹ئوغرى بالا› دەيدىغان بولۇشۇۋاپتۇ». دەرۋەقە، قوشنىمىزنىڭ بۇ ئوغلى پۇلغا بەك ئامراق. بىلىشىمىزچە، بۇلتۇرقى قۇربان ھېيتتا بۇ ئەتىۋارلىق ئوغۇلغا ئۇرۇق - تۇغقانلار تەرىپىدىن بېرىلگەن 300 نەچچە يۈەن ھېيتلىق پۇلغا ئوغۇلنىڭ ئۆزى ئويۇنچۇق ئاپتومات، ئويۇنچۇق قىلىچ، ئويۇنچۇق خەنجەر، ھەر خىل ئويۇنچۇق ماشىنىلار، ئويۇنچۇقلار، ھەر خىل رەسىملەرنى سېتىۋېلىپ تۈگەتكەن. ئۆيدىكىلىرى ئەركىلىتىپ بالا نېمە دېسە شۇنى ئېلىپ بېرىپ «خۇش» قىلىپ تۇرغان. بۇ ئوغۇلنىڭ دادىسى *xx* ئەپەندىمۇ بۇ بالىدىن زارلىنىپ بىزگە مۇنداق دېدى: «بالىنىڭ ئايىغى چىقىپ ئۈچ - تۆت ياشلارغا كىرگەندە ئانىسى بالىنى پۇل تۇتقۇزۇپ ئەركىلىتىدىغان، يىغلىسا پۇل بېرىپ گوللايدىغان، پۇل تۇتقۇزۇپ بوتكىلاردىن بىر نېمىلەرنى سېتىۋېلىشقا قويۇپ بېرىدىغان قىلىقلارنى قىلاتتى. ھېيت - ئايەمدە بالىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، سورىغان پۇلىنى بېرەتتى. بالىنى ئانىسى ئۆزى شۇنداق بۇزۇۋەتتى»
.

دەرۋەقە، ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزى بۇنداق بۇزۇۋېتىدىغان ئاتا - ئانىلار بىزدە ئاز ئەمەس. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ھېيت - ئايەم، خەتنە توي، بايرام ۋە باشقا شادلىق كۈنلەردە بالىلارنى پۇل - ۋەج بىلەن خۇش قىلىش، روھلاندۇرۇش - مانا شۇنداق بۇزۇۋېتىشلەرنىڭ بىر خىل سىلىق ئۆتكىلى.

بۇلتۇر قۇربان ھېيتتا مەن مەھەللىمىزدىكى بۇرادىرىمنى ھېيتلىغاچ، بەزىبىر ئائىلىلەردىكى كىچىك بالىلارنىڭ 70 ـ 80 يۈەنلىك ئويۇنچۇق ئاپتومات، ئويۇنچۇق مىلتىق كۆتۈرۈۋېلىپ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى، بەزى بالىلارنىڭ 80 ـ 90 يۈەنلىك ئويۇنچۇق تانكا - ماشىنىلارنى ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. بەزى ئۆيلەردە قىزلار ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان ھەر خىل قورچاقلارنىڭ، تاراق - تۇرۇق يالغان گۈللەرنىڭ، ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى ھايۋانلار مودېللىرىنىڭ تۆپە - تۆپىلەپ تاشلاپ قويۇلغانلىقىنى ئۇچراتتىم. خېلى جىق بالىلارنىڭ ئۆزلىرى ئېرىشكەن ھېيتلىق پۇللىرىنىڭ سانىنى سېلىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. كۆزىتىپ بىلىشىمچە، بىزنىڭ مەھەللىدىكى كىچىك بالىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھېيتلىق تاپقان پۇلى 30 ـ 40 يۈەنگە، بەزىلىرىنىڭ بولسا 300 ـ 400 يۈەنگە يېتىپ قالغان. بالىلار ئۈچۈن ھېيت - بايرام، خەتنە توي، ياش توي (تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش تويى)، يەنە باشقا شادلىق كۈنلەردە ھەدىيە قىلىنىدىغان «خۇش قىلىش مېلى» - كىيىم - كېچەكلەر، پوسما، ئويۇنچۇق، مونچاق، يالغان سائەت، ئويۇنچۇق ۋېلىسىپىتلار يىلدىن يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. بالىلار بەتتەخەجلىكنىڭ كۆرۈلەپ تۇرغىنىنى تۇرغان!

يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى پەقەت پۇل ۋە نەرسە - كېرەكلەر بىلەنلا گېپىگە كىرگۈزۈپ كۆندۈرۈپ قويۇشۇۋاتىدۇ. يەنى ئۇلار: «ماۋۇ ئەخلەتنى تۆكۈۋەتسەڭ بىر يۈەن بېرىمەن»، «ئۆينى سۈپۈرۈۋەتسەڭ بىر يۈەن بېرىمەن»، «ئوكاڭنى ئوبدان باقساڭ شاكىلات ئېلىپ بېرىمەن»، «مەكتەپتىن ۋاقتىدا كەلسەڭ ۋاخاخا، ئېلىپ بېرىمەن»، «ئىمتىھاندا ھەر بىر پەندىن 90 دىن يۇقىرى نومۇر ئالالىساڭ ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىمەن» دېگەندەك سۆز - قىلىقلار بىلەن ياش غۇنچىلارغا پۇلغا چوقۇنۇش دەرسلىرىنى ئۆتۈشۈۋاتىدۇ.

بىز مىجەزى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان سەبىي بالىلارنى پۇل ۋە تېگىشلىك بولمىغان ماددىي بۇيۇملار بىلەن خۇش قىلىپ رىغبەتلەندۈرۈپ، گېپىمىزگە كىرگۈزۈپ تۇرساق، ئۇلار چوڭ بولۇش جەريانىدا پۇل - ۋەجگىلا چوقۇنىدىغان سېپى ئۆزىدىن شەخسىيەتچى، مەنمەنچى، ياسانچۇق، دامخور، تەمەگەر، ئاچكۆز، نەپسى ئاۋارىسى، چىدىماس، ئوغرى بولۇپ چىقمامدۇ؟ پۇل ھېسسىياتى ئەقىل ھېسسىياتىدىن ئۈستۈن بولۇپ ئۆسكەن ئادەمدە ساغلام ئىدىيە، توغرا ھەرىكەت، پاك ۋىجدان، ساپ ئەخلاق، دوستلۇق، مۇھەببەت، توغرا كىشىلىك قاراش، ۋاپا، ئىنساپ دېگەنلەر نېمە قىلسۇن؟ يۇقىرىقىلار بىزدىكى بالا بۇزۇشنىڭ بىر خىل مەنبەسىدۇر.

شەھەر - بازارلار تۇرمۇشىدىكى بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەرمۇ كونىۋىي تىجارەت، پۇل تېپىش كويى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ۋە ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشقا سەل قارىشىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى يەتتە - سەككىز ياشلىق بالىلىرىنى پۇل تۇتقۇزۇپ بازاردىن تاماق يېيىشكە، ئۆزلىرىگە تاماق ئالغۇزۇشقا، دۇكاننىڭ سودىسىغا ھەمكارلىشىشقا سېلىۋاتقانلارنى كەم يوق دېيەلەيدۇ؟ قاتناپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغان ئاتا - ئانىلاردىن بالىلىرىغا پۇلنى بولۇشىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى دوستلىرىنىڭ، قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە «خۇداغا ئامانەت» قىلىپ تاشلاپ كېتىۋاتقانلارنى نېمە دېگۈلۈك؟ «تاماقنى بازاردىن يە، ھويلىدا ئويناپ، دەرۋازىنى چىڭ تاقاپ ئولتۇر، كەچتە ئىشىك - تۈڭلۈكنى دۈملەپ يات، ئۆيگە ئوغرى كىرمىسۇن، پەخەس بول» دېيىشىپ، ئىككى - ئۈچ كىچىك بالىنى ئاز - تولا پۇل بىلەن

ئۆيگە تاشلاپ كېتىپ، چار بازارچىلىك قىلىشىدىغان ئاتا - ئانىلارنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ؟

مېنىڭچە، مەكتەپلەردە كېچىكىپ كېلىشكە، بالدۇر قايتىشقا، ئوقۇشتىن قېچىشقا، ئاجايىپ - غارايىپ كىيىنىشكە، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىشكە، ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىشكە، ئىنتىزام - تۈزۈم دېگەنلەرنى كۆزگە ئىلماسلىققا قاراپ يۈزلەنگەن بالىلارنىڭ تولىسى ئەنە شۇنداق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئەمەسمۇ؟ ئۆگىنىش نەتىجىسى، ئەخلاق - پەزىلىتى تۆۋەن بالىلارمۇ شۇنداق ئائىلىلەرگە مەنسۇپتۇر، ئەلۋەتتە. مانا بۇلار بىزدىكى بالىنى ئۆزى بۇزۇشنىڭ يەنە بىر مەنبەسى.

بىزدە مەكتەپ يېشىغا يەتكەن بالىلارنى مەكتەپكە بەرمەي بىكار تەلەپ قىلىۋېتىدىغان، ھۈنەر - كەسىپكە تۇتۇپ بېرىدىغان، ئۇششاق - چۈششەك ئوقەتچىلىككە سالىدىغان، ئۆي ئىشلىرىدىن ئاجراتمايدىغان ئاتا - ئانىلارمۇ بار. «نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن قېلىپ ‹بالا ئىشچى›، ‹بالا تىجارەتچى›، ‹بالا باققۇچى› بولۇش ئەھۋاللىرى ئېغىر. قەشقەر شەھىرىدە تەخمىنەن 800 بالا ئوقۇشتىن توختاپ، ‹بالا ئىشچى›، ‹بالا تىجارەتچى›، ‹بالا باققۇچى› بولۇپ كەتكەن» («شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1994 - يىل 18 - يانۋار سانىدىن).

سەغىرە بالىلارنى مائارىپسىز قالدۇرۇش - كەلگۈسىگە نادان بەندىلەرنى قالدۇرۇش دېمەكتۇر. كېلەچەكتىكى بىقۇۋۇل ئادەملەر، بىتەلەي، بىچارە، دەردمەن، بەتبەخت ئادەملەر، غايە، غورۇر، ۋەتەن، مىللەت سېزىمى يوق، سۈپەتسىز ئادەملەر دەل مەكتەپ تەربىيىسىدىن مەھرۇم بولغانلاردىن پەيدا بولىدىغىنى ئېنىققۇ؟ بۇ خىل قىلمىشنى بالا بۇزۇشنىڭ يەنە بىر خىل مەنبەسى دېيىشكە مەجبۇرمىز.

بىزنىڭ ئارىمىزدا بالا ئۆگىلەيدىغان ناباب ئاتا - ئانىلار جېدەلخور، قارام، گۇمانخور، جاھىل، بەدقىلىق ئاتا - ئانىلار كۆيۈمسىز، كۆڭلى قارا، ۋاپاسى يوق، بىرەھىم ئاتا - ئانىلارنىڭ قىلىق ۋە سەۋەبچىلىك قىلمىشلىرى بىلەن بېقىش تاپالماي بۇزۇلۇپ، خارلىنىپ چوڭ بولۇۋاتقان سەغىرىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئۆگەيلىك كۈلپىتىگە دۇچار بولغان كىچىك بالىلارنىڭ ئۆگەي ئاتا ياكى ئۆگەي ئانىلارغا بويسۇنۇشى «ئۆز» دەك بولمايدۇ. ئۆگەي ئاتا، ئۆگەي ئانا ئۇچۇنمۇ ئۆگەي بالىغا كۆيۈنۈش كۆپ ھالدا سەممىي، «ئۆز» دەك بولمايدۇ. بويسۇنماسلىق، كارى بولماسلىق - ئۇلارنىڭ ئۆگەيلىك مۇناسىۋىتى. مۇشۇنداق تەقدىرگە چۈشۈپ قالغان كىچىك بالىلارنى تازا ساغلام ئۆسىدۇ، خارلانمايدۇ، بۇزۇلمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟ خارلىنىشنىڭ ئۆزى بۇزۇلۇشقۇ؟

بەزى مۇشتۇمزور، جېدەلخور ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى قوپال، سەت سۆزلەر بىلەن ئۇرۇپ - تىللايدۇ، ھەتتا دۇمبالاپ بالا بولغانغا تويغۇزۇۋېتىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى يامان ئىشلاردىن زادىلا توسمايدۇ؛ تېخى ئۇششاق - چۈششەك ئوغرىلىققا سالىدۇ. يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرى كىچىككىنە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويسا، گەپ بىلەن ئادەم قىلىشنىڭ ئورنىغا رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ - دۇمبالاپ ئۆيدىن قاچۇرۇۋېتىدۇ. «ھاڭگا ئېششەك تەخىيىگە ئىگە بولمىغان» دەك، بەزى ۋاپاسىز ئانىلار بالىنى تېپىشنى تېپىپ، ئوبدان باقمايدۇ، تاشلىۋېتىدۇ. بىر خەقنىڭكى ئەنە شۇ خىل ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدىن زادى قانچىلىك ياراملىق، ئوبدان ئادەم چىقار؟ بۇمۇ بالا بۇزۇشنىڭ بىر خىل مەنبەسى ئەمەسمۇ؟

بەزىبىر ھارافكەش، بەڭگە ئاتىلار بىلەن بەزىبىر تاپتىن چىققان كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ تەسىرىمۇ ئۇسۇپ - يېتىلىۋاتقان بالىلارغا چېكىمخورلۇق، ھارافكەشلىك، شەھۋانىيلىق، تەلۋىلىك تەسىرلىرىنى سىڭدۈرمەيدۇ، دېيەلەمدۇق؟ بالىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىت نورمالسىز بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ مىجەز جەھەتتە ھەر خىل نورمالسىز شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش خەۋپىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. يەنى بالىلارنىڭ مىجەزى مۇشۇنداق قالايمىقان، يامان شارائىتتىكى روھىي تەسىر ئاستىدا دائىمىي جىددىيلىك، ئىجتىمائىي قاراملىق، ئۆچمەنلىك، تەلۋىلىك، بەڭباشلىق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىتتا تەرەققىي قىلسا، يىلدىن يىلغا دۆتلىشىپ، ساپاسى تۆۋەنلەپ تۇرىدىغان بالىلار توركۇملىرىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ تەبىئىي. تەن ساپاسى، مەدەنىيەت، بىلىم ساپاسى، ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسى - بىر مىللەتنىڭ سۈپەت ۋە ئىستىقبال مىزانىدۇر. پەرزەنتلىرىنى سۈپەتلىك، ئىستىقباللىق ئادەملەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى چىن ۋىجدان بۇرچى قىلغان ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپلا ساپ، ئاق كۆڭۈل، گۈزەل نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشلىرى لازىمدۇر.

## بىزدىكى جېدەلخورلۇق

ئادەملەر كۆپىنچە ئۆز ئەقىلسىزلىكلىرىنى غەزەپ بىلەن تولدۇرىدۇ.

- ئو. ئولۋېر

مەن 1994 - يىلى كۈزدە قاغىلىقتىن ئۈرۈمچىگە كىرا قىلغان ئاپتوبۇستا ئىككى قېتىم جېدەل كۆردۈم. ئۇنىڭ بىر قېتىملىقىنى پوسكاملىق T بىلەن گۇمىلىق O قىلدى: «.....

سەن كەچكىچە ناخشا ئېيتىپ ئاپتوبۇستىكىلەرنى بىزار قىلدىڭ. بالامنى ئۇخلاتمىدىڭ. ئاپتوبۇس سېنىڭ ئالمىتاغىل كاركىرايدىغان خامىنىڭ ئەمەس. ناخشاڭنى توختات، بىزنى ئارامخۇدا ماڭغىلى قوي» دېدى T تە بولۇپ. «ناخشا ئېيتسام ئۆز ئاغرىم، كارىڭ نېمە؟ ئولتۇرۇشۇڭنى ئولتۇرۇۋەرمەمسەن؟ چىدىمىساڭ چۈشۈپ كەت. . . » دەپ جاۋاب بەردى () ئالىيىپ - كۆلىيىپ. بۇ ئىككىيلەن گەپتىن قىلىشىمىدى. جېدەل چىقتى. مۇشتلىشىپ كەتتى. باش - كۆزلىرىنى قان قىلىشتى، ئاجرىتالمىدۇق. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ئۇلارغا تارلىق قىلدى. بىر ئوپۇر - توپۇر بولۇپ كېتىشتۇق. جېدەلدە ئۈچ يولۇچىنىڭ چايدىنى، بىر يولۇچىنىڭ دۇتارى، ئىككى خەنزۇ يولۇچىنىڭ كۆزەينىكى، بىر خەنزۇ يولۇچىنىڭ كۆتۈرۈۋالغان ئۈنئالغۇسى. . . چېقىلىپ كەتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئۈچ ئەينىكى چېقىلدى. ئۈچ ياشلىق بىر بالا سوقۇلۇپ زەخىملەندى. . . ئامال يوق شوپۇر ماشىنىنى ئۇدۇل ئاقسۇ شەھىرىدىكى پەيچۇسولارنىڭ بىرىگە ھەيدەپ كىرىپ ئەھۋالنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلدى. ساقچىلار ماشىنىنى توققۇز سائەت توختىتىپ، ئاپتوبۇستىكىلەردىن ئەھۋالنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، مۇشتلاشقانلار بىلەن زىيانلانغانلاردىن ئۈچ كىشىنى ئېلىپ قېلىپ بىزنى كەتكۈزۈۋەتتى. يەنە بىر قېتىملىق جېدەل ئىككى ئۇيغۇرنىڭ گەپ تالىشىپ مۇشتلىشىپ كېتىشى بىلەن يۈز بەردى. بىرسىنىڭ كۆزىگە، بىرسىنىڭ ئاغزىغا مۇشت تېگىپ دېگەندەك جېدەلنى توختاتمىغانلىقى ئۈچۈن، شوپۇر توقسۇدا ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ساقچىدا قالغانلارنىڭ ئاپتوبۇس بىلەتلىرى ئۆلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق جېدەلدە ھېچقانداق تۇتاملىق مەنپەئەت سەۋەبى، ئاداۋەت ياكى مۇئامىلە سەۋەبلىرى يوق، پەقەت نادانلىق سەۋەب بولدى.

ئاپتوبۇسلاردا، جامائەت سورۇنلىرىدا، كىنو - تىياتىرخانىلاردا. . . كەلسە - كەلمەس ئۈنلۈك ۋارقىرىشىپ جامائەت كەيپىياتىنى بۇزىدىغان، ئاغزىغا كەلگىنىنى توۋلاپ، ئۇچرىغانغا سوقۇلۇپ - چېقىلىپ، ھە دېسىلا جېدەل تېرىپ يۈرىدىغان بىغەرەز ئۇيغۇر «نوچى» لارنى نەدە يوق دەيسىز؟ جېدەل تېرىپ پايدا ئالىدىغان، ئادەم قورقىتىدىغان، جېدەلگە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان، جېدەلنى تاماشا بىلىدىغان، جېدەلدىن قېچىپ زىيان تارتىپ يۈرگەن. . . ئۇيغۇرلارنىچۇ؟ زوراۋانلىق، مۇشتۇمزورلۇق، كۆكەملىك ۋە قوپاللىق، تەرسالىق قىلىشمايدىغان، جېدەل - ماجىراسىز ئۆتىدىغان ئۇيغۇر مەھەللە - ماكانلىرى نەدە بار؟ جېدەلسىز ئۆتىدىغان ئاۋام ئۇيغۇر ئائىلىلىرىمۇ بارمىدۇ؟ مېنىڭچە، يوق دېيەرلىك. دېمەك قوپاللىق، تەرسالىق، جېدەلخورلۇق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمى. بۇ، بىزنىڭ تەربىيىلىنىش، غايە - ئېتىقاد، دىيانەت - نومۇس، ئىرادە، ۋىجدان، غورۇر، ئىنساپ، ئادالەتنى مەنبە قىلغان ئىدىيە - ئەخلاق سابايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان چۈشكۈن قىسمەتلىرىمىزدىن بىر شاختۇر. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر جاھالەت دەۋرىدىن بىزگىچە ساقىپ كەلگەن ئەۋھامى تەپرىقات يەنى جاھالەت تەپرىقاتچىلىقى - «ئادەمنىڭ دۈشمىنى ئادەم»، «يىغى ياندىن كېلەر، بالا كەلسە قېرىنداشتىن»، «ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا»، «ئادەمگە ۋاپا قىلساڭ جاپا قىلار». . . دېگەندەك پىچاق بىلەي مۇناسىۋىتىنىڭ داۋامى تەسىرى بىزنىڭ ئەقلىي مەنىۋىيىتىمىزدىن تېخى ئۈزۈل - كېسىل كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆتمۈش زۇلمەتلىك زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا يامرىغان (نادانلىق، نامراتلىق، زۇلۇم، تەپرىقىۋازلىق. . . تەسىرىدە شەكىللەنگەن) يەكلىشىش، كۆكەملىك، ئەسەبىي تەرسالىق، قاراملىق. . . قىسمەتلىرى بىر قىسىم ئاۋام كىشىلىرىمىزنىڭ روھىيەتلىرىدىن تېخى چىقىپ كەتمىگەن. زۇلمەتلىك زامانلارنىڭ «ئادەمنى ئادەمگە سال، تەلىيىڭ كېلىدۇ»، «غالچىنىڭ يالغۇزى ياخشى». . . دېگەندەك «پارچىلاپ تۇتۇش» تەدبىرلىرىنىڭ مەنىۋىيەت تەسىرىنىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا! تۈگەپ كەتكەن دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. دېمەك، كېيىنكى جاھالەتلىك زامانلاردا ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز يۇقىرىقىدەك قىسمەتلەر سەۋەبى بىلەن ئۆزئارا قولىشالماي، پېتىشالماي ئۆتۈشۈۋېرىپ ئىنسانىي ئۈملۈك، بىرلىك، تىنچلىق، سىلىق - سىپايىلىك خىسلەتلىرىنى يوقاتقان، خۇنۈكلەشتۈرۈۋەتكەن. ئەقىل ئېيتىش، نەسىھەت، قائىدە - زاكون سۆزلەش ئورنىغا چىڭ - چىڭ، يوغان - يوغان، قاتتىق - قاتتىق سۆزلەش، كۈچ كۆرسىتىش، قوپاللىق، قاراملىق، پوچىلىق. . . دەسسىتىلگەن؛ «بوزەك بولماسلىق» «باتۇرلۇق» ئۆلچىمى قىلىنغان. «نادانىڭ باتۇرلۇقى - جېدەل»، «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» - ئۇلارنىڭ مىجەزى. دېمەك، بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزنى بۇلغاپ تۇرغان، يەنى بىرلىك - ئۈملۈكىمىزنى، تەقدىرى - ئىستىقبالىمىزنى، ئەخلاقىي - روھىي خىسلەتلىرىمىزنى بۇلغاپ، چىرماپ تۇرغان، نابۇت قىلىۋېتىدىغان تەپرىقىچىلىك، يەكلىشىش، قوپاللىق. . . خاراكتېرىمىزنى تېخى ئۆزگەرتىپ كېتەلمىدۇق. بۇ، بىزنىڭ مىللەت خاراكتېرلىك رەزىللىكىمىز، مىللەت خاراكتېرلىك ئۆسمىمىز. بۇ خىل رەزىللىك كىشىلىرىمىزنى مۇقەددەس غورۇرى تۇيغۇلاردىن، ۋەتەنگە مۇھەببەت، مىللەتكە مۇھەببەت، ئائىلىگە مۇھەببەت، ئىنسانغا مۇھەببەت، ياخشىلىق ۋە پاكلىققا مۇھەببەت،

ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىگە مۇھەببەت، نەسلىگە مۇھەببەت تۇيغۇلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى بىلەي - پىچاق مۇناسىۋىتى (بىرىنى بىرى غىرداۋېرىپ پىچاقمۇ ئۈپراپ، بىلەيمۇ ئۈپراپ تۈگەش مۇناسىۋىتى) گە ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇنداق ھالەت مەۋجۇت يەردە غەلىبە، ئىستىقبال، خۇشاللىق، تەنتەنە... نېمە ئىش قىلسۇن؟

بىزدە ئۇرۇش - جېدەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان روھىي مەنبە ۋە «سەۋەب» تۈگۈنلىرىنى تۆۋەندىكى ھالەتلەر دائىرىسىدە تەتقىق قىلىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

1. بىزدىكى ئۇرۇش - جېدەل ھادىسىلىرىنى تولاراق ئۆتمۈشكە ۋارىسلىق قارىشى كۈچلۈك بىر قىسىم پۇشتى زوراۋان غىدايغاق كىشىلەر يەنى ئازادلىقتىن بۇرۇن داۋام قىلغان ۋەج - دۇنيا زوراۋانلىقى، ئەمەل - ئىمتىياز زوراۋانلىقى، زالىملار زوراۋانلىقى، كۈچتۈگكۈر «نوچى»، «بايۋەچچە» لەر زوراۋانلىقى... نىڭ تەسىرى روھىيەتلىرىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن قالاق ئەنئەنىچىلەر تولاراق كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشى - ھەيۋە سۈرۈش ۋە مۇشتۇمزورلۇقنى «نوچىلىق»، «بوزەك بولماسلىق»، «باتۇرلۇق»، «بوش كەلمەسلىك»... نىڭ قورالى قىلىۋېلىش. بۇ دېمەك، تارىخىمىزدىكى زومىگەر زېمىندا، زومىگەر بەگ، زومىگەر ئىمتىيازچى، زومىگەر زالىم، زومىگەر قارا بىس... لاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن رەزىل ئەنئەنە - «زومىگەر ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمىدى، زالىم كەتكەن بىلەن زورلۇقى كەتمىدى»، «ئاتاڭ قىلغاننى قىل» دەيدىغان ۋارىسلىق كەتمىدى، دېگەنلىكتۇر. ئۇ خىل كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدە زورلۇق، قوپاللىق، جېدەل... نىڭ يۇراپ تۇرغىنى تۇرغان. ئۆيلەردە خوتۇن، باللارنى دۇمبالاش، قورقۇتۇش، مەھەللىدە ئادەم بوزەك ئېتىش، جەمئىيەتتە گۇركىرەپ بىشەملىشىپ يۈرۈش، پوچىلىق... تىنچسىزلىق، ئادالەتسىزلىك، قائىدە - زاكۇن دېگەننى بىلمەسلىك... ئۇلارنىڭ ئادىتى. ئۇلارنىڭ ئاربلىرىدىن ۋە ئائىلە - ئەۋلادلىرىدىن مۇسۇلمانلىق خىسلىتى، ئىنسانلىق تەبىئىيتى يوق، ياخشى - يامانغا ئوخشاشلا چېقىلىپ تۇرىدىغان، كىشىلەرنى چاياندەك چېقىپ تۇرۇشتىن توختىمايدىغان، نە ئەقىل، نە دىن، نە ھايا، نە تەمكىنلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق، قىلىدىغان ئىشلىرى ئىشەنچسىزلىك، ناپاكلىق، ئادەتلىرى نامەردلىك، بىپاكلىق بىلەن تولغان قارام لۈكچەك - ئادىمى ھايۋانلار دائىم چىقىپ ۋە يېتىشىپ تۇرىدۇ. بىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا «قالاق»، «ھايۋان»، «لۈكچەك»، «ئۇرۇشقاق»، «قوپال»، «چاتاقچى»، «ئەسكى» كۆرسىتىپ تۇرغان، تۇرىدىغانلار دەل ئەنە شۇلار. ئىچكى قاتىللىق، ئىچكى زەخمەت، ئۆۋۈلچىلىق، ناھەقچىلىك... لارغا مەنبە بولۇپ تۇرغان، تۇرۇۋاتقانلارمۇ دەل يەنە شۇلار. مىللىتىمىز ئىچىدىن جىنايەتچىلەر تۈركۈملىرىنى تەشكىل قىلىپ تۇرىدىغانلارمۇ، جەمئىيەت، جامائەت خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ تۇرىدىغانلارنىڭ ئاساسىي قىسمىمۇ يەنىلا شۇلار. 1937 - يىلى 20 - مايدا چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» دە شۇ چاغلاردىكى ئۈرۈمچىلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولۇپ تۇرغان ھەر خىل ھادىسىلەر، جۈملىدىن ئۇرۇش - جېدەل ھادىسىلىرى توغرىسىدا مۇنداق بىر پىغانلىق ئەنزار بېرىلگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق قۇرلار بار: «... دىخۋا (ئۈرۈمچى) نىڭ 6 تۈمەندەك پۇقراسى ئارىسىدا 1 تۈمەن 8000 دەك ئۇيغۇر پۇقرا بار... ئالدىمىزدا ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدە ليۇداۋان خاڭلىرىدا ئىشلەيدىغان 820 نەچچە جان ئۇيغۇر ئارىسىدا 69 نۆۋەت چوڭ جېدەل بولۇپ، جېدەلدە توققۇز ئادەم ئۆلگەن، 29 ئادەم تاياقتا پۇت - قولىدىن ئايرىلغان، ناكار بولغان. تۆت جەسەتنىڭ قاتىلى تۇتۇلمىغان... باداۋان تەرەپ خاڭلىرىدا ئىشلەيدىغان 411 جان ئۇيغۇر ئىچىدە 37 قېتىم چوڭ جېدەل بولۇپ، بەش كىشى ئۆلگەن، 11 كىشى ناكار بولغان، ئىككى قاتىل قېچىپ كەتكەن. بۇ بازار (ئۈرۈمچى بازىرى دېمەكچى - ئا) دىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە جېدەل - ماجىرا ئۈزۈلمەيدۇ... قىمارۋاز ئۇيغۇرلار ئىچىدە جېدەلسىز بىرمۇ كۈن يوق. مۇشتلىشىش، پىچاقلىشىش... ئادەتتىكى قىلىق. قاتىللىق بولۇپ تۇرىدۇ. 13 ئادەم قاتىللىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن. جېدەللەشكەنلەر ھۆكۈمەتكە ئەرز - داد قىلىپ كەلمەيدۇ. تولىسى لۈكچەك... ئۈرۈمچىدە قىمارۋاز ئارغامچى بارات، ھامىت چاشقان، ھوشۇر قاۋانلارنىڭ لۈكچەكلىرى توپ - توپ بولۇشۇۋالغان (گۇرۇھلىشىۋالغان دېمەكچى - ئا)، بەك يامان، تۇتتۇرمايدۇ، خاڭلاردا يۈرىدۇ، ھەممىسىلا يېتىمچى...»

بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى قارا پاي، قارا قورساق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇ خىل ئۇرۇش - جېدەلپەرەسلىك مەدەنىيەتكە يۈزلەنگەن ھازىرقى «ئاق قورساق» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈگىدىمۇ؟ ياق، تۈگىمىدى. بۇرۇن بەڭ تارتىپ مۇشتلىشىدىغانلار ھازىر ھاراق ئىچىپ مۇشتلىشىۋاتىدۇ. مۇھتەرەم مۇئەللىپ راھمانجان ئىمىر: «... مەنىۋىيىتىمىز خۇنۇكلۇكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى» دېگەن ماقالىسىدە بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزنى دەلىللەپ مۇنداق يازىدۇ: «... 1989 - يىلى كۈزدە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدىكى بىر تويدا بىر ياش ھاراق ئىچىپ قەستەن جېدەل تۇغدۇرۇپ، يەنە بىر ياشنى قىڭراقتا چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن...

1992 - يىلى يەنە بىر يېزىدىكى تويدا 24 ياشلىق بىر يىگىت پىچاق تىقىپ ئۈچ يىگىتنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن... قەشقەر شەھىرىدە 1993 - يىلى xxنىڭ توي ۋېچىركىسىدا ياشلار ئىككى قاش بولۇپ قىلغان جېدەلدە ئىككى يىگىت ھاياتىدىن ئايرىلغان...» («ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1995 - يىل 12 - ئۆكتەبىر سانىدىن).

زورلۇق - زوراۋانلىق بىلەن قانلىق جېدەل چىقارمايدىغان، پىچاق، كالتەك، مۇشت، پەشۋاغا تايىنىپ خۇمسىلىق قىلىشمايدىغان مۇشتۇمزور لۈكچەك، زومىگەر... يوق جاي - ماكان نەدە بار؟ ئۇرۇش - جېدەلدىن دەككە يېمىگەن ئۇيغۇرمۇ بارمىدۇ؟

2. بىزدىكى جېدەلخورلۇقنىڭ يەنە بىر چوڭ مەنبەسى، نادانلىق، شەخسىيەتچىلىكنى چىقىش قىلغان ئىچكى يەكلىشىش، كۆرەلمەسلىك، مەنمەنچىلىك، ئىچى تارلىق، قاراملىق، تەرسالىق... دۇر. يۇرت - مەھەللىۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق، تەرەپبازلىق، ئاغىنىۋازلىق... جېدەلخورلۇقنىڭ شەكلىدۇر. ئارىمىزدا تۇرپانلىق ئالتە شەھەرلىكنى ئۆچ كۆرىدىغان، قەشقەرلىك يەكەنلىكنى، يەكەنلىك قەشقەرلىكنى، ئاقسۇلۇق كۇچالىقنى، كۇچالىق ئاقسۇلۇقنى... ئۆچ كۆرىدىغان، ئۆزئارا ئۇرۇشىدىغان، چېقىلىدىغان ئەسكى خاھىشلىق ئۇيغۇرلار ئازمۇ؟ ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە «لىق»، «لىك» جېدىلى قىلىشىدىغان، يۇرتلۇقلار ئارا گۇرۇھلىشىپ ئۇرۇش - جېدەل چىقىرىدىغان نادانلار تەلتۆكۈس تۈگەپ كەتتىمۇ؟ مۇشۇ ئىش بىلەن جازالىنىپ تۇرىدىغان بالىلارچۇ؟

مەن ئۆتكەن يىل كۈزدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھايۋاناتلار باغچىسى ئارقىسىدىكى كۆكتات، يەل - يېمىش، چارۋا مال توپ سېتىش بازىرىدا بىر توپ «ك» لىق بالىلار بىلەن «ق» لىق بالىلارنىڭ بازار تالىشىپ يۇرتلۇق بويىچە مۇشتلىشىپ، پىچاقلىشىپ كەتكىنىنى كۆردۈم. بىر دەمدىلا ئىككى تەرەپتىن بەش - ئالتە ئادەم تاياق، پىچاق يەپ يىقىلدى - دە، ساقچىلار دۈپۈرلىشىپ كېلىۋىدى، ئىككىلا تەرەپ قېچىپ يوقىلىشتى. جېدەلدە كاردىن چىقىپ يىقىلغانلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارىمۇ بولمىدى. ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ ئاۋات بازار دۆڭكۆۋرۈكتە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇيغۇر لۈكچەكلەرنىڭ مۇشتلىشىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆردۈم. ئۇيغۇرلىرىمىز ئەتراپىغا توپلىشىپ تاماشا كۆرۈشۈۋاتىدۇ، ئاجرىتىۋېتەيلى دەيدىغان بىرسىمۇ يوق. دېمەك، ا بەزىلىرىمىز جېدەلنى تاماشا قىلىشقا ئادەتلىنىپ قاپتۇقتە، توۋا دېگۈلۈك.

مەن يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار بىر قەدەر زىچراق جايلاشقان «L»، «T»، «B»، «V»، كۆمۈر كان رايونلىرىدا يۈز بەرگەن بىر نەچچە قېتىملىق ئۇيغۇر جېدەللىرىگە «نەسىھەتچى» سۈپىتىدە ئارىلاشتىم. بىر قېتىملىق جېدەل (ۋېچىركىدا بولغان جېدەل) دە «T» لىق «ئۇيغۇر يىگىت» «L» لىق ئىككى ئۇيغۇر يىگىتنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ «L» لىق توققۇز يىگىت «T» لىق بىر ئۇيغۇر يىگىتنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ئىككى قېتىملىق مەھەللىۋازلىق جېدىلىدە پىچاق، كالتەك، مۇشت - پەشۋادا زەخىملىنىپ كاردىن چىققان ئۇيغۇر ئون نەچچىگە، ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئۈچكە، ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە ئاتقان ئۇيغۇر ئىككىگە، تۈرمىگە تۇتۇلغان ئۇيغۇر بەش - ئالتىگە، قانۇندا كېسىلگىنى ئۈچكە يەتكەن.

3. قىلىقىمىزدىكى قوپاللىق، گۇمانخورلۇق، كاززاپلىق... ئىللەتلىرىمىز بىزدىكى جېدەلخورلۇقنىڭ يەنە بىر مەنبەسى. ئارىمىزدىكى «xx توڭ»، «xx قالاق»، «xxقوپال»، «xx قانجىق»، «xx سەپرا»، «xx غالجىر»، «xx قاراقچى»، «xx جۇدا»، «xx گۇر - گۇر»، «xx قان»... دېگەندەك سۈپەت لەقەملىرى ئەنە شۇ خىل قىلىقتىكى ئادەملەرگە قارىتىلغان. ئۇنداقلار غالجىر ئىتتەك ئۇرۇش - جېدەلنى پۇراپلا يۈرىدۇ. كېلىشەلمەسلىككە يولۇققان ياكى زىيان تارتقان چاغلىرىدا، ئادەتتىكى مۇناسىۋەتلەردە باشقىلارغا دەشنام قىلىش، تۈك تېگىش ھېسابىدىن ئۆزلىرىنى بەزلىشىدۇ. خاپىلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزلىرىدىن ئەمەس، قولۇم - قوشنا، خىزمەتداش، بۇرادەرلىرىدىن، جەددى - جەمەتلىرىدىن، باشقىلاردىن ئىزدەيدۇ. «مېنىڭلا راست» - ئۇلارنىڭ مىجەز ئادىتى.

پېشقەدەم پسىخولوگ xx ئەپەندى 1994 - يىلى كۈزدە ئۆز مەھەللىسىدىكى كەسپىي ئۇرۇشقاق ئائىلە «xx قانجىق» ئائىلىسىنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «... بۇ ئائىلىدە ئاستىراق، يۇمشاقراق، چىرايلىقراق سۆزلەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. سەت، ئۈنلۈك، يامان گەپلەرنى قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن يىل بويى ئىزدەشمەيدۇ. تۈتۈننى بۇلۇت، يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدۇ. مۇئەللىملەرمۇ بۇلارنىڭ قوپاللىقىدىن بالىلىرىنى مەكتەپكە ئېلىشتىن قورقىدۇ. كادىرلار دېگەنغۇ بۇ ئىشىك ئالدىغا زادىلا كەلمەيدۇ. ئۆيدىكى بالاغەتلىك يەتتە بالىنىڭ بىرسىمۇ ئۆزىنى جېدەلدىن تارتمايدۇ. بىرسى خوتۇننى دۇمبالاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئېتىلىپ كەتتى. ئىككى بالىسى كوچىدا مۇشتلىشىپ دائىم ساقچىدىن چىقمايدۇ، پەيچۇسۇ ئۇلارنىڭ ئۆيى. ئۆيدە ھەر كۈنى جېدەل، بىرسىنىڭ قاپىقى كۆك، بىرسىنىڭ بېشى يېرىق تۇرغىنى تۇرغان. ئۆز گۇناھىنى تەن ئالىدىغان، جېدەلدىن بولدى

قىلىدىغان ئادەم بۇ ئۆيدە يوق. بۇلارغا يولۇقۇپلا قالسىڭىز، سىزگە بىرەر خاپىلىق كەلگىسى كەلگەن. مەھەللىمىزدىكى 40 نەچچە ئۆيلۈكلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن xx ناھىيە بازىرىدىكى خەلق بۇلاردىن بىزار...»

راست، بۇنداق مىجەزلىك ناتەس ئادەملەرنى نەدە يوق دېيەلەيمىز؟ بىزنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن بەزى ئادەملىرىمىز ئۈنلۈك - قاتتىق گەپ قىلىشنى بوزەك بولماسلىقنىڭ قورالى قىلىۋېلىشقان. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ پېتىشمايۋېرىپ تىنچلىق، سىپايىلىك سەزگۈسىنى يوقاتقان. كىمنىڭ گېپى چوڭ، قاتتىق بولسا شۇنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ، دەپ بىلىشكەن. شۇڭا «سۆزگە سۆز كەلگەندە ئاتاڭدىنمۇ يانما» دېگەننىلا بىلگەن. مانا بۇ خىل تىل - زۇۋان نادانلىقى «xx قانجىق» ئائىلىسىدەك ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى.

بىزدە ئۇششۇق، كۆكەمە ئادەممۇ جىق. مەن بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن xx ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا، بىر توخۇسى يوقاپ كەتكەن خوتۇننىڭ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، ھە دېسە ۋارقىراپ چۆرگىلەپ، قارىسىغىلا ئادەملەرنى قاغاپ - تىللاپ، بازارغا غەۋغا سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. «ئوغرى بىر، گۇمان مىڭ» دېگەندەك، ئۇ خوتۇن پۈتۈن بازارلىقلارنى قاغاپ - تىللاپ چىقتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر توخۇنى گوياكى پۈتۈن بازار خەلقى ئوغرىلىغاندەك. مەن ئۇ خوتۇنغا ئىككى توخۇنىڭ پۇلىنى بېرىپ، ئاغزىنى يىغماقچى بولۇۋىدىم، بىرسى مېنى: «ئۇنداق قىلساڭ توخۇنى ئوغرىلىغان نەق سەن بولىسەن - دە، بالانىڭ چوڭىغا قالىسەن...» دەپ توسۇپ قويدى.

بۇنىڭدىن بەش - ئالتە يىل بۇرۇن بىر دوستىمىزغا ئۆي سېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى دۆمبەل ئېگىزلىكتىن يەر تاپتۇق. ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ ئۆينىڭ تېمىغا ئۇل قويۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا بىز تاپقان يەرگە چېگرىداش ھويلا قورۇسى بار xx خانىم بىزنى تىللاپ ئۆي سالغۇزمىدى، ئاغزىنى بۇزۇپ قورقۇتۇپ، ئاخىر ئىشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. «يەر ھۆكۈمەتنىڭ...» دېسەك، «چېگرا مېنىڭ، ئۆيۈمنىڭ ئارقىسى، سالغۇزمايمەن قانداق» دەپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. ئاخىر تىللامچى مەدىكار خوتۇندىن بىرنى ئىككى كۈندە ئىزدەپ تېپىپ ئاپىرىپ، xx خانىمنى بىر كۈن قاتتىق تىللىتىپ ئەدىپىنى بېرىۋىدۇق، قورقۇپ تىللاشتىن توختىدى - دە، ئىككىنچى چىقىلمىدى. ئۆينى سېلىپ پۈتتۈردۇق. بۇ، جېدەلنى جېدەل بىلەن ھەل قىلدۇق، دېگەن گەپ بولدى. xx خانىمدەك چاتاقچى خوتۇنلار نەدە يوق؟ قانۇن - ئىنتىزام قارىشى بولمىغان، ئەخلاق، نومۇس - ھايا قارىشى بولمىغان، ئۆزىنى سورىمايدىغان ئادەملەردە ۋىجدان، زامانىۋى مەدەنىيەت، ئەقىل - پاراسەت نېمە قىلسۇن؟

دېمەك، بىزدىكى جېدەلخورلۇق - مىللەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى پارچىلىۋېتىدىغان، مىللەت روھىنى خۇنۇكلەشتۈرىۋېتىدىغان، كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىدىغان ۋابا ئەسستۇر. «... قەيەردە ئۈملۈك، ئەدەب - ئەخلاق، دىيانەت - نومۇس بولمىسا پاكىي بۇزۇلغان بولسا، يەنە ئادەملەرنىڭ ئەپتال، كەيپىيات، مىجەز، قىياپەتلىرىدە غەيرىيلىك، بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا ئۆرلەپ تۇرسا، ئۇ ھالدا شۇ يەرنىڭ، شۇ ئەلنىڭ بەختى - ئىقبالى، رىۋاجى - ھالاۋىتى، مىللىي شۆھرىتى زەبۇنلۇققا يۈزلىگاي. بۇ، مىللىي پاكلىق ۋە مىللىي ئىستىقبالغا ئۇسۇپ كىرگەن نەسىلكىتۇر. ئۇنى نەقدىرىمىزگە، تارىخىمىزغا ھەم نەسلى ئەجدادىمىزغا رىيانلىق بىخ، بۇزۇلۇش ۋە يوقىلىشنىڭ بېشى دەپ بىلمىش ھاجەت ۋە زۆرۈردۇر...» (مۇئەللىپنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان «سەئىدىيلەر رامانىدىكى مىللىي ئەخلاق ۋە مەنىۋى كەيپىيات» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. مۇھەررىردىن).

## بىزدىكى چېقىمچىلىق

قەيەردە گەپ توشۇغۇچىلار رىغبەتلەندۈرۈلىدىكەن، شۇ يەردە جىنايەت يامرايدۇ.

— «ئەمىرتىلە سۆزلىرى» دىن

بىزدىكى چېقىمچىلىق - 17 - 18 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز «خوجا»، «ئىشان»، «ئەۋلىيا» لاردىن ئەۋھايى «مۇسۇلمانچىلىق» نى بەنى «دىنىي تەركىدۇنياچىلىقنى قوبۇل قىلىشقاندىن كېيىن، بىزدە يامرىغان تەپرىقات چېقىمچىلىقتۇر. يەنى ئەمرى ئۇرۇقى جاھالەتچىلەردىن، تارقىتىش كۆپەيتىش - يېيىش - «مۇرىت»، «ياران»، «مۇخلىس» لاردىن، قوبۇل قىلىش، كۈنۈش، تاشلىماسلىق ئەھلى مۇمىن ئەجدادلىرىمىزدىن يۇقۇپ چىققان تەركىدۇنياچىلار چېقىمچىلىقتۇر. ئۇلۇغ تارىخ ئالىمى، ئەدىب مولla مۇسا بىننى خوجا ئەيسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەممىدىيە» سىدە بۇ چېقىمچىلىقنىڭ تارىخىمىزدىكى قەبىھ قىسمەتلىرىنى شەرھلەپ مۇنداق يازىدۇ: «... بىر - بىرىگە ھەسەت - ئاداۋەت قىلىشىپ، بىرى بىر ئىشانغا ئىتائەت ۋە ئىنابەت قىلىپ، يەنە بىرسىگە ئىنكار ۋە ئاداۋەت كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت ۋە زالالەتكە سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، يامان ئەقىدە ۋە نالايىق ئىشلارنى ئۆزلىرىگە لايىق - مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ يامان - شۇملۇقىنى، ئۆز قەۋم - قېرىنداشلىرىغا، مۇسۇلمان ئەھلىگە مەنسۇپ ئەبەسلىكىنى ھېس

قىلماي، ئەسلىمەي، كۆز نەپسى - ھالاۋەتلىرى ئۈچۈن توفرا - ھەق دىنىي ھەم مىللىي ئەقىدىلەردىن چەتنەپ مۇسۇلمان يارانلىرىنى خار - زار قىلىشنى نىيەت ۋە مەقسەت قىلىپ تۇرۇۋشىدىغان تەرسا، ۋاپاسىز، مەككار، ئەسەبىي خوجا - ئىشانلار تۇركۇملىرىنىڭ جاھان تۇتۇش ئۇسۇلى پەقەت - پەقەتلا چېقىمخورلۇققا تايانغان خۇنخورلۇق ئۇسۇلى ئىدى...».

«... بىساتىنى، سىرىنى، بىلگەن - كۆرگەنلىرىنى، ئىشىتكەن، سەزگەنلىرىنى ‹پىر› ىدىن سىر تۇتقانلار... دەۋزىخىدۇر. جانابىي ھەققە ئاسىيدۇر... سىرى يېپىق ئىنسان مۇسۇلمان ئەمەس. بەندە پۈتۈن سىرىنى ‹پىر›، ‹ئەۋلىيا›، غا ئاتىشى شەرتتۇر... دۇئا - ئىبادەت دۇنيا - دەپنە بىلەن ئەمەس. زۇۋان، بىلىندۇرۇش (خەۋەر - ئا) تۆھپىلىرى بىلەن ئادادۇر. ..» («بورقۇم ئەۋلىيا» دىن).

دېمەك، ئۇ چاغلار ئادەملىرىمىز ئىماندىن سۇسلاشقان، ئاڭلىق غايە، ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ئاڭ - چۈشەنچىلەر سىزىمدىن، ئىنچىل ئىنسانىي پىكىر - پاساھەتتىن مەھرۇم بولغان، تەقدىرى شورلۇق، مەۋقەسى خاراموش، بىلىش مۇلاھىزىلىرى چۈۋالچاق - مەنىسىز، قاراشلىرى تەپرىقىلەشكەن؛ ئەلدىن ئۆزئارا ئىشەنچ كۆتۈرۈلۈپ، جاھالەت «پىر»، «ئەۋلىيا» لىرىغا ئىشىنىشكە يۈزلىنىپ كەتكەن؛ «يېتەكچى» لەر بىر - بىرىگە رەقىب؛ ئەقلىي زەبۇنلۇق ئۈستۈن، ئىلىم - مەرىپەت، توغرا - ھالاللىق... تىن يىراق؛ جاھالەتتىن ئاپىرىدە بولغان چېقىمچىلىق ھەممە يەرگە يامراپ كەتكەن - تارىخىمىزنىڭ كىرلەشكەن، ھاقارەتلىك سەھىپىلەرگە تولغان قارا زامانلىرى بولغانىدى.

بىز مۇشۇ بىر زامانلىق ئەجداد سەۋەنلىكى، ئەجداد نادانلىقى ۋە ئەجداد جاھالەتچىلىكى بىلەن ئۆكسۈنىمىز، ئەلۋەتتە. شەخسلەر ھاياتىدىن ھالقىپ كەتكەن، ھەر قانداق ئاڭ، ئېقىملاردىن سىرت پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىي ئىللىتى بولۇپ كەتكەن بۇ خىل يۇقۇمدى ئىللەتنىڭ زەخمىسىنى تارىختا ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز ئاز تارتمىغان - دە.

«... ھەزرىتى شاھى ئافاقخان زامانىدا چېرىك - سەرباز (ئارمىيە - ئەسكەر - ئا) دىن خۇدايى چاقۇچىلەر (چېقىمخورلار، غەيۋەتخورلار - ئا) ئۆرە، تۆھپە - خىزمەتلىرى زىيادە ئېردىلەر. .. يۇرت - يۇرتتا، ئۆي - ئۆيلەردە پىرى ئەۋلىيالاردىن ساقىت سۆز ياتمايتتىلەر...»، «ئەۋلىياھى ھەزرەت ۋەلىخان خوجام پادىشاھلىقى زامانىدا خۇدايى سوخەنباز چاقۇچىلەر ئارا يىشى بىلەن (ئارىلىشىشى بىلەن - ئا) زىنايى ھارام قىلىنغان، شاھقا خۇسۇمەت، غەيۋەتتە بولغان، تەرىقەت، شەرىئەتكە مۇخالىپ سۆز، ئىشىتىن قالمىغان... مۇرتەدتىن بىر بېقەر يىلىدا (ئۇي يىلىدا - ئا) ئۈچ ئايدا 5400 نىڭ ئاللىسى ئېلىنىدىلەر...» («تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دىن). ئەپسۇس، 17 - ئەسىر! ئافاق خوجا «خان» لىق قىلغان 20 يىللىق تارىخ (1678 - 1697 - يىللار) ئافاق خوجا چېقىمخورلىرىنىڭ «خۇدايى خالىس چېقىمچىلىقى» بىلەن قەشقەرىيە (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ) دە يۈزمىڭدىن جىقراق بىگۇناھ «قارا تاغلىق» ئۇيغۇرنىڭ بىھۇدە قانلىرى ئاققان، 300 مىڭدىن كۆپرەك «گۇناھكار»، «كاپىر»، «مۇرتەد»... ئۇيغۇر قاچ - قاچ قىلىپ يۇرتلىرىدىن كەتكەن... نادامەتلىك تارىختۇر. مىلادى 1678 - يىلىدىن 1857 - يىلىغىچە بولغان ئاز كەم ئىككى ئەسىرلىك تارىخمۇ ئەجدادلىرىمىز روھىيەتلىرىگە «خۇدايى سوخەنچىلىك»، چېقىمخورلۇق، تۇتۇپ بېرىش، «ئادەم ئادەمگە دۈشمەن» لىك... سىڭىپ تۇرغان جاھالەت تارىخىدۇر. ئەپسۇس، بۇ ھاقارەتلىك تارىخنىڭ دېغىنى ھازىرغىچە يۇيۇپ كېتەلمىدۇق. ئۆي - ئۆيدە، مەھەللىدە، تالادا، تاغدا، بازاردا، مەسچىتتە، مازاردا... دېگۈدەك بۇ داغ تېخى بار. ئەمدىلا تىلى چىققان بالىنىڭ يېڭىلا مىجەزگە كىرگەن ئاچىسىنى: «ئويۇنچۇقۇمنى ئېلىۋالدى» دەپ چېقىشتۇرسا، گەپ - سۆز يوق ئاچىسىنى دۈشكەللەپ ئۇكىسىنىڭ دېگىنىنى راست قىلىپ قويۇش ياكى بالىنىڭ كىچىكى چوڭىنى چېقىشتۇرسا، كىچىكىنىڭ گېپىنى راست قىلىپ چوڭىنى دەككىلەش بىزنىڭ ئىنسانچىلىق تۇرمۇشىمىزدىكى چېقىمخورلۇقنىڭ ئىپتىداسى بولۇۋاتامدىغۇ؟ ئۇكىسى ئاكىسىنى، سىڭلىسى ئاچىسىنى، كېلىنلەر يەڭگىلەرنى، يەڭگىلەر كېلىنلەرنى، ئانىلار دادىلارنى، دادىلار ئانىلارنى... چېقىشتۇرۇپ ئۆتۈشمەيدىغان ئۇيغۇرلار نەدە يوق؟ بالىلىرىنىڭ چېقىمى بىلەن بالىلارغا ئۆگەي مېھرىبان خوتۇنىنى قويۇۋېتىدىغان، ئۆزىگە ئۆگەي، ئەرگە ئۆز بالىلارنى دادىسىغا چېقىشتۇرۇپ كۈن بەرمەيدىغان، ئۇكىسىنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن ئاكىسى زىيان تارتىدىغان، بىر قوشنا يەنە بىر قوشنىسىنى، قورۇق نان يەۋاتقىنى پولۇ يەۋاتقان بۇرادىرىنى، چاپىنى كونىراقلىرى چاپىنى يېڭىراقلىرىنى، زىيان تارتىۋاتقانلار پايدا ئېلىۋاتقانلارنى... چېقىشتۇرۇپ تۇرمايدىغان ئۇيغۇر ئارىسى نەدە يوق؟

بىزدە چېقىمچىلىقىمىزنى سۈرەتلەيدىغان «ئىككى دوست» ناملىق مۇنداق بىر ئىبرەتلىك تۇرمۇش خاتىرىسى بار. «بىر مۇساپىر جان بېقىش ھەلەكچىلىكى بىلەن جاھان كېزىپ يۈرۈپ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى بويلىرىدىكى خىلۋەت بىر جىلغىدىن بىر كونا ئالتۇن كېنى تېپىۋاپتۇ. ئىشلەپ مىڭ مۇشەققەتتە بىر نوكچا ئالتۇن ئاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بىرسى

ئۇقۇپ قىلىپ، دەرھال ئامبالغا چىقىپ قويۇپتۇ. كېيىن قارىسا، چىقىپ قويغىنى دەل ئۆزىنىڭ ھەقەمسايىسى - كونا دوستى بولۇپ چىقىپتۇ.

- نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ ئالتۇن تاپقىنى ئۇنىڭدىن. ئۇ:

- سەنمۇ ئالتۇن كان تېپىۋاپسەن، مەن جېنىمنى باقالماي يۈرىمەن. سېنى چاقماي نېمە ئىش قىلىمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كېيىن ئامبال ئالتۇن تاپقاننى كاننى بىلىۋالدى دەپ، چىقىشتۇرغاننى كاندىن خەۋەر تاپتى دەپ، ھەر ئىككىلىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئالتۇن كاننى ئېلىۋاپتۇ. ساڭمۇ، ماڭمۇ يوق بوپتۇ...» (مۇئەللىپنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993 - يىللىق 5 -، 6 - سانى (قوشما سان) غا بېسىلغان «تارىختىكى مىجەز نۇقسانلىرىمىز» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. مۇھەررىردىن).

مەن كىمدۇ بىرسىنىڭ: «قەيەردە ئەقىل يېتىشمەيدىكەن، ئۇ يەردە ھەممە نەرسە يېتىشمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى دائىم ئەسلەيمەن. ئۆزۈڭ تاپالمىساڭ، خەق تاپقاننى كۆرەلمەي رىسقىغا توپا چاچساڭ، سېنىڭ ئادەملىكىڭ نەدە؟

بىز 1960 - يىللاردا - ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا «جازا» مۇددىتىنى ئۆتەپ يۈرگەن يىللىرىمىزنىڭ بىر مەزگىلىدە بىر قېتىم خالىس چىقىمچىلارنىڭ قاتتىق چېقىمىغا ئۇچراپ، ھاياتىمىزدىن ئايرىلغىلى تاس - تاماس قالغانىدۇق. بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: بىز تۆت نەپەر «سىياسىي مەھبۇس» بىزنى ئۆزگەرتىۋاتقان كادىر - ساقچىلارغا يالۋۇرۇپ مىڭبىر تەسلىكتە مەيدانىمىزغا سۇ كېلىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپىدىكى قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغان 100 مو يەرنىڭ ھوسۇلىنى پەرۋىش قىلىش ئەمگىكىنى قولغا كەلتۈرگەنىدۇق. بۇنىڭدىن بىرگە بولىدىغان نەپ: بىرىنچىدىن، ھەر كۈنلۈكى ساقچىنىڭ ھەيدەپ يۈرۈپ ئىشلىتىشىدىن، «باۋگاۋ (دوكلات) بەنجاڭ، تەرەتكە بېرىۋالاي» دېيىشتىن قۇتۇلۇپ تۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، قوشۇمچە يېمەكلىك تېپىپ يەپ قورساقنى گوللاپ تۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، قوغۇن - تاۋۇز پىشقاندا كۆرسەتمەي ئاز - تولا ئېغىز تېگىپ تۇرۇش؛ تۆتىنچىدىن، بىر نەچچە ئاي بولسىمۇ، ئوغرى، قاتىل، لۈكچەك جىنايەتچىلەردىن چەتتىرەك ئۆتۈش؛ بەشىنچىدىن، ئائىلىمىزدىن يوقلاپ بارغانلار بىلەن ئەركىنرەك كۆرۈشۈۋېلىش ئىدى. بىز تىرىشىپ ئىشلەپ ھوسۇلنى ياخشى ئۇخشاتتۇق. ئالدىغا ئېغىز تەگدى. ئالدىراپ - سالدىراپ چالا پىشقان قوغۇندىن ئىككىنى تاللاپ ئۈزۈپ يەۋەتتۇق - تە، ئۇرۇق - شاپاقلىرىنى ئۆستەڭگە ئاققۇزۇۋېتىپ، يېمىگەن - كۆرمىگەن بولۇشۇۋالدۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن ئىككى ساقچى بىز سۇغا تاشلىۋەتكەن شاپاقتىن بىر نەچچە پارچىنى كۆتۈرۈپ كەلدى - دە: «قوغۇننى كىم يېدى؟» دېگەن قىيىن قىستاقنى باشلىدى. بىز پەقەت يېمىگەن بولۇۋالدۇق. «سۇدا ئاياغقا ئېقىپ بارغان شاپاق نەدىن تاشلاندى؟ بۇ مەيداندا بۇ يەردىن بۆلەك ھېچيەردە مولۇق يوق. ئۆستەڭنىڭ بېشىمۇ دەل مۇشۇ قوغۇنلۇقنىڭ يېنىدىن باشلىنىدۇ... ئوغرىنى چىقىرىش...» دەپ قاتتىق سىياسەت قىلدى ساقچىلار. لېكىن: «بىز يېمىدۇق، بىلمىدۇق...» دېيىشىپ تېنىپ قەتئىي يېقىن كەلتۈرمىدۇق. كېيىن بىلدۇقكى، ئاياغدا سۇ تۇتىدىغان ئۈچ ئۇيغۇر جىنايەتچى بۇ شاپاقلارنى سۈزۈۋېلىپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن «قوغۇننى ئوغرىلاپ يەپتۇ» دەپ چېقىپ قويۇشقانىكەن. بىز نېمىلا بولمىسۇن قوغۇن - تاۋۇز بېقىشنى قولدىن بەرمىدۇق. قورساق ئېچىپ بولمىغاندا، ئېيىنى كەلتۈرۈپ قوغۇن - تاۋۇزلاردىنمۇ ئاز - تولا يېگەچ تۇردۇق. يېگەنلا قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ ئۇرۇق - شاپاقلىرىنى ئۇدۇللۇق يەرگە كۆمۈۋەتتۇق. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا بىز كۆمۈۋەتكەن ئۇرۇقلار ئۈنۈپ كۆكلەپ چىقىپتىكەن، بىلمەپتۇق، ئۈچ ئۇيغۇر جىنايەتچى سۇ تۇتقاچ بۇ مايسىلارنى كۆرۈپ قېلىپ كادىرلارغا كۆرسىتىپ بىزنى يەنىلا چېقىشتۇردى. بۇ قېتىم قىلتاقتا چۈشۈپ تۇتۇلىمىز «ئۇگچى - مىللەتچى» دېگەن قالپاققا «ئوغرى» دېگەن يەنە بىر قالپاقنى قوشۇپ كىيدۇق. قوغۇنلۇقنى بەش نەپەر خەنزۇ جىنايەتچى ئۆتكۈزۈۋالدى. رەھمەتلىك دوستىمىز T ئەپەندىگە بىر يىللىق، ماڭا بىر يېرىم يىللىق. قالغان ئىككىيلەنگە ئالتە ئاي ۋە توققۇز ئايلىقتىن جازا مۇددىتى قوشۇلدى. «تەشكىلگە راست گەپ قىلمىغان، دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن، تەكرار - تەكرار جىنايەت سادىر قىلغان، ياۋاش، مۇلايىم ئەمەس...» دېگەن «گۇناھ» بىلەن باغلاق، تاياق دېگەننىڭ دەردىنى ئۆلگۈدەك تارتتۇق... سۇدىن شاپاقنى سۈزۈۋالغانمۇ ئۇيغۇر، مايسىنى كۆرۈۋالغانمۇ ئۇيغۇر. بىزگە چاتاق تاپقاننىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ بىز بۇرۇن تونۇمايتتۇق، ئۇلارمۇ بىزنى تونۇمايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار نېمىشقا بىزنى تاياققا قويدى، جازا مۇددىتىمىزنى ئۇزارتقۇزدى؟ توۋا دېگۈلۈك!

«دەپ قويۇش»، «كۆرسىتىپ قويۇش»، «غاجاش»، «يېغىرىنى ئېچىۋېتىش»، «مېزىنى چۇۋۇۋېتىش»... دېگەندەك ناملار بىلەن تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان چېقىمچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ خاپىلىق تارتمىغان ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىش مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىمدىن قاغىلىقلىق xx ئەپەندى مۇشۇ ھەقتە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ ماڭا مۇنداق دېدى: «خوتۇنۇم قازا قىلىپ كېتىپ سەككىز بالا بىلەن بىر نەچچە يىل تىرىكچىلىك قىلدىم. بولمىدى.

ئوبدان بىر لايىق تېپىپ ئۆيلەندىم. ئۇ بىچارە، بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئانىسىدىنمۇ ئەتىۋارلاپ ئوبدان خەۋەر ئالدى. 10 يىللىق ئۆمرىنى شۇ بالىلارغا ئاتاپ ئۆتتى. لېكىن بالىلار چوڭ بولغانسېرى ئۇ خوتۇننى چېقىشتۇرۇپ: «ئانام ئۇتقان چىنىنى سۇندۇرۇۋەتتى»، «ئانام ئۇتقان ساندۇققا قۇلۇپ سېلىۋالدى»، «دادىمىزنىڭ تاپقىنىنى خەجلەپ كەتتى»... دېگەندەك گەپلەرنى توختاتمىدى. «پالانچى بىلەن قاراڭغۇدا كۇسۇرلاشتى»، «پالانچىنى ياخشى كۆرىدۇ»، «دادام يوق ۋاقىتتا $xx$ بىلەن بىللە مۇڭداشتى» دېگەندەك گەپلەرنى يۇرتقا يېيىۋەتتى. ئاخىر بالىلارنىڭ چېقىمى بىلەن خوتۇننى قويۇۋەتتىم. كېيىن ئىككى ئۆيلەندىم. ئۇنىمۇ بالىلار چېقىشتۇرۇپ يۇرتتا تۇرغۇسىز قىلىۋەتتى-دە، ئاخىر ئىككىلىسى بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم... بالا بېقىش، تاپقىنىمنى بالىلارغا ئاتاش بىلەن خۇددى ئەرۋاھتەك يالغۇز، چۈشكۈن ئۆتۈۋاتىمەن. قېرىغاندا يالغۇزلۇقتىن ئۆلۈم ياخشىراقكەن...»

دەرۋەقە شۇنداق. بالا دېگەن بالا، تۇرمۇش دېگەن تۇرمۇش. تۇل قالغان ئانا، دادىغا نىسبەتەن بالا تۇرمۇش بولمايدۇ، تۇرمۇشمۇ بالا بولمايدۇ-دە. يالغۇزلۇق گۆردىلا ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇرادەر $xx$ ئەپەندىنىڭ چېقىمچى بالىلىرىدەك، دادىسى ياكى ئانىسىنىڭ ئەبەدىي تۇل-بويتاق ئۆتۈشىنى تىلەيدىغان بالىلار جەمئىيىتىمىزدە ئازمۇ؟ تارىختىن بۇيان بىزدە تۈگىمەي كېلىۋاتقان ئىككى تۇرمۇش نەسلىكى-1. قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى، 2. ئۆگەي بالا بىلەن ئۆگەي ئانا-دادا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت-مانا شۇنداق تۇرمۇش چېقىمخورلۇقىدىن يۇغۇرۇلغان رەزىل ئەنئەنە ھازىرمۇ مەۋجۇتقۇ؟ جاھالەتچىلەر زامانىدا ئىچكى چېقىمخورلۇقىمىزدا بىۋاقىت ئالەمدىن كەتكەن، ئۆتمۈش زىندانلىرىدا قانغا مىلىنىپ ئازاب چەككەن، يېتىم قالغان، خورلانغان، سەرگەردان بولۇپ كەتكەن، بارلىقىدىن ئايرىلغان.. ئۇيغۇرنىڭ جەددە پۇشتى نەدە يوق؟ دوستىنى، بۇرادىرىنى ھەتتا تۇغقان-يارەنلىرىنى چېقىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگەن، بەگ-پاششالارغا چېقىشتۇرمىغان ئۇيغۇر بوۋىسى نەدە يوق؟ ئۇستازىنى، ئاق سۈت بەرگەن ئانىسى ھەتتا مېھرىبان دادىسىنى چېقىپ تۇتۇپ بەرمىگەن ئۇيغۇر «مۇرىت» بوۋام يوق يۇرتمۇ بارمىدۇ؟

بەزىلەر: «ئۇيغۇرلارنى ئاللا ياراتقاندا «كوچىلاش، قا ياراتقان»، «ھەر بىرىگە بىردىن «كوچىلاش ياغىچى» تۇتقۇزۇپ ياراتقان»، «ئۇيغۇر بار يەردە چېقىم بار»، «چېقىمخورلۇق ئۇيغۇرنىڭ ئادىتى»... دېگەندەك ئەپسۇسلۇق سۆزلەرنى زوقلىنىپ ئېيتىشىپ ئۆتمۈشتىكى بىر مەزگىللىك جاھالەتچىلىك تارىخىمىزنى بىزگە ئەگەشتۈرۈپلا ئەكېلىشىۋاتىدۇ. بۇ بىر پىغانلىق ئىزاھات، ئەلۋەتتە. جاھالەتچىلىك تارىخىمىزنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى ئەمەس، پەقەت ئۇن مىڭدىن بىر قىسقا ئارىلىق مۇساپە ئىكەنلىكىنى ئەسلىگىنىمىزدە بىر مەزگىللىك بۇ خىل يۇقۇندى نىجاسەتتىن سەسكەنمەي تۇرالمايمىز-دە.

بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىز ھازىرمۇ چېقىمچىلىقنى: «يامان بولىدۇ»، «گۇناھ بولىدۇ»، «ئادەم چاققان ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ...» دېيىشىدۇ-سۆزلىشىدۇ-يۇ، لېكىن تۇرمۇش ئىرىكچىلىكىدە ئۇنى جەمئىيەت خاراكتېرلىك قارىلاپ، چەكلەپ تۈگىتىشكە ئىنچىك كۆڭۈل بۆلۈشمەيدۇ. «ھەمراھ ئەيىب»، «كۆنگەن خوي»، «ئادەت»، «كۆلەڭگە ئۇقۇم» سۈپىتىدە تاشلىماي ئۆتۈشۈۋېرىدۇ. «ئۇيغۇر بار يەردە كوچىلاش بار»، «يىغىرنى ئىچىش بار»، «مىغىزنى چۇۋۇش بار» لار بار، تۈگىمەيۋاتىدۇ. «يامان بولىدۇ»، «گۇناھ بولىدۇ»... دېيىشىپ تۇرۇپ گەپ توشۇيدىغان، ئادەم چاقىدىغان مۆھتىرەم يارانلىرىمىز سەممىگە ئۇزاق-ئۇزاق تارىخىمىزنىڭ مەغرۇرى زامانلىرىدىكى ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇنۇ قىممەتلىك ۋەسىيەتنامىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىجا قىلىمىز.

«... بەتنىيەتلىكتە گەپ توشۇغان چېقىمخور... تۇزكور... غا يان باسقان، بولۇشقان ئەۋلادتىن، دوست-ياراندىن تېنىپ كەتمەكلىك، قاچماقلىق پەزىلەتتۇر ۋە ئەڭ ئالىي مۇسۇلمان ساۋابىدۇر. يەر يۈزىدە چېقىمچىنىڭ.. كۆلكىسىنى ئاڭلاشتىن ئېغىر ئازاب، گۇناھ، ئەلەم يوقتۇر. ئۇنى كۆرمەك بەتبەخلىقتۇر. ئەي ئاموخاس... چېقىمچىلارنى يەكلەڭلار، ئۇلارغا تۇغقان بولماڭلار، دۇئا قىلماڭلار، دۇئا ئالماڭلار. ئۇلار يۈرگەن يولغا كىرمەڭلار. ئۇلارنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان زاراتگاھلىققا جەسەت قويماڭلار... ئۇلارنىڭ تۇۋىسىغا ئىشەنچ قىلماڭلار. ئۇلارغا ھۆرمىگەن شىكار ئىتلىرىنى قىرىپ تاشلاڭلار. ئۇلارغا ھومىيۇش، تۇكۇرۇش.. ھەر بىر ۋىجدانلىق، راۋۇرۇس ئىنسان ھەم مۇسۇلماننىڭ ۋىجدان-ئىمان قەرزىدۇر... ئۇلارنى رەسۋا قىلماق، ئۇنىڭ ئىپلاس قەدىمىنى پاك زېمىندىن يوقاتماق ھەر بىر ئىنسانغا تاڭلا مەھشەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ساۋاپ-ئىككىلا ئالەملىك شۆھرەت، ئانا سۈتىگە جاۋاب، ئەل-يۇرتقا تۆھپە ھېسابلانغاي... چېقىمچى ئاللانىڭ غەزەپ، بەندىنىڭ نەپرەت ئوچىقىدۇر (مۇئەللىپنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988-يىللىق 5-سانىدا ئېلان قىلىنغان «سەئىدىيلەر زامانىدىكى مىللىي ئەخلاق ۋە مەنىۋى كەيپىيات» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ. مۇھەررىردىن). (M1)

## بىزدىكى ئەبگارلىق تەكلىماكانى



# ھۇرۇنلۇق ۋە شۇكرىۋازلىق

ھۇرۇن ئادەم يەرگىمۇ يۈك.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

بۈگۈنكى دۇنيادا مۇھتەرەم سانىلىۋاتقان ھەر قايسى مىللەتلەردە تۈرلۈك دەرىجىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر بۈيۈك ئورتاقلىق بار، ئۇ بولسىمۇ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئىشچانلىق، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئادەتتىكى ئىش - ھەرىكەتلىرىدىنمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئەمگەكچانلىق ۋە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بىزدىكى ئەبگارلاردا ئەپتىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بىر ئىشنى ئۆزى قول تىقىپ قىلماسلىق، ئۆزى كاللا قاتۇرۇپ ئىزدەنمەسلىك، ئۆزى ئىشلىمەي تۇرۇپ، ئىشلىگەننى تېخى كۆرەلمەسلىك، ئىزدەنگەنگە ھەسەت قىلىش، ئۆگىتىپ قوياي دېسىمۇ ئۆگەنمەسلىك، ئەۋزەل شارائىت ۋە قانۇنىي ئىمتىيازدىن پايدىلانماي ياكى پايدىلىنالماي، ھامان پاسسىپ ئورۇندا قېلىش، چىدامسىزلىق، ئىرادىسىزلىك قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ھۇرۇنلۇق ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن يېغىپ تۇرىدىغان تەييارتاپلىق كىشىنى «ئەستاغپۇرۇللا» دېگۈزىدۇ. بۈگۈنكى، مۇشۇ مىلادى 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا، ھەر يىلىنىڭ بېشىدا، ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىدىكى ئادەم تېرىسىمۇ ھايال بولماي ئۈنگۈدەك قارا چىلان توپىلىق ئۈنۈملۈك زېمىنىنىڭ تېرىقچىلىقىنى ئۆزى گۈل چىقىرىپ قىلماي ياكى قىلالماي، ئۇنى ئىچكىرىدىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرگە ئىجارىگە بېرىۋېتىپ، ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئالغان پۇلنى يېرىم يىلدىلا خەجلەپ ئۈگلەپ بولۇپ، يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئاشۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەمچىلىرىگە مەدىكار بولۇپ ئىشلەۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىنساننىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئەلەملىك ئاقىۋىتى مىسال بولالايدۇ.

تارىخىي پاكىتلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، ھۇرۇنلۇق ئۇيغۇرنىڭ خاراكتېرىدىكى تۇغما ئىللەت ئەمەس. چۈنكى، ئۆز زامانىسىدا، قەلئە سوقۇپ، شەھەر بىنا قىلىپ، جاھان سورىغان ئۇيغۇر ئەسلىدە ھۇرۇن مىللەت ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتى ئەسلىدە ئىشچان، تىرىشچان ۋە ئەمگەكچان مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ تارىختا شانلىق ئۇيغۇر خانلىقىنى، ئىدىقۇت خانلىقىنى ۋە بۈيۈك قارا خانىيلار

سۇلالىسىنى بەرپا قىلالىغان. شۇنداقلا، بىزنىڭ بۇ زامانىمىزدىمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى بارلىققا كەلتۈرەلىگەن. ئۇنداق بولسا، بۈگۈنكى زامان بىر قىسىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەبىئىتىدىكى شۇ قەدەر ئېغىر دەرىجىدىكى ھۇرۇنلۇق ئىللىتى زادى قەيەردىن كەلگەن؟ بۇ مەسىلىنى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ۋە پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىپ، ئىللەتنىڭ تۈگۈن يىلتىزىنى تېپىپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى تۈزىتىش ۋە تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنى قىلىشىمىز لازىم.

مېنىڭچە، بۈگۈنكى خېلى بىر بۆلەك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھۇرۇنلۇق ئىللىتىنى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئەقىدە چۈشەنچىسىدىكى زەئىپلىك بىلەن تۇرمۇش پەلسەپىسىدىكى نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئومۇمىيەت جەھەتتىن مۇسۇلمان مىللەت سانىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۈپ ئەقىدىسى يەنىلا ئىسلام ئەقىدىسىنى يادرو قىلىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئالەم ۋە ئادەم، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق قارىشىنى ئومۇمەن ئىسلام تەلىماتلىرى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، كېيىنكى چاغلاردا، ئىسلام ئەقىدىلىرى سىياسەتۋاز ئۆلىمالار تەرىپىدىن زور دەرىجىدە پۈچەكلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن، ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا يارالمىش بىر ئىنسان بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي دەرىجىدىكى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ئىرادىسى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلىنغان؛ خەلقنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆزلىرى يېڭىلىق يارىتىپ ئىجادىي ياشاش روھى بوغۇپ قويۇلغان.

ھەممىمىز بىلىمىز، «ئىسلام» نىڭ تۈپكى مەنىسى «بويسۇنۇش» بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇخلىسلىرىنى ئۆز ئېتىقادىدىكى ئىلاھ - ئاللاھقا شەرتسىز بويسۇنۇشنى تۈپ مىزان قىلىدۇ. دۇرۇس، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق ئەقىدىسىدىكى «بويسۇنۇش» ھېچقانداق بىر يارالمىش بەندىگە بويسۇنۇشنى كۆرسەتمەيدۇ. بىراق، ئەمەلىي تۇرمۇش سورۇنىدا، ھېلىقى ئۆز ئىمتىيازى ئۈچۈنلا ئويلايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي نەپسىنىلا كۆزلەيدىغان بىر قىسىم ئاتالمىش ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت، ئەمرىمەرۇپلىرىدىكى «بەندىنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ»، «ئاللاھ ئۆز بەندىسىنى ئاچ قويمايدۇ»، «كەمبەغەللىك ۋە كېسەللىكنىمۇ ئاللاھ مېنى دائىم ياد قىلىپ تۇرسۇن، دەپ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرىگە بېرىدۇ»، «ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۇنيالىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيالىقىنى بەرگەن» دېگەنگە ئوخشاش بولمىغۇر ۋە ھېچقانداق بىر كلاسسىك ئىسلام دەستۇرلىرىدىن ئېنىق شاھادەت كۆرسىتەلمەيدىغان بىمەنە تەرغىباتلار ئاخىرقى ھېساپتا، خەلقنىڭ تۇغما ئېڭىدىكى يېڭىدىن يېڭى تۇرمۇش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچانلىق، ھەمىشە ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتىش، ئۆز كۈنىنى ياخشىلاشنىڭ كويىدا بولىدىغان تىرىشچانلىق روھىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھايات مۇساپىسىدە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىپ، بۇ ئالەمدىكى كونكرېت ھالاۋەت ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلىش پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى ۋە مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى دەپ بىلمەيدىغان، ئەكسىچە، ھەممىدە «ئىلاھ» قا يۆلىنىۋېلىپ، «خۇدايىم بېرىدۇ» دەپ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغان. ئاپتورنىڭ سەممىي قارىشىچە، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، مىللەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىسلام ئۆلىمالىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى پۈچەكلەشتۈرىدىغان ساختىپەزلىكلەرنى ئۆزلىرى توغرىدىن توغرا ئەيىبلىشى، كومپارتىيە دىنىي سىياسىتى يول قويغان دائىرىدە ئادىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ھەقىقىتىنى كەڭ پۇقرالارغا ئەينى بىلەن چۈشەندۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئېڭىدا كۈچلۈك ۋە بىجىرىم بولغان پاك ئەقىدە قارىشىنى تىكلەشكە تۆھپە قوشۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھازىرقىدەك ئۆزىنىڭ دىنداش قېرىنداشلىرى ياتىدىغان گۆرنىمۇ پۇل بېرىپ يات دىندىكىلەرگە كولىتىدىغان ھۇرۇنلارنىڭ تەييار تاپلىق ۋە زەئىپ ئەقىدە ئىدىيىسىگە ئەجەللىك زەربە بەرگىلى ۋە ئۇلارنىڭ ئەبگارلىق كېسىلىنى ئاداققىي شىپاغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

«بۈگۈن قورسىقىم تويسىلا بولدى، ئەتىگە خۇدايىم بار» - بۇ، ھۇرۇنلارنىڭ تۇرمۇش دەستۇرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەبجەق ۋە نامرات جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى.

بۇ ئالەمنىڭ زامان كاتېگورىيىسى تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىنى يادرو قىلغان ۋاقىت ئوربىتىسىنى دەۋر قىلىش بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا تۈنۈگۈندىن كەلگەن، يەنى تۈنۈگۈن بۈگۈننى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۈگۈننى تۇغقان ئانا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تولىمۇ قەدىرلىك. تۈنۈگۈن دېمەك ۋاقىت ئېتىبارىدىن ئۆتمۈشتۇر. ئىشچان ئۇيغۇردا: «ئۆتمۈشۈڭنى ئۇنتۇما، شور چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دەيدىغان ماقال بار. بۇ - بۈگۈنكى پاراۋانلىقنى يارىتىش

ئۇچۇن تۇنۇگۇن ئېلىپ بېرىلغان ئەمگەكلەرنى، بۈگۈنكى پاراغەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن تۇنۇگۈن تەر تۆككەن ئەمگەكچىلەرنى ئۇنتۇماسلىقنى چۈشەندۇرىدۇ. بىراق، ھۇرۇنلار ئۇنتۇغاق كېلىدۇ. ئۇلار تۇنۇگۈننىڭ قۇياشى تاغنىڭ كەينىگە چۆكۈشى بىلەن تەڭلا، ئاشۇ تۇنۇگۈنكى جاپالىق ئەمگەكلەرنى، تۇنۇگۈنكى كۈرەشچان ئەجدادلارنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ شۇ دەرىجىدە ھۇرۇن بولۇشى ۋە ھۇرۇنلۇقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇنۇگۈننى، تارىخنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن بولغان.

بۈگۈن يېڭى، بۈگۈن رېئال، بۈگۈن نەق. شۇڭا، ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك. بۈگۈن بولمىسا تۇنۇگۈن يوق ئىدى. ئەتىمۇ مەۋجۇت بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈننى تولىمۇ قەدىرلەش كېرەك. دەرۋەقە، ھۇرۇنلار بۈگۈننى قەدىرلىمەيدۇ ئەمەس، بەلكى تازا قەدىرلەيدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بۈگۈننى قەدىرلىشى ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىسى بويىچە باشقىچە بولۇپ، ئەمگەكچان ئادەملەرنىڭ بۈگۈننى قەدىرلىشى بىلەن تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. يەنى ئىشچان ئادەملەر بۈگۈننى تۇنۇگۈنكى ئەمگەكنىڭ ھاسىلى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئەتىكى تۇرمۇش بىناسىنىڭ ئۇل - ئاساسى يۇكسەكلىكىدە تونۇپ قەدىرلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۈگۈنكى نېمەتكە قول ئۇزىتىشتىن بۇرۇن، شۇ نېمەت قىممىتىگە باراۋەر ئەمگەكنى ئاڭلىق قىلغاندىن باشقا، ئەتىكى كۈننىمۇ كۆزدە تۇتۇپ، ئەتىكى تۇرمۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەمگەكلەرنى تەر ئاققۇزۇپ قىلىدۇ. ھۇرۇن ئادەملەر بولسا، «تۇنۇگۈننى كىم كۆرۈپتۇ»، «ئەتە بىز بارمۇ - يوق، خۇدا بىلىدۇ» دېيىشىپ، ھامان تەييارغا ھەييار بولىدۇ. بۈگۈنكى نېمەتنى بۇزۇپ - چېچىپ، قوينۇم ئوغرى - قۇنجۇم ئوغرى قىلىپ قارنىغا تىقىشنىلا بىلىدۇ، ئەتە ئۈچۈن بولسا ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ئىشچان، ئەمگەكچان ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەتە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە ئارزۇ - ئارمانلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان تەڭداشسىز گۈزەل ۋە مىسلىسىز جەزبىلىك كۈن. ئەتە دېمەك ئىستىقبال دېمەك، غايە دېمەكتۇر. ئەتىنى كۆزلەش، غايىلىك بولۇش بۈگۈنكى زامان مەدەنىي ئادەملىرىنىڭ يۈكسەك پەزىلەتلىرىدىن بىرى. بىراق، ھۇرۇن ئادەملەردە غايە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ناماز شام قارىغۇسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلب كۆزى ئەتىنىڭ پارلاق قۇياشىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئەتە ئۈچۈن ئىشلەش، كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھۇرۇنلار ئۈچۈن بەجايىكى «بىكاردىن بىكار ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۆزى زۇلۇم سېلىش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىراق، ئەمەلىيەت شۇكى، سەن ياشاۋاتقان بۈگۈنكى بۇ يۇقىرى دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتتە، بۈگۈن سەن بەھرىلىنىۋاتقان ھەر قانداق بىر نېمەت تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، سېنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەجدادلار ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتى. دېمەككى، سەن بۈگۈن يەۋاتقان نان ئاددىي ھالدىكى ئىككى تەڭگە پۇلنى تۆلەش بىلەنلا ئاپىرىدە بولۇپ قالغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ سەن بىلەن ھاياتلىقتا مۇساپىداش بولغان باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سېنىمۇ كۆزدە تۇتقان ھالدا، تەر تۆكۈپ قىلغان ئەمگىكىنىڭ سەمەرىسى. ھالبۇكى، سەن بۈگۈننىڭ ھالاۋەت قوينىدا ئۈزۈپ، بۈگۈننىڭ مەئىشەتلىرى بىلەن قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ كېكىرىپ يۈرگەن ۋاقتىڭدا، ئەتىنى ئويلىشىڭ، ئەتە ئۈچۈن خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا كۈچ سەرپ قىلىپ ئەمگەك قىلىشىڭ لازىم. ئەگەر سەن ئەتىنى ئويلىساڭ، ئەتە ئۈچۈن ئەمگەك قىلساڭ، ئەتىنىڭ قۇياشى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ھەممە ئادەم ئالدىدا سېنىڭ يۈزۈڭمۇ يورۇق بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر سەن ئەتىنى ئويلىمىساڭ، ئەتە ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ ئەمگەك قىلمىساڭ، ئەتىنىڭ نېمەت داستىخىنى سېلىنغان چاغدا، سېنىڭ يۈزۈڭ تەھقىق چورۇق بولىدۇ.

دەرىخا، زاكون - غۇ شۇنداق. بىراق، ھۇرۇن ئادەملەر تۇنۇگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىدىن ئىبارەت مۇشۇ كىشىلىك ھاياتتىكى تەبىئىي ۋاقىت لىنىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئەقىدە، ئىخلاس ۋە «ئەمگەك» ماركىلىق خاسىيەتلىك رىشتە بىلەن مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا ھۇرۇنلۇقىدىن ئۇنى چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بۈگۈن پەيزىنى سۈرۈۋاتقان مەئىشەتنى غايىبانە ئامەتتىن دەپ بىلىدۇ. ئەتىكى كۈننى تەقدىرگە ياكى قىسمەتكە ئامانەت قويۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئەتە نېمە كۈننى كۆرسە پەرۋايى پەلەك. ھەتتا، بۈگۈنكى ھالاۋەتنىڭ ئەكسىچە، ئەتە ئۇ ئەڭ نەس كۈن - جاھالەتنى كۆرسىمۇ، «شۈكۈرە دېدىم، شۈكۈرە!» دەپ قويۇپ يۈرۈۋېرىدۇ.

شۈكرىۋازلىق - ھۇرۇنلۇقنىڭ ھىمايە سايىۋىنى. ھۇرۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ لەنىتى ھۇرۇنلۇقىنى مەزكۇر سايىۋەننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، «شۈكۈرە - قانائەت قىلىش، سەۋرچانلىق» دەپ پەدەزلەيدۇ. دۇرۇس، ئىسلام تەلىماتلىرى ئىچىدە، «ئىنسان شۈكۈرە - قانائەت قىلىشى، سەۋرچان بولۇشى لازىم» دەيدىغان بىر ماددىمۇ بار. بىراق، ئەسلىدە، ئىنسانىي

تۇرمۇشنىڭ ئىمكانىيەت چېكىدىن ھالقىغان
ھالدىكى خىيالىي دۇنيانى قوغلىشىدىغان ئەسەبىي
قارانىيەتچىلىككە قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان توغرا
تەلىمات «شۈكرىچان، سەۋر - قانائەتچان بولۇش»
كېيىنكى چاغلاردا پۇچەكلەشتۈرۈلۈپ، نورمال
ئۆلچەكتىن نەچچە غۇلاچ تۆۋەن بولغان ئەڭ
مىسكىن ھالەتكىمۇ باش ئېگىپ تازىم بىلەن
تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان شۈكرىۋازلىق
ئىللىتى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلغان.
نەتىجىدە، بىزدىكى ئەبگارلار بۇ ئىللەتنى
تىرىشىپ ئۆزىنىڭ ھورۇنلۇق تومىقىغا
تىكىۋالغان ۋە ئۇنى تەييارتاپ گەۋدىسىگە زۇننار
قىلىپ ئېسىۋالغان.

ئەگەر بۇ دۇنيادا بىر مىللەتنى بىھۇدە
ئاسسىمىلياتسىيە قىلدۇرۇۋېتىدىغان ۋە ۋاقىتسىز
پاجىئەلىك ھالدا يوقىتىۋېتىدىغان بىر ئەجەللىك
ئىللەت بار دېيىلسە، ئۇ دەل ھورۇنلۇق
ئىللىتىدۇر. ئەگەر بۇ دۇنيادا بىر ئادەمنى نورمال
ئىنسان سىياقىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ۋە ئۇنى
ئىنسانىي خوجايىنلىق سالاپىتىدىن قىلچە ئىز -
ئەسەر يوق، ھەمىشە ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپلا
يۈرىدىغان پاسسىپ مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ
قويىدىغان بىر ئۇسال ئىللەت بار دېيىلسە، ئۇ دەل
تەييارتاپلىق ئىللىتىدۇر. ھالبۇكى، پەقەت
ھورۇنلۇقتىن قول ئۈزگەن، ئىشچانلىق،
تىرىشچانلىق ۋە ئەمگەكچانلىق بىلەن ئۆزىگە
تۇرمۇش يولىنى تۈزگەن ئادەملا بۇ ئالەمنىڭ
پەيزىنى سۈرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ مىسلىسىز لەززەت -
ھالاۋىتىنى كۆرەلەيدۇ. قاراپ باق، بۇ دۇنيا نېمە
دېگەن رەڭدار، نېمە دېگەن قوۋناق. ئىنسان
تۇرمۇشنى تېخىمۇ راھەت، تېخىمۇ يارقىن،
تېخىمۇ گۈزەل قىلىش ئاداققىي مەقسەت قىلىنغان
يېڭىلىقلار، ئىجادىيەتلەر، مۆجىزىلەر ھەر كۈن،
ھەر سائەت، ھەر ماكان، ھەر جايدا، ھەتتا سېنىڭ
بۇرنۇڭنىڭ ئاستىدىلا تۇشمۇ تۇشتىن بارلىققا
كەلمەكتە. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ھەر يىلى
مىليونلاپ ئىشلەمچىلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا ئىككى قولىنى
سىلىپلا كېلىپ، باش باھاردىن كەچ كۈزگىچە،
يەر تېرىشتىن تارتىپ يەر سۈپۈرۈشكىچە بولغان
خىلمۇ خىل ئەمگەك، تۈرلۈك - تۈمەن پائالىيەتلەر
بىلەن شۇغۇللىنىپ، چاغان ھارپىسىدا ھەميانلىرى
توم - توم ھالدا قايتىشماقتا. بۇ ئالتۇن دىيارغا
ئۇسقىنى چۈشۈپ قالغانلىرى بىر - ئىككى يىلدىلا
تۆت قاتلاپ بېيىپ، يېڭى كەلگەن چېغىدىكى
ساياقلىق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئەمدىكى
قوللىرىدا «داگېدا» تۇتقان، يەتتە قىتئەنىڭ
ھەممىسى بىلەن تەڭ سۆزلىشىپ يۈرگەن يېڭى
قىياپىتى بىلەن كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىپ يۈرىدۇ.

بۇ - نېمە؟! مانا بۇ - ئەمگەك، مېھنەت ۋە
تىرىشچانلىق، سېنىڭ ئالدىڭغا تىكلەپ بەرگەن
ئۈلگە. مانا بۇ - ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق ساڭا
كۆرسىتىۋاتقان نامايىش ۋە كۆرەك!

ھورۇنلۇق قورقۇنچلۇق ئىللەت: بىلگەن
ئادەمگە بىزدىكى ئەبگارلارنىڭ ھورۇنلۇقى شۇ
تاپتا، پۈتكۈل مىللەتكە كېيىن تولدۇرۇۋېلىش
قىيىن بولغان ئېغىر زىيان كەلتۈرمەكتە. ئۇنىڭ
بىۋاسىتە ۋە قاقشاتقۇچ تەسىرى ئۇيغۇرنىڭ ئالغا
كەتكەن باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان پەرقىنى
بارغانسېرى زورايتىۋەتمەكتە. ھالبۇكى،
شۈكرىۋازلىق پەرەنجىسى بىلەن نىقابلانغان
ھورۇنلۇق ئىللىتىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ
تاشلاش سېنىڭ، مېنىڭ، ئۇنىڭ - بىز
ھەممىمىزنىڭ تەخىرسىز مەجبۇرىيىتىمىز بولۇپ
قالدى. ھورۇنلۇقنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش
بىز ھەممىمىزنىڭ مىللەت ئالدىدىكى جىددىي
مەسئۇلىيىتىمىز بولۇپ قالدى!

سەن بىر خەلق كادىرسەن. ئەگەر سەن
ھورۇنلۇق ئىللىتىگە ئەسىر بولغان ئەبگار
بولمىساڭ، ئىشخاناڭنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋەرمەي،
نەزىر يەپ، ئولتۇرۇش كېزىپ يۈرۈۋەرمەي،
خەلقىڭ ھاجەتمەن ئەڭ جاپالىق ئەمگەك مەيدانىغا
بېرىپ ئۇلارغا ھەمدەم بولىسەن. خەلقىڭ ئېڭى،
ئويلايدىغىنى ۋە غېمى نەدە يۈرۈۋاتىدۇ، زاماننىڭ
تەرەققىيات رىتىمى، دۇنيانىڭ ئىلگىرىلەش
قەدىمى نەگە يۈرۈۋاتىدۇ بۇنى سېلىشتۇرۇپ،
ئوتتۇرىدىكى پەرقنى تاپىسەن. ئاندىن ئۇنى
مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورگانلاردىكى
يولباشچىلارغا، داھىيلارغا ئەينەن دوكلات قىلىپ،
چارە ئويلاپ، خەلقىڭ ئەمەلىي دەردىگە داۋا،
مەۋجۇت كېسىلىگە شىپا تاپىسەن.

سەن بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسەن. ئەگەر
ھورۇنلۇق ئىللىتىگە مۇپتىلا بولغان ئەبگار ئەپەندى
بولمىساڭ، باشقىلار يېزىپ تەييار قىلىپ قويغان
كىتابنى ئوقۇغۇچىلارغا ئەينەن ئوقۇپ بېرىشنىلا
بىلىدىغان تەييارتاپ بولۇپ ئولتۇرمايسەن، بەلكى
سەن ئۆزۈڭمۇ يازىسەن، ئىجاد قىلىسەن. شۇنىڭ
بىلەن بىر چاغدا، تەييارغا ھەييار بولىدىغان، جان
باقارمەن پاسسىپ ئوقۇتۇش ئۇسلۇبىنى ئەبەدىيلىك
چۆرۈپ تاشلايسەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوقۇتۇش بىلەن
تەتقىق قىلىشنى، ئوقۇتۇش بىلەن بوشاشماي
ئىزدىنىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز
ئەمەلىيىتىڭ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى كەلگۈسى
ئۈچۈن كۆپرەك تەپەككۇر قىلىدىغان جانلىق ۋە
مەنىلىك ھايات يولىغا دادىل باشلايسەن.

سەن بىر ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ
ئوقۇغۇچىسەن. ئەگەر سەن ھورۇنلۇق
ئىللىتىگە گىرىپتار ئەبگار ئەۋلاد بولمىساڭ،

سىنىپىنىڭ قارا دوسكىسىغا بەندە، ئاتمىش نومۇرغا قول داپەندە بولۇپ ئولتۇرۇۋەرمەيسەن. كوتۇپخانىلارغا بېرىپ كىتابنى يار تۇتىسەن. ئەقىل دەپتىرىڭگە ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش غايىسىنى پۈتىسەن. ئۇندىن باشقا، جەمئىيەتكە چىقىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىسەن. سەن ياشاۋاتقان بۇ زېمىن زادى قانچىلىك كېلىدۇ، تارىمنىڭ سۈيى قەيەردىن باشلىنىدۇ، زەرەپشاننىڭ سۈيى نەگە قۇيۇلىدۇ ئۆزۈڭ كۆرۈپ باقىسەن. ئىلى دەرياسىدا ئۆزۈڭ ئۈزۈپ كۆرىسەن. يورۇڭقاش دەرياسىدىن ئۆزۈڭ گۆھەر سۈزۈپ كۆرىسەن. بىلگىنكى، كىچىككىدىنلا ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش ئىنساندا ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق ئېڭىنى تۇرغۇزىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسى ئادەمنىڭ ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش قېنىنى جوش ئۇرغۇزىدۇ!

ھورۇنلۇق كالۋالىقنىڭ ھامىلىسى ئەمەس. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، كالۋالىق ھورۇنلۇقنىڭ تەبىئىي تۆرەلمىسى. بۇ ئالەمدە، ھېچقانداق بىر مىللەت تۇغۇلۇشىدىنلا تەبىئىي ئەقىللىك يارالغان ئەمەس، بەلكى ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق ئۇنى ئەقىللىك قىلغان. ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان كاللىسىدىكى پىكىرچانلىق، مۇلاھىزىچانلىقتىن كېلىدۇ. كىمنىڭ كاللىسىدا يېڭى - يېڭى پىكىرلەر كۆپ بولسا، شۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يېڭىدىن يېڭى پائالىيەتلەر، ئەمەلىي ھەرىكەتلەر جىق بولىدۇ. كىم پىكىرچان، تەپەككۇرچان بولسا، شۇنىڭ قەدىمى ئىتتىك، قولى ئەپچىل، ھەرىكىتى چاققان، ۋۇجۇدى كۈرەشچان بولىدۇ. بۇ دۇنيا پەقەت ئىش - ئەمگەك بىلەن گۈللىنىپ بۈگۈنكى مۇشۇ كۆركەم ۋە قايناق ھالغا كەلگەن. دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر مىللەت بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭلا مۆتىۋەرلىك تاجىنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن كىيىپ چۈشكەن ئەمەس. شۇنداقلا، ھەدېگەندىلا ھەممە تەلپۈنىدىغان مەدەنىي مىللەت تەختىگە ئولتۇرغانمۇ ئەمەس. ھازىرقى دۇنيادا، «سەن ئەمەس، مەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ يۈرگەن خېلى - خېلى مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆز زامانىسىدا، ئۆز ئەلىنىڭ ھورۇنلۇقى تۈپەيلىدىن ئەبگارلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا خارلىنىپ يۈرگەن چاغلىرى بولغان. ئۇلار پەقەت ۋاقتىدىلا ئويغىنىپ، ھورۇنلۇق چاپىنىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىشچانلىق، ئەمگەكچانلىق خىسلىتىنى يېتىشتۈرگىنىدىن كېيىنلا ئەقلى ئېچىلىپ، پەم - پاراسىتى بېيىغان ۋە ئاخىرىدا، كۈرەش ئارقىلىق بۈگۈنكى مۇشۇ ئەقىللىك، پەن - تېخنىكىدا ئىلغار، مەدەنىي مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغان.

ھورۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەننى تەدبىقلاپ ئەمەلىي ئەمگەككە قاتنىشىش. ئەگەر سەن ئۆگىنىشنى خالىساڭ، ئالدى بىلەن شۈكرىنۇزلۇق ئىللىتى ۋە بېكىنمە پىكرىڭنى، سەۋر - قانائەت قولۇپى ۋە ئېتىك تەپەككۇرۇڭنى ئاچ! قەدىناس مەھەللەڭنى، كونا ئورۇندۇقۇڭنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ئۇيان - بۇيانغا بېرىپ، باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىش - ئەمگەكلىرىنى كۆر. باشقىلار بىلەن ئۆزۈڭنى سېلىشتۇرۇپ كۆپرەك مۇلاھىزە قىل. ئاندىن، سېنىڭمۇ قولۇڭنىڭ پەنجىسى بەش بولغاندىكىن، يەڭ شىمايلاپ ئەمەلىي ئەمگەككە قاتناش. ناۋادا، مۇئەييەن بىر ئىشنى قىلىپ مەغلۇپ بولساڭ، بەلكىم بىر ئەمگەكنى ئىشلەپ يېڭىلىشىپ قالساڭ، بۇنى ئالدىراپ ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىڭنىڭ كەملىكىدىن كۆرمە. ئەينى ۋاقىتتا يەنە، ئەگەر سېنىڭ بىرەر ئىشىڭدىكى ئوڭۇشسىزلىقنى كۆرۈپ، باشقىلار سېنى «كاللىسى ئاددىي، كالۋا» دېسە، ھەرگىز ئىشەنمە. بىلگىنكى، ھەر قانداق بىلىك تەكرار ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. كىمدە كىم ئەمەلىيەت بىلەن كۆپ شۇغۇللانسا، ئەمگەك بىلەن تەكرار مەشغۇل بولسا، ئۇنىڭ بىلىك خەزىنىسى تەدرىجىي موللىشىدۇ، كاللىسى ئەقىل ھۆجەيرىلىرى بىلەن تولۇپ غوللىشىدۇ.

ھورۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىماسلىق جەمئىيەت سۆيىدىغان، ۋەتەن - خەلق كۈيىدىغان ۋە ئاتا - ئانا رازىمەن بولىدىغان بىر ھەقىقىي ئىنسان بولۇشنى خالىماسلىق بىلەن باراۋەردۇر. ھورۇنلۇق بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەيىبلەرنىڭ ئەيىبى. ھالبۇكى، ھورۇنلۇقنى تاشلاش جەمئىيەتنىڭ، زامانىنىڭ، شۇنداقلا سەن ياشاۋاتقان مۇشۇ بوز زېمىننىڭ جىددىي تەلىپى!

سېخى تەبىئەت ئاتا قىلغان شۇنچە كەڭ ۋە شۇنچە باي زېمىن ساڭا قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. پۈتكۈل ئەقىل - ئىدرىكىڭنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە ئىقتىدارىڭنى نامايان قىلىپ، غۇلىچىڭنى كەڭ يېيىپ ئىشلىسەڭ، ئىشلىگەننى كۆتۈرىدىغان تېپىلماس پۇرسەت ساڭا كۆكسىنى يېقىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھالدىمۇ كۆز ئېچىپ ئويغانمىساڭ، ئىشچانلار سېپىگە قېتىلىپ، سېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن بۇ ئالتۇن زېمىننىڭ ئەتىسى، كەلگۈسى ئۈچۈن زور ۋە ئەھمىيەتلىك بولغان بىر ئۈلۈش ئەمگەك قىلمىساڭ، تاڭلا مەھشەر كۈنى يۈزۈڭ قىزارماسمۇ، ئويلان، ئەبگار! (M1)

1996 - يىل 15 - ئاپرېل، بېيجىڭ.

رەسسام: ئەكبەر ئابدۇرېھىم




ھاجى قۇتلۇق قادىرى

## ئاپتوبۇستا

كەچكۇرستا ئېنگلىز تىلى دەرسىمنى ئۆتۈپ بولۇپ، ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇردۇم. ئاپتوبۇس «كۇئېنلۇن» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدىكى بېكەتكە كەلگەندە، مودا كىيىنگەن، 20 - 21 ياشلار ئەتراپىدىكى ئىككى ئۇيغۇر يىگىت ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇلار يېنىمدا ئۆرە تۇرۇپ، ئالدىنقى كۈنى ئىچكەن ھاراقلىرى ۋە يۈرگەن قىزلىرى بىلەن مەستلىكتە قىلغان تاماشىلىرى ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ھاياسىزلارچە سۆزلەشكە باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ: «سىنىپتىكى پالانچى قىز، ھېلىقى مازگۈي» دېگەن گەپلىرىدىن بۇ بالىلارنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن دەپ ئويلىدىم. ئاپتوبۇس «دوستلۇق» يولى بېكىتىگە كەلگەندە 50 - 55 ياشلاردىكى، ئېغىر سومكا ۋە يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرگەن، سالۋا تەلپەكلىك، دېھقان سۈپەت ئىككى مويسىپىت مىڭ تەسلىكتە ئاپتوبۇسقا چىقتى - دە نەرسە - كېرەكلىرىنى ئىشىك تۈۋىگىلا قويدى.

بېلەت ساتقۇچى خەنزۇ قىز ئۇلارغا:

— نەگە بارىسىلەر؟ - دەپ سورىۋىدى، ئۇلار جاۋاب بېرەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ يەنە تەكرارلاپ، - نەگە بارىسىلەر؟ بېلەت ئېلىڭلار دەۋاتىمەن! - دەپ قاپىقىنى تۈرۈپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

سالۋا تەلپەكلىكتىن بىرى يېنىدا تۇرغان ھېلىقى بالىلارغا قاراپ:

— ئۇكىلىرىم، بىز 3 - دوختۇرخانىغا بارماقچى ئىدۇق، رەنجىمەي گېپىمىزنى ئۆرۈپ بەرگەن بولساڭلار، - دېدى سىلىق خوتەن تەلەپپۇزىدا ئۆتۈنۈش بىلەن.

ھېلىقى بالىلاردىن بىرسى دەرھال ئۆڭۈپ:

— تىلىڭنى قاغا چوقۇۋالمىغاندىكىن ئۆزۈڭ دېسەڭ بولمامدۇ؟ يا مەن سېنىڭ تەرجىمانىڭمىدىم؟ - دېدى ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلكىشلەپ.

ھېلىقى ئادەم ئوڭايسىزلىنىپ:

— رەنجىمىسىلە بالام، سىلىنى ئۇيغۇركەن دەپ، بۇ گەپنى قىپساپتىمەن، خاپا بولمىسىلا. بىز دېھقان خەق ئۇيغۇرچىدىن باشقا تىلنى بىلمەيدىكەنمىز. - دېدى ئاپتوبۇستىكىلەردىن خىجىل بولۇپ.

مەن شۇئان بېلەت ساتقۇچىغا: «ئۇلار شەھەرلىك 3 - دوختۇرخانىغا بارىدىكەن» دېدىم ۋە بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزىگە ئاتا بوللۇق بىر مويسىپىتكە قىلغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بىھۆرمەتلىكى، يولسىزلىقى ئۈچۈن قاتتىق غەزىپىم كېلىپ، ئىچىم بەكمۇ ئاچچىق بولدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاپتوبۇس بىردەم ماڭغاندىن كېيىن شوپۇر بىر تورمۇز قىلىۋىدى، ئولتۇرغانلار سىلكىنىپ، ئۆرە تۇرغانلار بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى - دە، يەنە ھېلىقى بالا ئېغىزغا ئالغۇسىز ئەپسانە تىل بىلەن ئابايامقى بىچارە دېھقاننى تىللاپلا كەتتى. ئەمما ئۇ ئادەم ئېغىز ئاچماي:

— رەنجىمىسىلە بالام، ئاپتوبۇس ئالدىغا سىلكىنگەندە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، پۇتلىرىنى دەسسەپ سالدىم. مەن سىلىگە ناماقۇل، - دەپ يالۋۇردى. لېكىن ئۇ بولدى قىلىشنىڭ ئورنىغا:

— ۋۇ، ئالاخورجۇن، پى - پى تۇماق سېسىق ئالتە شەلىك، ئاپتوبۇسقا چىقىشنى بىلمەيدىغان نېمەڭگە ئاپتوبۇستا ئولتۇرىمەن دېگۈچە خوتىنىڭدە قوتۇر ئېشىكىڭنى مىنسەڭچۇ - دەپ ئاغزىنى بوزۇپ ئەزۋەيلىۋىدى، بۇ مويسىپىت دېھقان:

— ۋاي ئوكام، دېمىسىلىمۇ شۇ ئېشىكىمنى خويمۇ مىنگۈم بار ئىدى، ھەر قايسىلىرىدەك شەھەرلىك خوجاملار يەپ بولۇپ مىنگۈدەك تۇزۇك ئېشەكمۇ قالمىدى. بولدى، ئۇنچىۋالا قايناپ كەتمىسىلە، - دېدى مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ.

بۇ ئىككىسى دېھقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچتى - دە، يەڭلىرىنى شۇمۇدەكلەپ:

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ پوق پاچاق سەھرالىقلار، گەپ قىلمىسا. چۈشە پەسكە، بىر سىبلىشىپ باقايلى. خىيالىڭدا ھەر قايسىڭ كىملىكىمىزنى بىلمەي قالغان چېغىڭ. بىز دېگەن ئۈرۈمچىنىڭ كىندىكىدىن، بۇ شەھەرنىڭ ئىگىسى، - دەپ

كۆركىرەپ ئۇلارنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغىلىۋاتقاندا ئاپتوبۇستىكى بىر قانچە ئۇيغۇر ئارىلىشىپ جېدەلنى ئايرىۋەتتۇق. ئاپتوبۇس «قىزىلتاغ» بېكىتىگە كەلگەندە ئۇ مۇتتەھەملەر:

- خەپ گۇيلار، توختاپ تۇرۇش، - دەپ كۆلەيگىنىچە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىشتى.

«قىزىلتاغ» بېكىتىدىن چاچلىرىنى ساپسېرىق بويىغان، يۈزلىرىگە ئۇپىنى بولۇشىچە سۇۋاپ، كالپۇكلىرىغا قىپقىزىل ئەڭلىك ئەتكەن، تۇرقى - سىياقى بەئەينى بوياق تۇڭىدىن چىققان ئالۋاستىلارغىلا ئوخشاپ قالغان بىر قانچە ئۇيغۇر قىزى بىر - بىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدا چاقچاقلىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقتى. ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئاپتوبۇستىكىلەرگە قاراپ قويۇپ، يوغان ئىش قىلغىلى ماڭغاندەك ئۆزلىرىنى بۈگۈن كەچتە تانسىغا تەكلىپ قىلغان گۇاڭجۇلۇق خوجايىنىنىڭ قېشىغا ماڭغانلىقلىرىدىن ماختىنىپ كالدىرلىشىپ كېتىشتى. ھېلىقى ئىككى مويسىپىت دېھقان ئۇلارنىڭ تۇرقى - سىياقى، كىيىنىشى ۋە سۆزلەشلىرىگە ھەيران بولۇپ، ئۆز ئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشكەن چېغى، قىزلاردىن بىرى دوستلىرىغا خەنزۇ تىلىدا:

- يۇرۇڭلار، ئالدىغىراق كېتەيلى، ماۋۇ سېسىق جەنۇبلۇقلارنىڭ توپا تەرەت چاپانلىرى پەلتويىمىزغا تېگىپ كەتمىسۇن. قاراڭلار، ئۇلارنىڭ تەلەتىنىڭ سەتلىكىگە، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ، - دېدى - دە، ئېغىزلىرىنى سەت پۇرۇشتۇرگەنچە تۇمشۇقلىرىنى ئېتىپ ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى تەرىپىگە كېتىپ قالدى.

مەن قىسقىغىنە يولدىكى ئاران ئون نەچچىلا ئۇيغۇر چىققان بۇ ئاپتوبۇستا بىر - بىرىمىزگە قىلغان دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە، كەمسىتىش، ھاقارەت، خورلۇقلارنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىمدىن يىغا تۇتتى. چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا كۆرگەن ئىسپانىيىلىك بىر ساياھەتچىنىڭ «گېرمانىيىدىكى ئىتلار» دېگەن ساياھەت خاتىرىسىدىكى: «گېرمانىيىدە ئەگەر بىرەر نېمىس ئاپتوبۇستا ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرەر ئىتنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالسا، ئۇ ئىتقا ئېغى نېمىسقا: ‹رەھمەت سىزگە ئەپەندىم› دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىدىكەن؛ ئەگەر ئۇقۇشماي ئىتنىڭ پۇتىغا ئىت دەسسىۋالغۇدەك بولسا، ئەكسىچە ئۇلار قاش - قاپاقلىرىنى يارغۇچە مۇشتلىشىدىكەن. ئاپتوبۇستا ئىت قىزلىرى بىرەر ئىت يىگىتنى ئۇچرىتىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ: ‹سېسىق› دەپ بۇرنىنى ئېتىۋالىدىكەن؛ نېمىس ئاياللىرى بىرەر كوچۇكنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىقسا، ئىت قىزلىرى: ‹خانىم، كۈچۈكىڭىز نېمىدېگەن ئوماق›، دەپ ئۇ كۈچۈكنى سۆيۈپ شاكىلات بېرىدىكەن. گېرمانىيىدىكى بىچارە ئىتلارنىڭ نېمە قىلغىنى

بۇ دەپ بەكمۇ ھەيران بولدۇم» دېگەن قۇرلارنى قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ چۈشىدىغان بېكىتىگە كېلىپ قالغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس - تاماس قاپتىمەن.

«تۇۋا، - دەيمەن ئۆيۈمگە كىرىپ كېتىۋاتقاچ ياقامنى چىشلەپ، - ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن مىللەتنى خۇدا قەدىرلەيتتىمۇ؟ باشقىلار قەدىرلەيتتىمۇ؟»

نادانلىقتا ۋىجدان - ۋۇجۇدى ئۆلۈۋاتقان بىزدىكى دىلى كور گۇمراھلار سەممىگە شۇ ھەقىقەتنى سېلىپ قويۇشنى ۋىجدانىي قەرز بىلدۇقكى: «بەندە ئۆزىنى ئۆزى ئازابقا دۇچار قىلمىغۇچە ئاللا ئۇنى ئازابقا دۇچار قىلمايدۇ».

## رېستوراندا ئىچىۋاتقان ھاراقلىرىمىز ۋە يېتىم قالغان چاۋاكلىرىمىز

ئۆتكەن يىلى يازدا ئەدەبىيات ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى بىر قانچە ياش كەسىپداشلار شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن ھازىرقى زامان ئەنگلىيە باللار يازغۇچىسى جۇلىيا خانىم بىلەن ئېرى سېتىۋىن ئەپەندىنى ئۈرۈمچى «$xx$ رېستورانى» غا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدۇق.

بىز ئۇلارنى رېستورانغا باشلاپ ئەمدىلا شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشىمىزغا جۇلىيا خانىم قەدىناسلارچە:

- ئەپەندىلەر، ئاڭلىسام ئۇيغۇرلارنى بەك چاقچاقچى، گەپلىرىمۇ ساپلا يۇمۇرلۇق، دەيدۇ. مەنمۇ يۇمۇرغا خېلى ئۇستا، قېنى بۈگۈن يۇمۇر ئېيتىشىپ باقايلى، ئېنگلىزلار يېڭىپ چىقامدۇ ياكى ئۇيغۇرلارمۇ؟ - دەپ چاقچاق قىلدى ۋە بىزگە ئەنگلىيىنىڭ تولىمۇ قىزىقارلىق يۇمۇرلىرىدىن بىر قانچىنى ئېيتىپ بەردى.

ئاڭغىچە كۈتكۈچى قىزلار شىرەيىمىزگە كېلىپ، چاي قۇيغاچ تائاملار تىزىملىكىنى ئالدىمىزغا قويدى. بىز ئەر - خوتۇن ئىككىسىدىن قانداق تاماق ۋە قورۇمىلارنى يېگۈسى بارلىقىنى سورىۋىدۇق، جۇلىيا خانىم:

- ماركوپولو ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دە، ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇ، مانتا، كاۋاپلىرىنى ئالاھىدە ماختىغانىكەن، بۈگۈن بىز شۇ تائاملاردىن ئازراق تېتىپ باقايلى. ئۇنىڭغا قوشۇپ تەرخەمەك، يېسىۋىلەك، شوخلا قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ خام سەيلىرى ۋە كالا گۆشى، توخۇ قورۇمىلىرىدىن ئېلىپ كەلسۇن، - دېدى تولىمۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

بىز شىرەيىمىزگە تائام تارتىلغۇچە جۇلىيا خانىم بىلەن ھازىرقى زامان ئەنگلىيە ئەدەبىياتى ۋە نەشرىياتچىلىقى ھەققىدە ئەركىن - ئازادە پىكىرلەشتۇق. سۆھبىتىمىز قىزىغاندا كۈتكۈچىلەر بىز بۇيرۇتقان تائاملارنى بىر - بىرلەپ كەلتۈرۈشكە باشلىدى. جۇلىيا خانىم پولۇ، مانتا، كاۋاپلارنى تېتىپ بېقىپ:

— پاھ، ھەقىقەتەنمۇ كىتابتا يېزىلغىنىدەك مەززىلىك، لەززەتلىك ئىكەن، — دېدى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ.

بىز تاماقتىن كېيىن سىتېۋېن ئەپەندى بىلەن جۇلىيا خانىمدىن:

— خانىم بىلەن ئەپەندىم قايسى ھاراقنى ئىچىدىكەن؟ — دەپ سورىۋىدۇق، جۇلىيا خانىم:

— مەن خوتەننىڭ ئەنگلىيىدە ئالقىشقا ئېرىشكەن مېيگۇيشياڭ (ئەتىرگۈل) ھارىقىنى ئىچەي. ئېرىم قايسىسىنى ئىچىدىكىن، — دەپ سىتېۋېن ئەپەندىمگە قارىۋىدى، ئۇمۇ:

— مەنمۇ مېيگۇيشياڭدىن ئىچەي، — دېدى رازىمەنلىك بىلەن. جۇلىيا خانىم ئارقىدىنلا:

— سىلەر نېمە ھاراق ئىچىسىلەر؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— «ئىلى ئالىي ھارىقى» نى، — دېدۇق ۋە شۇ بويىچە ھاراقلارنى بۇيرۇتتۇق.

جۇلىيا خانىم ۋە سىتېۋېن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى سەمىمىي تەبرىكلەنگەن قەدەھ سۆزىدىن كېيىن ھاراق ئىچىش باشلاندى. 10 مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن، سازەندىلەر ئۇيغۇر خەلق ناخشا - سازلىرى، «ئون ئىككى مۇقام» دىن پارچىلارنى ئورۇنداشقا باشلىۋىدى، «چەبىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى» گە كەلگەندە جۇلياخانىم ھاياجىنىنى باسالماي:

— بۇنى مەن 1987 -يىلى سىلەرنىڭ مۇقامچىلىرىڭلار لوندوندا ئورۇندىغاندا ئاڭلىغانىدىم. نېمىدېگەن ئېزگۇ، دىلبەر مۇزىكا بۇ، ياشىسۇن شەرق سەنئىتىنىڭ گۆھىرى مۇقام، — دەپ ئالدىدىكى قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتتى.

جۇلىيا خانىم بىلەن سىتېۋېن ئەپەندى ھەر بىر ناخشا باشلانغاندا (گەرچە ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىنى چۈشەنمىسىمۇ) يېيىش - ئىچىشنى قويۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىزگىمۇ پاراڭ قىلمايتتى. بىردىنلا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل باشلىنىۋىدى، جۇلىيا خانىم ھاياجانلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇسسۇل تۈگەش بىلەنلا قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە:

شوخ ناز بىلەن بىر ئۇسسۇل
ئوينىسا ئۇيغۇر قىزى،
تاڭ قالغۇدەك ئەرشتىمۇ
ئەيسا كۆرسە بىر ئۆزى.

دەپ شېئىر ئوقۇپ، بىز بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇردى. ئاندىن مۇقامچى يىگىت بىلەن ئۇسسۇلچى قىزغا گۈل تۇتۇپ ئۇلارنى تەبرىكلىدى. بۇ چاغدا رېستوراندا بىزدىن باشقا يىگىرمە نەچچە شىرەدىن ئارىلاپ «پاق - پۇق» قىلغان كۈچسىز چاۋاك ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندەك قىلدىيۇ، شاۋقۇنلۇق ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئۇنى بېسىپ كەتتى.

جۇلىيا خانىم ئورنىغا قايتىپ كېلىپ:

— بايا ئوقۇغان شېئىرىمنى لوندون سەھنىسىدە سىلەرنىڭ مۇقامچىلارنى ئاڭلاۋېتىپ، ئۇيغۇر قىزلىرى مۇقامغا ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئىلھاملىنىپ يازغانىدىم. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى كۆرسەملا دۇنخۇاڭ، كۇسەن مىڭ ئۆيلىرىدىكى ئۇسسۇلچى پەرىلەرنىڭ تام سۈرەتلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئۆزۈمنى خۇددى بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى بىلەن بىر سورۇندا بولغاندەكلا ھېس قىلىمەن. مانا بىزگە ماھارەت كۆرسەتكەن بۇ مۇقامچى - ئۇسسۇلچىلار ئاشۇ بۈيۈك سەنئەتنىڭ تىرىك شاھىدلىرى ئەمەسمۇ؟ رېستوراندا مېھمان بولۇپ ئولتۇرغان بۇ ئۇيغۇرلار - مۇشۇنداق قەدىمىي، كاتتا سەنئەتنىڭ پەخىرلىك ئىگىلىرى. نېمىشقا ئۇلارغا تۈزۈك چاۋاك چالمايدۇ، گۈل تۇتۇپ ئالقىشلىمايدۇ. ئۆز سەنئەتكارلىرىدىن پەخىرلەنمىگەن، ئۇلارغا گۈل تۇتالمىغان ئادەم قانداقمۇ ۋەتىنىگە گۈل تۇتالىسۇن! — دەپ قايناپ كېتىۋىدى. سىتېۋېن ئەپەندىم:

— جۇليا، سىز بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىڭىز، سەل ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى - دە، چاقچاق ئارىلاش، — بۇ ئادەملەر مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا شوئارنى تولا توۋلاپ، چاۋاكنى تولا چېلىپ، بەلكىم ھازىر ھېرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

بىز ئىچىمىزگە تىنىپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتۇق.

كۈتكۈچى قىز شىرەيىمىزگە يەنە بىر بوتۇلكا «ئىلى ئالىي ھارىقى» ئېلىپ كەلدى. جۇلىيا خانىم ھاراق كۇرۇپكىسىدىكى بىر جۈپ قىز - ئوغۇلنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سۈرىتىنى كۆرۈپ، قىزىقسىندى بولغاي ئىختىيارسىز بوتۇلكىنى قولىغا ئالغىنىچە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ:

— ئەپەندىلەر، بۇ ھاراقتىن بىر رومكا ئىچىپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى. بىز:

— بولىدۇ، خانىم، ئىچىڭ، — دېدۇق قىزغىن تەكەللۇپ بىلەن.

جۇلىيا خانىم ئۆزى ھاراقتىن بىر رومكا قۇيۇپ ئاغزىغا بىرلا ئېلىپ:

— ۋاي، نېمىدېگەن ئاچچىق ھاراق بۇ، — دەپ رومكىنى دەرھال قويۇپ قويدى - دە:

— تەقدىرنىڭ ئاچچىق قىسمىتىنى تاللىغان ئادەم ھاراقنىڭمۇ ئاچچىقىنى ئىچىدىغان ئوخشايدۇ؟ — دەپ كۈلدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ياۋروپادا ئەڭ مەشھۇر ھاراق «ناپالىيون»! بەلكى دۇنيادىمۇ شۇنداق. بىز نېمە ئۈچۈن ناپالىيوندەك بۈيۈك قەھرىماننى ياۋروپادىكى ئەڭ داڭلىق ھاراقنىڭ ماركىسى قىلدۇق؟ مېنىڭچە، بۇ خاھى سەن ھاراق ئىچكەندە ياكى ئىچمىگەندە بولسۇن مەڭگۈ ناپالىيوندەك قەھرىمان بولۇشۇڭ كېرەك، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. سىلەر ئاچچىق ھارىقىڭلارغا ئۇسسۇلچىلارنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈپسىلەر. بۇ سىلەرنىڭ بىز دېگەن ھاراق

ئىچىمىز، ئۇسسۇل ئوينايمىز، جاھاننىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن كارىمىز يوق، دېگەنلىكىڭلارمۇ؟ ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراقىمىكىن دېسە، سەنئەتكارلىرىڭلارغا تۇتقان پوزىتسىيەڭلار بولسا ھېلىقىدەك، - دەپ سوئال قويدى.

ھەممىمىز يەنىلا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق. شۇ ئەسنادا:

- ھازىر 8 - نومۇرلۇق شىرەدىكى xx ئەپەندىنىڭ ئوغلى مۇھەممەتجاننىڭ تۇغۇلغان كۈننى مۇبارەكلەپ ئىنگلىزچە «تۇغۇلغان كۈن» دېگەن ناخشىنى ئورۇنداپ بېرىمىز، - دېدى رېستوراننىڭ سەنئەت رىياسەتچىسى قولىغا مىكرافوننى ئېلىپ.

رېستوراننىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلۈپ 8 - نومۇرلۇق شىرەگە تورت كەلتۈرۈلدى - دە، شام يېقىش باشلاندى. بىر قىز سەھنىگە چىقىپ: «ھەبى بەسدەي تۇيۇ، ھەبى بەسدەي تۇيۇ» دەپ ئىنگلىزچە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. رېستوراندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. تورتتىكى شاملار ئۆچۈرۈلۈپ بولۇپ، تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى تاماملانغاندىن كېيىن چىراغلار يېقىلىۋىدى، جۇليا خانىم:

- ھەي، خۇدا، دۇنيادا ئەجەبمۇ غەلىتە بەندىلەرنىڭ بار ئىكەن. تىلى ئۇيغۇرچە، ئىسمى ئەرەبچە، تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ ئېيتىلىدىغان ناخشىسى ئىنگلىزچە. ئاھ، نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ، - دەپ نالە قىلغاندەك سۆزلەپلا كەتتى ۋە بىزگە ئايانچىلىق نەزەردە قاراپ:

- ئەپەندىلەر، تورتقا شام يېقىش، پۈۋلەش، ئۆچۈرۈش، ئاخىردا تورتنى پارچىلاپ كېسىش خىرىستىيانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى. سىلەر دېگەن مۇسۇلمان. شۇڭا، ھەر قانداق مۇراسىمىڭلار ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە جەمئىيەتلەشكەن دىنىي قائىدە - يوسۇنۇڭلار بويىچە بولغىنى تۈزۈك. ئۆزۈڭلار بىلىپ - بىلمەي دورامچىلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋالغان شالغۇت ئادەتلىرىڭلار ئادەمنى تەئەججۈپلەندۈرىدىكەن. سىلەردەك تارىختا نامى بار قەدىمىي مىللەت ئەمدىلىكتە ئاتا - بوۋاڭلاردىن كېلىۋاتقان يوسۇن - ئادەتلىرىڭلارنى تېپىۋالمىساڭلار بولمايدىغان يەرگە يېتىپتۇ، - دېدى ئەپسۇسلىنىپ.

ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتۇق. گەرچە كېيىن ئولتۇرۇشىمىز قىزغىن خوشلىشىش، ياخشى تىلەكلەر بىلەن كۆڭۈللۈك تارقىغان بولسىمۇ، قۇلاق تۈۋىمىزدىن جۇليا خانىمنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى كەتمىدى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئويلاپ باقىدىغان مەنىلىك سوئال ئىدى...

## «xx مېھمانخانىسى» دىكى ئۇيغۇر قىزلىرى

بۇ يىل يانۋاردا مەن مەلۇم شىركەتنىڭ K دۆلىتىدىن كەلگەن بىر كارخانا ۋەكىلى بىلەن تۈزۈشىدىغان سودا توختامىغا تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن شەھىرىمىزدىكى (ئۈرۈمچىدىكى - ت) ئەڭ ھەشەمەتلىك «xx مېھمانخانىسى» غا باردىم. شىركەت خادىملىرى بىلەن K لىق مېھمان چۈشكەن ئالىي دەرىجىلىك ياتاققا كىرسەم، ئۇنىڭ بېزىلىشى ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشىنىڭ قالتىسلىقىدىن كۆزۈم قامىشىپلا كەتتى. ياتاقتىكى ھاراق ئىشكاپىغا دۇنيادىكى داڭلىق ھاراقلار تىزىۋېتىلگەنىدى. بىز كىرگەندە K لىق مېھمان بىر قىز بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇۋاتقانىكەن. ئۇ قىزنىڭ ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا ئەركىن - ئازادە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى K لىق مېھماننىڭ خانىمى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. K لىق مېھمان بىزنى مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە باشلاپ سەل ئولتۇرۇپ تۇرۇشىمىزنى ئۆتۈندى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇلار ئۈچىسىدىكى ئۇخلاش كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ بىللە چىقتى. K لىق مېھمان بىزدىن ئەپۇ سوراپ:

- كەچۈرۈڭلار ئەپەندىلەر، سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇم. ئاخشام بەك كەچ ئۇخلاپتىكەنمەن، شۇڭا سەل چارچاپ قاپتىمەن، - دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاندىن كېيىن، - ئىسمىم N، دۆلىتىڭلەرگە سودا ئىشى بىلەن كېلىشىم، بۇ ياق ئۈرۈمچىدىكى ياتاق ھەمراھىم A خېنىم، ئۇيغۇر، ئۆزى شىنجاڭلىق، ئىنگلىزچىنى يامان ئەمەس سۆزلەيدۇ، - دەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى. بىزمۇ ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن رەسمىي ئىشقا ئۆتۈپ، N ئەپەندى بىلەن سودا توختامىنى ئوڭۇشلۇق تۈزدۇق. N ئەپەندى توختامنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا بىزنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز N ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى A خېنىم بىلەن مېھمانخانىنىڭ رېستورانىغا قەدەم تەشرىپ قىلدۇق. قارىساق، شىرە - شىرەلەردە چەت ئەللىك ۋە تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، شېنجېن، جۇخەي، گۇاڭجۇ ... لۇق سودىگەر - لوبەن (خوجايىن، ئاغلاقچى) لار ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ، ھاراق - شاراب ئىچىشىۋاتاتتى. بۇ نومۇسسىزلىقلارنى كۆرۈپ گېلىمدىن پەقەتلا غىزا ئۆتمەي غىققىدىلا بولۇپ قالدىم. بولۇپمۇ بىزنىڭ شىرەدىكى N ئەپەندىنىڭ ئاشنىسى A خېنىمنىڭ نايناق - غىلجىڭلىقلىرى بەكمۇ جېنىمدىن ئۆتتى. مەن شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي:

- سىڭلىم، سىز ئىنگلىزچىنى نەدە ئۆگەنگەن، - دەپ سورىۋىدىم، ئۇ، تومشۇقىنى ئۈچلاپ:

- ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا كەچكۇرستا ئوقۇپ ئۆگىنىۋالغان، - دېدى سوغۇققىنە.

- سىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپسىز، ئىنگلىزچىنىمۇ خېلى ئوبدان سۆزلەيدىكەنسىز. ھازىر قايسى ئىدارىدە ئىشلەۋاتىسىز؟

- ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلىمىدىم. مەكتەپ پۈتتۈرگەندە يۇرتۇمغا تەقسىم قىلىنىۋىدى،

بارمىدىم. نېمىشقا دەمسىز؟ بارساملا يېزىدا مۇئەللىم بولىدىغان گەپ. بېرىدىغان ئايلىقىمۇ تايىنلىق. ھۆكۈمەتنىڭ مائاش دەپ بەرگەن ئىككى - ئۈچ تەڭگە پۇلى كىيىم بىلەن ئۇپا - ئەڭلىكلىرىمگىمۇ يەتمەيدىكەن. ئومۇش، قويە ئۇنداق سەھرايى قىيامەتتە جاننى سىقىپ بەرگىچە دەپ، ئۈرۈمچىدىن باشقا يەرگە بارماي مۇشۇ مېھمانخانىدا چەت ئەللىكلەرگە ھەمراھ بولۇۋاتىمەن.

- سىز N ئەپەندىم بىلەن ئىلگىرى تونۇشامتىڭىز؟

- ياق. ئۆلۈشكۈن كەچتە ئىككىمىز تانسا ئوينىۋېتىپ، ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە تۇرۇۋاتىمەن.

يەنە گەپ سوراۋېرىشكە رايىم بارمىدى.

تاماقتىن كېيىن شىركەت خادىملىرى N ئەپەندىنى كەچلىك كۆڭۈل ئېچىشقا تەكلىپ قىلىشىۋىدى، ئۇ، تەلىپىمىزنى قوبۇل كۆرۈپ بىز بىلەن تانسىخانىغا كىردى. تانسىخانا گاھ ئۆچۈپ، گاھ يېنىپ تۇرغان ئالا - يېشىل چىراغلار بىلەن غۇۋالاشقان بولۇپ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئالا - تاغىل مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تانسا ئويناۋاتاتتى. بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، چاچلىرىنى ساپسېرىق بويىغان ئۇيغۇر قىزلىرى تانسىخانىنى چۆرىدەپ قويۇلغان ئىككى كىشىلىك، تۆت كىشىلىك چاي شىرەلىرىدە تاماكا چېكىشىپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بىزمۇ چاي شىرەلىرىنىڭ بىرىنى چۆرىدەپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىمىزغا، 18 - 19 ياشلاردىكى ئىككى نەپەر ئۇيغۇر قىزى پەيدا بولدى - دە، قىلچە تارتىنماستىن:

- ئەپەندىلەر، سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ تانسا ئوينىساق قانداق، - دېگىنىچە يېنىمىزدىن ئورۇن ئالدى.

شىركەت خادىملىرى:

- بولىدۇ، بولىدۇ، قېنى، تاماكا چېكىڭلار، - دەپ ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلغاچ تاماكا تۇتتى.

قىزلاردىن بىرى قاپىقىمنى ئاچماي تۇتۇلۇپ ئولتۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، غىلجىڭلاپ يېنىمغا كەلدى - دە:

- قاپىقىدىن قار ياغىدىغان بۇ ئەپەندىم مۇز تاغدىن كەلگەنمۇ - قانداق؟ نېمانچىۋالا چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەن، - دەپ ماڭا گەپ تاشلىدى.

مەن يەنىلا غەزىپىمنى بېسىپ ئۈنچىقماي ئولتۇردۇم. شۇ ئەسنادا بىزنىڭ شىرەگە ھاراق ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەر كەلتۈرۈلدى. ئىچكۈۋازلىق باشلىنىپ، قىزىۋالغان ھەمراھلىرىم تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. مەن كەيپسىز ھالدا سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇراتتىم، بىردىنلا قوشنا شىرەدىكى بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ شىياڭگاڭلىق لوبەن بىلەن قىلىشىۋاتقان ھاياسىز سۆھبىتى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بىر قول تانسا تۈگەپ چىراغ يانغاندا ھېلىقى شىرەگە قارىسام، ئۇ لوبەن بىلەن ھېلىقى قىز چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ تازا ئىچىشكەچ، تاماكا چېكىشىۋېتىپتۇ. ئاخىر ئۇ قىز بۇ لوبەنگە بىر كېچە ھەمراھ بولۇشنى 800 يۈەنگە كېلىشتى - دە، بىرلىكتە تانسىغا چۈشتى. ئۇلار بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ھارغۇچە تانسا ئويناپ ئەمدىلا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋىدى، «دوناي دولقۇنى» دېگەن مۇزىكا باشلاندى. مەن چوڭ رومكىغا تولدۇرۇپ ئاق ھاراق قويۇپ «گۈپپلا» قىلىپ ئىچىۋەتتىم - دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ئەپەندىم، ھەمراھىڭىز بىلەن بىر قول تانسا ئوينىسام بولامدۇ؟ - دېدىم ئەدەپ بىلەن.

شىياڭگاڭلىق لوبەن ھەمراھىغا بىر قاراپ قويۇپ، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلدى بولغاي:

- بولىدۇ، بولىدۇ، ئويناۋېرىڭ ئەپەندىم، - دېدى ئىپادىسىزلا.

بىز تانسىغا چۈشۈش ئالدىدا ئۇ قىز ماڭا:

- گىرەلەشمە تانسا ئوينامدۇق ياكى باشقىنىمۇ، - دېدى كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ.

- ھازىر چېلىنىۋاتقىنى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ۋالىس مۇزىكىسى بولغاندىكىن ۋالىسقا ئوينايلى، - دېۋىدىم، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

- ئۇستىبېشىڭىزغا قارىسا خېلى مودا يىگىتتەك قىلىسىز. ساپلا قېرىلار ئوينايدىغان تانسىنى تاللىغىنىڭىزدىن قارىغاندا، تازىمۇ زامانىنىڭ كەينىدە قالغان مەتو ئوخشىمامسىز، - دېدى ئۆزىچە مېنى چۈشەنگەندەك.

ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن ۋالىسقا چۈشتۇم. غەزەپلەنگەنلىكىمدىن بەك جىددىيلىشىپ، ئۆزۈمنىڭ تانسا ئويناۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭ بەل ۋە قوللىرىنى قاماللىغاندەك تۇتۇپ، بىر - ئىككى چۆرگىلىگەندىن كېيىن:

- سىڭلىم، سىز بىر ئۇيغۇر تۇرۇپ نېمىدەپ مۇشۇنداق سورۇنلاردا يات دىندىكى ئادەملەر بىلەن ئىپپەت سودىسى قىلىپ يۈرىسىز؟ ھايۋان چېغىدا ئۆزىنىڭ غەيرىي جىنسداشلىرى بىلەن جۈپلەشمەيدىغۇ؟ نومۇس قىلسىڭىز بولمامدۇ سىڭلىم، نومۇس. يە سىزگە بىرەر ئۇيغۇر يىگىت چىقمىدىمۇ، - دەۋەتتىم.

ئۇ قىز گەپلىرىمنى قېتىغىمۇ ئالماي ئارسىزلىق بىلەن دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

- گەپىڭىزغۇ ناھايىتى چىرايلىق قىلدىڭىز. خوش، سىز ئۇيغۇر، سىز مۇسۇلمان، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولغاندىكىن، مەن سىزگە بۈگۈن كېچە ھەمراھ بولاي، 800 كوي سانىيالامسىز؟ ئوھوشتە، سىز ماڭا تولا چوڭ ئانامدەك نەسىھەت قىلماي ئاستا يولىڭىزغا مېڭىڭ، «ئاكا»، - دېدى - دە، مۇزىكا تۈگىمەستىنلا شىياڭگاڭلىق لوبەننىڭ يېنىغا بېرىۋالدى.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپ ۋە نومۇستىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم «غال - غال» تىترەپ، مېڭەمگە

قان قويۇلغاندەك بولدى. يەر - زېمىن پىرقىراپ، ئۆزۈمنى ئاران - ئاران تۇتۇۋالدىم. سەل ئېسىمگە كەلگەندىن كېيىن، بىرگە كەلگەن شىركەت خادىملىرىغا «خوش» مۇ دەپ قويماي، «قىزلىرىمىزدىكى بۇ پاجىئەلىك روھىي بۇزۇلۇش ئۇلارنى قانداق قىسمەتلەرگە ئېلىپ بارار؟ ئى قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، قىزلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن» دەپ يولبويى ئازابلىق ئىدا قىلغىنىمچە تاكسىدا ئۆيگە قايتتىم.

## مۇقەددەس كىتابلىرىمىزنى قەدىرلەيلى

ئامېرىكا چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور روبېرت دانكوف ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش ئارقىلىق 1987 - 1988 - يىللىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئىككى شاھانە كىتابىمىزنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇردى ۋە بۇ ھەقتە نوپۇزلۇق تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

تۇنجى قېتىم بۇ قۇتلۇق خەۋەرنى ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەن ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى يوھان ئەپەندىدىن ئاڭلىدىم. ئۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن بازىرى ئىتتىك، ئەتىۋارلىق ئىلمىي تەتقىقات كىتابلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى زور ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بېرىپ، ماڭا بۇ شاھانە كىتابلىرىمىزنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىنى تېزراق كۆرۈش ئىشتىياقىنى يېقىپلىۋەتكەنىدى.

مۇشۇ ئىشتىياقنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ كىتابلارنى قانچە پۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئامېرىكىدىن سېتىۋېلىپ ئەكەلدۈرۈشكە ۋە روبېرت دانكوفنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى تېزرەك ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىلىم ئاشىنالىرىمىزغا تەقدىم قىلىشقا تەقەززا بولدۇم. بۇ ئارزۇيۇمنى يوھان ئەپەندى قىشلىق تەتىلدە ئامېرىكىغا قايتىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئېيتىۋىدىم، يېنىشىدا ئۇ، بۇ ئىككى كىتابنى 100 دوللارغا سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ماڭا دوستلۇق سوۋغىتى سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ كىتابلار ئامېرىكىدا ئالللىقاچان سېتىلىپ بولغانىكەن. شۇڭا ئۇ ھېچنەدىن تاپالماي دوستىدىن سېتىۋېلىپ ماڭا ھەدىيە قىلىپتۇ.

ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتقان بۇ ئىككى مەشھۇر قاموس كىتاب ھازىرقى زامان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن ئاجايىپ نەپىس - كۆركەم بېسىلغانىدى. ئامېرىكىدەك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان زامانىۋى دۆلەتتە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بىباھا مەدەنىيەت گۆھىرى - «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەشر قىلىنىپ، دۇنيا ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدىن چەكسىز پەخىرلەندىم، ئىپتىخارلاندىم. روبېرت دانكوف ئەپەندىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىگە سۆز بېشى ئورنىدا يازغان چوڭ ھەجىمدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەقدىم ئەتتىم.

بىزگە دۇنياۋى شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن بۇ ئۇلۇغ كىتابلار 1984 - يىلىدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۈچ توملۇق) 10 مىڭ، «قۇتادغۇبىلىك» 25 مىڭ تىراژدا نەشر قىلىنغانىدى. بۇ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى قالتىس ئۇلۇغ، مۆجىزىۋى، خاسىيەتلىك ئىش ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئەنگۈشتەر كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنى قەدىرگە يەتكەن ئازلا ئادەملىرىمىزلا سېتىۋېلىپ، قالغانلىرىنى ھازىرغىچە كىتابخانىلاردا توپا بېسىپ ياتتى. بۇ ئىككى كىتاب ناھايىتى 25 يۈەنگىلا - مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر توخۇنىڭ پۇلىغا كېلەتتى. ئەجەبا، ئىككى ئۇيغۇر بىر يەرگە كەلسەك بىر بوتۇلكىسى ئەللىك يۈەنلىك ئاچچىق ھاراقنى ئىچىشكە پۇل چىقىدۇيۇ، بىزنى دۇنياغا تونۇتقان، خەقنىڭ ئالدىدا چوڭ سۆزلەتكەن مۇشۇنداق ئۇلۇغ كىتابنى سېتىۋېلىشقا پۇل چىقمىغىنى بىزدىكى تولىمۇ ئېچىنارلىق روھىيەت پاجىئەسى، مەنىۋى گادايلىق ئەمەسمۇ؟ تىلى، دىنى، ئىرقى، ئۆرپ - ئادىتى تامامەن بىزگە يات بولغان، دۇنيادا ئۆزىنى ئەڭ ئىلغار، مەدەنىي مىللەت سانايدىغان ئىنگلىزلار چېغىدا ئۇنى 100 دوللاردىن بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىپ تەتقىق قىلىۋاتقان يەردە، بىزبۇ بىر جۈپ ئەنگۈشتەر كىتابنىڭ ھەقلىق ئىگىسى - مىراسخورى تۇرۇپ، ئۇ بىباھا گۆھەرلەر توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ ياتسا، ئۇلۇغ مەنىۋى تۈۋرۈكلىرىمىز مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ روھىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز؟ بىلىشىمىز بولسا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتاغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئىككى دەسمايىمىز بىلەنلا دۇنياغا تونۇلۇپ، چوڭ سۆزلەپ يۈرۈۋاتىمىز. ئۇنداقتا ئۆزىمىز سېتىپ يەۋاتقان بۇ بىباھا دەسمايىمىزنى قەدىرلىمىگەن رەزىللىكىمىزنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمىز؟!

يالغان دېسەك، قېنى كىتابخانىلارغا كىرىپ باقايلى، ئىلىمدە تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئەجداد بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۈيۈك كىتابى «قۇتادغۇ بىلىك» باھاسى چۈشۈرۈلگەن كىتابلار جاۋىنىگە تىزىلىپ، يەتتە يۈەندىمۇ سېتىلماي توپا بېسىپ ياتىدۇ. بىز ئۇنىڭ قەدىرگە يەتمىگەن بىلەن، قاھىرە، ۋېنا، ئىستانبولدەك يات ئەللەرنىڭ پايتەختلىرىدە بۇ كىتابنىڭ قولىيازمىلىرى بىباھا گۆھەر سانىلىپ، قورال بىلەن مۇزېيخانىلاردا قوغدىلىۋاتىدۇ. بىز

نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز، خەقچۇ؟

## ئۆز زېمىنىمىزنى سۆيەيلى

ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان بىر دوستۇم يېقىندا ماڭا مۇنداق تەسىرلىك ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ياپونىيىلىك بىر ئارخېئولوگ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ دوستۇم بىلەن ئاۋۋال بېيجىڭغا كېلىپتۇ. ئاندىن ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ بىر كۈنمۇ توختىماي شۇ كۈنى كەچتىلا قەشقەرگە بېرىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئوپالدىكى مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىنى باشلاپتۇ. دوستۇم ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن: «سىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋاقتىڭىز شۇنچە قىسقا تۇرۇپمۇ ئەڭ ئاۋۋال ئوپالغا باردىڭىز، بۇ نېمە سەۋەبتىن؟» دەپ سوراپتۇ. ئارخېئولوگ دوستۇمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي: «مەن سىزگە ياپونىيىگە بارغاندا دەپ بېرەي» دەپلا قويۇپتۇ. ئۇلار قەشقەر، خوتەن، لوپنۇرلاردا 15 كۈن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا تەكلىماكان قۇملۇقىغىمۇ كىرىپتۇ. سەپەردە ياپونىيىلىك ئارخېئولوگ يولبويى يېگەن پېچىنىنىڭ كۆرۈپكىلىرى، ئىچكەن مىنېرال سۇلىرىنىڭ بوتۇلكىلىرىنى يىغىپ مېڭىپتۇ. دوستۇمنىڭ بۇ ئىشلارغا ئىچى پۇشۇپ ئۇنىڭغا: «بۇلارنى يىغىپ ئۆزىمىزگە ئېغىر. ئارتۇق يۈك قىلىپ نېمە قىلىمىز؟ تەكلىماكان دېگەن پايانى يوق قۇملۇق، بۇ قاتتىق - قۇرۇقلارنى تاشلىۋەتسەك بولمامدۇ؟» دەپتۇ. ياپونىيىلىك ئارخېئولوگ لام - جىم دېمەي مىيىقىدا كۈلۈپلا قويۇپتۇ. بۇ ئىش تاكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش تۈگىگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپتۇ. ئاخىر ئۇلار تۇرپاننى زىيارەت قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ياپونىيىلىك ئارخېئولوگ ئۆزلىرى ئولتۇرغان مېھمانخانىدىكى مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى، سۇلياۋ خالتا، قەغەز كۆرۈپكىلار قاچىلانغان تاغارنى كۆتۈرۈپ، مېھمانخانىنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ياتاققا كىرىپ يۇيۇنۇپتۇ. ئۇ ئىككىسى ئۈرۈمچىدە بىر كۈن تۇرۇپ ئەتىسى بېيجىڭ ئارقىلىق ياپونىيىگە قايتىپتۇ. ياپونىيىلىك ئارخېئولوگ ئۆز دۆلىتىگە كەلگەندىن كېيىن دوستۇمغا: «ئەمدى سىزنىڭ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي. مېنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشىمدىكى سەۋەب، مەھمۇد قەشقەرى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ياپونىيە دېگەن ئىسمىنى دۇنيا خەرىتىسىگە يازغان ۋە ئۇ خەرىتىنى سىزغان ئالىم. شۇڭا، بىز ياپونلار ئۇ بۈيۈك زاتقا چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. شۇ ئەقىدە بىلەن مەنمۇ جۇڭگوغا كېلىپلا ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەسلى خىزمىتىمنى باشلىدىم. ئىككىنچى سوئالىڭىزغا كەلسەك، سىز مېنىڭدىن پېچىنە كۆرۈپكىلىرى، ئىشلىتىلىپ بولغان مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى ۋە تۈرلۈك ئەسكى قەغەز، سۇلياۋ خالتىلارنى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تاشلىۋېتىشنى ئېيتتىڭىز. سىز دېگەندەك قىلسام ھېچكىم سورىقىنى قىلمايتتى، ئەمما مەڭگۈلۈك ۋىجدان ئازابىغا قالاتتىم. يىگىت، ئەجدادىڭىز تۇرەلگەن ئاشۇ شۆھرەتلىك قەدىمىي زېمىنىنىڭ غەرب بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرغان بەلباغ، ئىنسانىيەتكە پارلاق مەدەنىيەت تاراتقان خاسىيەتلىك ماكان، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى كۆمۈلگەن بۈيۈك خەزىنە ئىكەنلىكىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغان، ياشاپ، ئىجاد قىلغان، ئۇنى باغرىغا بېسىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن مۇقەددەس تۇپراق ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز، ئۇنىڭغا ئەخلەت تاشلاش ئەمەس، دەسسەشكىمۇ ئەيمىنەمسىز؟» دەپتۇ مەنىلىك قىلىپ. يات خەق چېغىدا بىزنىڭ زېمىنىمىزدىن شۇنچە ئەيمىنىپ، مۇقەددەس تاۋابگاھ سۈپىتىدە قەدىرلەپ، ئۇلۇغلاۋاتسا، بىز نېمە قىلىۋاتىمىز؟ بولدى، ئارتۇق سۆزلىمەيلى، تەبىئەت ئانىمىزنى تالان - تاراج قىلىپ چەيلەپ نېمىلەرگە ئوخشىتىپ قويدۇق؟! تاشيول، تۆمۈر يول بويلىرى، چۆل - باياۋانلىرىمىزنىڭغۇ گېپىنى قىلمايلى، ئەدناسى، زېمىنىنىڭ جەننىتى بولغان ياپيېشىل تاغۇ - دەريا، كۆل - بۇلاق، باغۇ - بوستانلىرىمىزغا بىز تاشلىغان ھەددى - ھېسابسىز ھاراق، پىۋا، مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرى، ئەسكى قەغەز قاپلار، ھەممە يەرگە ماڭقىدەك چاپلىشىپ، يەرنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي قالغان سۇلياۋ پارچىلىرى بۇ گۈزەل ئانا تۇپرىقىمىزنى يەر شارىنىڭ ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدىكى ئاددىي پاكىتقۇ؟ (M1)

بۇ سان 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشرگە يوللاندى، 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M3)



# بىر چاقچاقتىن تۇغۇلغان ئويلار

ستاڭ يۇن

بىر كۈنى مەلۇم بىر ناھىيەدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مالىيە - باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىر پىكاپقا ئولتۇرۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى تەكشۈرگىلى مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا ئۇلارغا يولدا توغرا يېتىۋالغان بىر كالا ئۇچراپتۇ. شوپۇر قاتتىق سىگنال بەرسىمۇ، كالا قوپماي يېتىۋېرىپتۇ. پىكاپتىكى ئۈچەيلەن ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ: «ئارىمىزدا ھەممىدىن بەك كۈچ - ھەيۋىسى زور ئادەم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كالىنى شۇ ھەيدىۋەتسۇن» دېيىشىپتۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پىكاپتىن چۈشۈپ كالىنىڭ قۇلىقىغا: «دەرھال يولنى بوشات، بولمىسا تۇتۇپ سولاپ قويىمەن» دەپ شىۋىرلاپتۇ. كالا مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ. مالىيە - باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: «ھازىر ھەممىنىڭ جاجىسى پۇل، يەنىلا مېنىڭ بارغىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ» دەپتۇ - دە، كالىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئۇنداق قىلماي يولنى بوشىتىپ بەرگىن، ساڭا مۇكاپات پۇلى بېرىمەن» دەپتۇ. كالا يەنىلا قىمىر قىلماي يېتىۋېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، نۆۋەت مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا كەپتۇ. مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ ئىككىيلەن گەپ ئۇقتۇرالمىغان يەردە، ئۇ كالا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلارمۇ» دەپ ئويلاپتۇ - يۇ، بىراق، «توختا، بىر سىناپ باقاي» دېگەن يەرگە كېلىپ، كالىنىڭ قۇلىقىغا بىر نەچچە ئېغىز پىچىرلاپتۇ. قىزىق ئىش، كالا ئورنىدىن قوپۇپ، ئاستا كېتىپ قاپتۇ. مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇ جاڭگاغا نېمە دېگەن بولغىيدى؟ ئۇ ئەسلىدە كالىغا: «دەرھال يولنى بوشات، بولمىسا، سېنى ئورنۇمغا مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ قويىمەن» دېگەنىكەن.

بۇ چاقچاقنىڭ ئاخىرى ئويلىمىغان يەردىن چىققاچقا ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ. بىراق كۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئادەمنى سەل ئويلاندۇرىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دېگەن بۇ مەنسەپنىڭ ھەر قانچە تايىنى بولمىغىنى بىلەنمۇ بەرىبىر ئۇمۇ بىر مەنسەپتە. شۇڭا، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سۈرى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ. مېنىڭچە. مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كالىغا: «يولنى بوشىتىپ بەرمەيدىغان بولساڭ، سېنى ئەڭ نامرات يېزىدىكى مەدەنىيەت پونكىتىغا باشلىق قىلىپ قويىمەن» دېگەن بولسا، ھېلىقى كالا ئالدى - كەينىگە قارىماي تىكىۋەتكەن بولاتتى.

بۇ چاقچاق ئاساسىي قاتلامدا مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلارنىڭ دەردىنى ناھايىتى ئوبدان سۈرەتلەپ بەرگەن. مەدەنىيەت خادىملىرى ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خوش ئېتىشكە ئۇستا خەق. ھەزىل - چاقچاق ياكى ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشقا يۆلەپمۇ ئىچىنى بوشىتىۋېرىدۇ. بىر ھېسابتا بۇمۇ بولىدىغان، ئادەمنى خۇماردىن چىقىرىدىغان ئەپچىل چارە. «كىمگە ئېيتاي دەردىمنى» دېگەندەك، نۆۋەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ياكى بۇ تارماقلارنىڭ كاتىپلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خادىملىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭلا دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ھەقتە خەققە قاقشىسا ياكى يۇقىرىغا ھال ئېيتسا، قۇلاققا خوش ياقماسلىقى تۇرغانلا گەپ. ياخشىسى ئۇنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ سۆزلىگەن تۈزۈك. ئۇ چاغدا خەق قىزىقىپ ئاڭلايدۇ. ئاڭلاپ بىر پەس كۈلۈشكەندىن كېيىن، شۇنداقلا ئاڭلاپ قويۇپ چاقچاقنىڭ تېگىگە يەتمىگەنلەر ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئەقلى بارلار - مەدەنىيەت خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى قوللاش نىيىتى بار ئادەملەر بولسا سالقىن قانلىق بىلەن گەپنىڭ تېگىدىكى گەپنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرىدۇ! (M1)


---

«تيەنجىن ئاممىۋى مەدەنىيەت گېزىتى» 145 - سانىدىن ئىسمائىل ئىبراھىم تەرجىمىسى سۇلۇ شياڭشىن فوتوسى

## سادا

لەزىمەت

ئەنۋەر ئابدۇھېلىم فوتوسى



《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1996 ـ يىل 3 ـ سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)


主管：新疆维吾尔自治区文化厅

主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆

编辑：《新疆文化》杂志编辑部

地址：乌鲁木齐市新华南路11号

邮编：830002 电话：2823622

印刷：新疆《工人时报》印刷厂

发行：乌鲁木齐市邮局

订阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى 2823622

باسقۇچى: شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى» باسما زاۋۇتى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ


مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：GN65—1073/1

本刊代号：58—22 定价：3元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65 —1073 /1

ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 3 يۈەن



شەپەق تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان فوتوسى